
قۇتۇپ يۇلتۇزى مەجمۇئەسى



تالى ئەكبەر

# قىز قەلبىدىكى سۆز

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

تالى ئەكبەر

# قىز قەلبىدىكى سۆز

(پوۋېست - ھېكايىلەر)

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: زەينەپ مۇسا
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد

«قۇتۇپ يۇلتۇزى» مەجمۇئەسى

# قىز قەلبىدىكى سۆز

(پوۋېست - ھېكايىلەر)

## تالى ئەكبەر

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خۇڭتۇ باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 6.75
2004 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 5171 — 7
سانى: 1—3000
باھاسى: 10.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە


قىز قەلبىدىكى سۆز (پوۋېست) ............................ 1

ياۋا كەپتەر ............................................ 118

داستىخان ئۈستىدىكى ماجىرا ............................. 138

ئارمان ................................................ 163

سېھىرلىك كۈيلەر ....................................... 190

# قىز قەلبىدىكى سۆز

(پوۋېست)

## بىرىنچى باب

### ئۈچرىشىش

«بىر كۆرۈپ ھەسرەتتە قالدىم،
ئول پەرى رۇخسارىنى.
ئىككى كۆرسەم دەپ تىلەيمەن.
كۆزلىرى خۇمارىنى»
— ئەلىشىر نەۋائى

خۇشاللىق ئىنسان روھىنى ھاياجان قايىنىمىدا ئىختىيارسىز چۆمۈلدۈرىدىغان بىر خىل روھىي مەدەت بولسا كېرەك.

ئۇنداقتا، بۈگۈن ئېرشاتنى شۇنچە خۇشاللىققا چۆمۈلدۈرگەن نەرسە زادى نېمىدۇر؟

ئۇ يېرىم ئېچىلىپ تۇرغان دەرۋازىدىن ۋېلىسىپىتنى جىرىڭلاتقان پېتى ھويلىغا كىرىپ، ۋېلىسىپىتتىن چۈشتى ـ دە، كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىپ، ھويلىنىڭ سالقىن ھاۋاسىدىن ئەركىن نەپەس ئالدى. قولياغلىقى بىلەن تەرلىگەن پېشانىسىنى

سورتۇپ ئەتراپقا كۆز تاشلىدى. ھويلا - ئارام جىمجىت ئىدى. شەرققە قارىتىپ سېلىنغان ئىككى ئېغىز پېشايۋانلىق كونا ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگىچە ياماشقان ئۈزۈم باراڭلىرى، كەڭ يېيىلغان يېشىل تاۋاردەك يېنىك تەۋرىنىپ تۇراتتى. ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدىكى باغقا تۇتىشىپ كېتىدىغان ھويلىدىكى رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ۋە باغدىكى ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل…قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر كىشىگە ئاجايىپ ھۇزۇر ئاتا قىلاتتى. ئېرشاتنىڭ بىر جۈپ قارا كۆزى «ئۆز ھۇجرام» دەپ كۆڭۈلدىكىدەك ياسىۋالغان ھۇجرىسىغا تىكىلگەنىدى. كۈنگەيگە قاراپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ ئىككى ئېغىزلىق پېشايۋانلىق ئۆي، ئۇنىڭ قەلبىدىكى خۇشاللىققا يەنە بىر خۇشاللىق قوشۇپ، ۋۇجۇدىنى تېخىمۇ ھاياجانغا سالدى. ئۇ ئۆزىنى باسالماي «ھا…يت!» دەپ بىر سەكرەپ ئېگىز باراڭدا ساڭگىلاپ تۇرغان بىر ساپ ئۈزۈمنى ئۈزۈۋېلىپ ھەييارلىق بىلەن ئاغزىغا بىر تال - بىر تالدىن تاشلاپ ۋاچىلدىتىپ يېيىشكە باشلىدى. ئۈزۈم ئەمدىلا مارجاندەك بولغاچقا، ھەدېگەندىلا ئۇنىڭ تىلىنى قورۇپ، ئاچچىق سۈيى تامىقىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىدىكى ئۈزۈمنى گۈللەر ئارىسىغا تاشلىۋەتتى. ئۇ يەنىلا ئىشىكى قۇلۇپلاقلىق تۇرغان ئۆز ھۇجرىسىغا قاراپ پىچىرلاشقا باشلىدى: «بۇ ئۆيلەرنىڭمۇ ئاۋات بولىدىغان كۈنلىرى بولارمۇ - ھە؟ ھەي سۆيۈملۈكۈم، سىزنى بۇ ھۇجرامغا قاچانمۇ ئەكېلىۋالارمەن. بۈگۈنكى ماقۇل دېگەن جاۋابىڭىز جېنىمغا جان قوشتى. خۇدا! مۇرادىمغا تېزرەك يەتكۈزگەيسەن.»

ئۇ ھويلىدا ئۇيان - بۇيان چۆرگىلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ يادىغا تۇيۇقسىز بىر ئىش كېلىپ: «توغرا، شەھەرنىڭ ئارتىسلىرى بۈگۈن ناھىيىنىڭ قىشلىق كۇلۇبىدا ئويۇن كۆرسىتىدۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغانىدىم. بايام ئايىمغا بۇ گەپنى قىلىشنى ئۇنتۇپتىمەن. بەلكىم ئۇمۇ بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەس…يەنە

بىر ئۇچرىشىپ قالسام ئەجەب ئەمەس. ھازىر ماڭسام دەل بارد-
مەن.» ئۇ ئالدىراپ چاپىنىنى كىيىپ، ۋېلسىپىتنى يېتىلەپ
ئەمدىلا بىر قەدەم مېڭىشىغا، دەرۋازا تاراقشىپ:

— چا…ۋ! چا…ۋ مەرەز! — دېگەن زىل ۋە ئاجىز ئاۋاز
ئۇنى توختاتتى. گۆھەرخان ئانا بىر قولىدا بىر چېلەك سۇ، بىر
قولىدا موزاينىڭ بويۇنچىقىنى تۇتۇپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى.
موزاي ئۇنىڭ ماغدۇرسىز قوللىرىغا بوي بەرمەي ئۇنى ئۇيان -
بۇيان سۆرەپ ئوبدانلا چارچىتىپ قويغانىدى. ئېرشات دەرھال
ۋېلسىپىتنى جايىغا توختىتىپ قويۇپ، ئاپىسىنىڭ يېنىغا كەل-
دى. گۆھەرخان ئانا قولىدىكى بىر چېلەك سۇنى پېشايۋاندىكى
ئوچاق بېشىغا دوقىدە قويۇپ، ئاندىن بېشىدىن چۈشۈپ قالاي
دەپ قالغان باش ياغلىقىنى تۈزەپ تەرلىگەن پېشانىسىنى لۆڭگە
بىلەن سۈرتۈشكە باشلىدى. ئېرشات ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇلا-
يىملىق بىلەن:

— گەپ قىلمايسەنغۇ ئاپا، يەنە ماڭا ئاچچىقلاپ
قالدىڭما؟ — دېدى.

— «ياخشى ئات ئۆزىگە قامچا تەگكۈزمەيدۇ» دېگەن گەپ
بار بالام، گەپ قىلساق ئاڭلىمايسەن. مېنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىم
ساڭا ئايانغۇ؟ مېنىڭدىن گەپ سوراپ نېمە قىلاتتىڭ؟ — دېدى ئانا
چىرايىنىمۇ ئاچماي. ئېرشات مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، پېشايۋان
سۈپىسىغا سېلىنغان كىگىز ئۈستىگە چىقىپ تامغا يۆلىنىپ ئول-
تۇردى. گۆھەرخان ئانا بۇ ئارزۇلۇق ئوغلىنى بەكمۇ ياخشى
كۆرگەچكە، ھەرقانچە كەمچىلىك ئۆتكۈزسىمۇ ئۇنى زادىلا تىللى-
مايتتى. ئۇ ئوغلىغا چاي دەملىگەچ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئەتىگەن داداڭ سېنىڭ بۇگۈنمۇ ئىشقا بارمىغانلىقىڭنى
ئاڭلاپ بىر مۇنچە قايناپ كەتتى: «ئۇ بالا خېلى كۈنلەر بولدى
ياكى ئۆيىنىڭ، ياكى تەشكىلىنىڭ ئىشلىرى بىلەن كارى بولمايۋاتىد-
دۇ، ئاكىسى بولسا ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ بىزگە

قارىغۇدەك ۋاقتى يوق. سىڭلىسى بولسا، ئەتىگەن كېتىپ، كەچ-
تە كېلىپ ئوقۇۋاتسا... بىز بولساق كۆچ - قۇۋۋەتتىن ئايرىلىپ
قالغانلار تۇرساق، قۇربان ھېيت قىستاپ كېلىۋاتىدۇ. يازنىڭ
يېزىدا تېرىيدىغاننى تېرىپ، يىغىدىغاننى يىغىپ ئالمىساق بولما-
دۇ. مەن بۇگۇن ئۇنىڭ نەگە بېرىپ، نېمە ئىش قىلىپ يۈرگەن-
لىكىنى بىلىپ كەلمىگۈچە خاتىرجەم بولمايمەن!» دەپ سېنى
ئىزدەپ چىقىپ كەتكەنچە ھازىرغىچە كەلمىدى. بايىلا ئەترەت
باشلىقى زۇنۇنئاخۇن كېلىپ: «سىلەر ئېرشاتقا تەربىيە بەرسەڭ-
لار بولاتتى. بۇ بالا تېخى ياش زەربىدارلار گۇرۇپپىسىنىڭ بىر
ئەزاسى. يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىن، خۇددى يوگەن-
سىز تايچاقنىڭ ئۆزىلا بولۇۋالدى... ئاڭلىسام پات يېقىندا يوغان
قازان چېقىلىدىكەن... دېگەن گەپلەر بار، ئۇنداق بول-
سىغۇ... ئوبدان بولاتتى...» دەپ بىر مۇنچە سۆزلەپ كەتتى.
ئۇنىڭ «يوغان قازان چېقىلىدىكەن» دېگەن گېپى قانداق گەپكىن
بىلمىدىم، سوراشتىن خىجىل بولدۇم، — دېدى ئانا.

— يەرلەرنى دېھقانلارغا ھۆددىگە بېرىۋېتىدۇ دېگەن گەپ
ئاپا!

— ھە، مۇنداق دېگىنە، بۇ بىر خۇش خەۋەر ئىكەن...

— سەن نېمە دېدىڭ؟

— مەن نېمە دەيتتىم بالام: «نەچچە كۈن بولدى ئۇ تايچى-
قىمنىڭ مىجەزى يوق، بۇگۇن بەلكىم بازاردىن يېڭى ئورغاق
سېتىۋالغىلى كەتتىمىكىن...» دەپ يولغا سالدىم شۇ...

— ھا، ھا، ھا! ئاپا سەنزە... گەپ قىلىشقا تازىمۇ
ئۇستىدە!...

گۆھەرخان ئانا چاي دەملەپ جوزىغا قويدى، ئۆزىمۇ چاي
ئىچكەچ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مۇشۇ چوڭ ئائىلىنىڭ بارلىق ئىشلىرى ساڭىلا قاراشلىق
بالام...

— بولدى، بولدى بىلىمەن ئاپا، مېنىمۇ بىكار يۈرۈيدۇ دەمسەن؟ — دېدى ئېرشات مەنىلىك كۈلۈپ تۇرۇپ.

گۆھەرخان ئانا ئوغلىنىڭ بۇ گېپىگە قىزىقىپ قالدى:

— نەچچە كۈنلەردىن بېرى قاپىقىڭ ئېچىلماي غەمكىنلا كۆرۈنەتتىڭ، بۈگۈن چىرايىڭدىن كۈلكە يېغىپلا قاپتىغۇ بالام؟ كۆڭلۈڭدە بىرەر خۇشاللىق گۈلى ئېچىلغانمۇ قانداق؟...

ئېرشات بۇ گەپنىڭ تېگىگە دەرھال يەتتى - دە، مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلماي چېيىنى ئىلدام ئىچىۋەردى. گۆھەرخان ئانىنىڭ تورلاشقان كىچىككىنە نۇرسىز كۆزلىرى قامەتلىك ئوغلىنىڭ چىرايىغا چەكسىز مېھرىبانلىق بىلەن تەلمۈرۈپ تىكىلەتتى. لېكىن ئېرشات دادىسى ئېلاخۇن ئاكىنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ پات - پات دەرۋازا تەرەپكە قاراپ قويۇپ چېيىنى ئىلدام ئىچەتتى.

— چېيىڭنى ئالدىرىماي ئىچ بالام، نېمىگە ئالدىرايسەن؟ — دېدى ئانا.

— ئاپا، سىرتتا مۇھىم ئىشىم بار، ھازىر بارىمەندە، قايتىمەن.

— ھەرقانچە مۇھىم ئىشىڭ بولسىمۇ بىردەم ئولتۇرغىن بالام. مۇڭدىشايلى، — دېدى ئانا ئۇنىڭ چىنىسىگە يەنە چاي قويۇۋېتىپ، — دېمىسەممۇ بولمايدىغان يېرىگە كەلدى بالام، بىزمۇ قارلىغاچ بالىلىرىنى ئۇچۇم قىلىپ خاتىرجەم بولغىنىدەك، سىلەرنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ بولۇپ كۆزىمىز يۇمۇلسا ئارمىنىمىز يوق ئىدى، جېنىم بالام. داداڭمۇ ياشىنىپ قالدى. مەنمۇ ئۆرە يۈرگىنىم بىلەن كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىپ بارىمەن، — گۆھەرخان ئانا كۆزىگە لىق ياش ئالدى.

— كۆڭلۈڭنى بۇزما ئاپا، سەن دېمىسەڭمۇ مەن بىلىمەن!

— ئاخشام داداڭغا: «تۇغقانلارنىڭ ئىچىدىمۇ خويمۇ ئوبدان قىزلار بارغۇ؟ بىرەرىگە ئەۋەتىپ كۆرسەك بولما-

دۇ؟» دېسەم، داداڭ: «تۇغقانلار قىزىمىزنى سىلىگە بېرىمىز
دەۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە: بۇ بالىمىز بىزنىڭ گېپىد-
مىزگە كىرمەيدۇ، ئەتىگەندە شەيتانچاقنى مىنىپ ئۆيدىن چىقىپ
كەتسە، يېرىم كېچىدە ئاندىن پەيدا بولىدۇ. بۇ بالىمىز قانداق
بالا بولۇپ قالدىكىنتاڭ...دەپ قويىمەن» دەپ بىر مۇنچە كايىپ
كەتتى، — گۆھەرخان ئانىنىڭ سۆزى دەل شۇ يەرگە كەلگىنىدە،
يىراقتىن پادىچىنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ بالىسىنى سېغىنغان سى-
يىرلار بىلەن، ئانىسىنى سېغىنغان موزايلارنىڭ مۆرىگەن ئاۋاز-
لىرى بۇ خىلۋەت سەھرا بوشلۇقىدا ياڭراپ كەتتى. ئانا - بالا
ئىككىسىنىڭ دىققىتى مال - ۋارانغا بۆلۈندى.

— ئاپا، — دېدى ئېرشات ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۇ گەپلەرنى
كېيىن قىلىشايلى، مەن كالىنى ھەيدەپ كىرەي...

ئېرشات تالاغا چىقىشىغا تاغىل كالا دەردىنى ئېيتماقچى
بولغاندەك بوش ئاۋازدا مۆرەپ: «مۇڭگۈزۈمنى كۆردۈڭمۇ؟»
دەپ يىغلاپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. دېمەك كالىنىڭ مۇڭگۈزى-
دىن قان ئېقىۋاتاتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن ئېرشاتنىڭ ئاچچىقى
كېلىپ پادىچىغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— ھەي ساراڭ تاز! بۇ بىچارە كالىنى نېمانچە
ئۇردۇڭ — ھە؟! ...

پادىچى بىلەن ئېرشات بىر مەھەللىدە چوڭ بولغاچقا، بەزىدە
بىر - بىرىگە ئېغىر چاقچاقلارنىمۇ قىلىشاتتى. شۇڭا پادىچىمۇ
گەپتە بوش كەلمەي ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

— گېپىمىزنى ئاڭلىمىغاندىكىن كالتەك يېدى شۇ! — دەپ
كۈلدى.

— ھايۋانمۇ سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلامدۇ؟

— ۋاھ نېمىشقا ئاڭلىمايدىكەن؟ ئۆزۈڭ بىلىسەن، مېنىڭ
بالا ۋاقتىمدىن تارتىپ تەجرىبىلىك «پادىچى» ئىكەنلىكىمنى. بۇ
مەھەللىدە لەقىمى يوق ئادەم يوق، شۇڭلاشقا كىمنىڭ لەقىمىنى

ۋارقىرىسام شۇ كىشىنىڭ كالىسى ماڭغان يولىدىن توختاپ كەيـ-
نىگە يانىدۇ، كەينىگە يانمىغانلىرى ئۆلگۈدەك تاياق يەيدۇ
شۇ! ...

ئېرشاتنىڭ ئاچچىقى تېخىمۇ ئۆرلىدى:

— ئەنە شۇنداقلىقىڭدىن تاپقىنىڭ تىزىڭدىن ئاشماي تېخىچە
يالاڭ ئاياغ يۈرۈيسەن تاز!

— مېنى «يالاڭ ئاياغ» دېمە ئاداش، ئاڭلىسام ھۆكۈمەت
پات يېقىندا يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىشۈيتىدىكەن. مانا ئۇ چاغدا
كالاڭنى قۇرۇق نومۇرغا باقماي، نەق پۇلغا باقىمەن جۇمۇ، نەق
پۇلغا! ۋاھ، ئۇ چاغدا كۆرۈپ قالارسەن، ماۋۇ يالاڭ پۇتۇم ئۆتۈك
كىيىدۇ، ماۋۇ تاقىر بېشىمغا چاچمۇ چىقىدۇ تېخى! ...

پادىچى شۇنداق دېگەنچە توپىلىق يولدا مەغرۇر قەدەم تاشلاپ
كېتىپ قالدى. ئېرشات ئاچچىقىنى تەسلىكتە بېسىۋېلىپ، تاغىل
كالىنى ھويلىغا ھەيدەپ كىرىپ، ئۇنىڭ قانغا بويالغان باشلىرىنى
پاكىز يۇيۇپ ئاندىن پارچە رەختلەر بىلەن كالىنىڭ مۈڭگۈزىنى
تېڭىپ قويدى. بۇ چاغدا گۆھەرخان ئانا ساراي ئۆيگە كىرىپ ناماز
ئوقۇۋاتاتتى. ئېرشات بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھويلىدىن غايىب
بولدى.

گۆھەرخان ئانا كۆڭلىدە قالغان گەپلىرىنى ئوغلىغا دېيىش
ئۈچۈن ھويلىغا چىققاندا، ئانىسىغا تەلمۈرۈپ تۇرغان موزاي بىـ-
لەن تاغىل كالىدىن باشقا جان كۆرۈنمىدى...

ئېرشات ۋېلىسىپىتنى بارغانچە ئىتتىك ھەيدەشكە باشلىدى.
ئۇنىڭ كۆكرىكىگە ئۇرۇلغان سالقىن شامال، كۆڭلىكىنى شار-
دەك كۆپتۈرۈۋەتتى. تاشيولدا ئۇيان - بۇيان كېتىۋاتقان كىشىلەر
ئۇنىڭغا قىزىقىپ قاراپ قوياتتى. دەل شۇ چاغدا:

— ھەي! بالام، كەچ بولغاندا يەنە نەگە ماڭدىڭ؟ ماڭە ئۆيگە
قايت! — دېگەن بوم ئاۋاز ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئېلاخۇن ئاكا بىر
توپ ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئېرشات دۇدۇقلىـ-

غىنىچە ۋېلسىپىتنىڭ بېشىنى ئۆي تەرەپكە بۇرىدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ دادىسىدىن تىل ئاڭلىماسلىق ئۇچۇن ھەدەپ ئۆي ئىشلىرى بىلەن پايپېتەك بولۇپ كەتتى.

بۇ چاغدا گۆھەرخان ئانا كالىنى سېغىپ بولۇپ، موزىينى يېشىۋاتاتتى. مىنۇت ئۆتمەي ئېلاخۇن ئاكىمۇ ھويلىغا كىرىپ كەلدى.

— خوش، كەپتۇلا دادىسى! — دېدى گۆھەرخان ئانا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ.

ئېلاخۇن ئاكا پوتىسىنى يېشىپ، پوتىغا يۆگەلگەن بىر كە-لودەك گۆشنى گۆھەرخان ئانىغا سۇنۇپ:

— ھەي... ئېرشات ئۆيگە كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، ئۇ كالىغا چۆپ ئورۇغىلى باغقا كىرىپ كەتتى.

ئېلاخۇن ئاكا چاپانلىرىنى يېشىپ سۇپىغا چىقىپ ئولتۇر-دى:

— مەن بۇگۇن ئۇنىڭ بىر ئاغىنىسىدىن بىر يېڭى خەۋەر ئاڭلاپ كەلدىم.

— ھە، نېمە خەۋەر؟ — سورىدى گۆھەرخان ئانا گەپكە قىزى-قىپ . دەل شۇ چاغدا دەرۋازىنى تاراقلىتىپ ھويلىغا قەمەر كىرىپ كەلدى. ئاتا ـ ئانا ئىككىسىنىڭ دىققىتى ئۇنىڭغا بۆلۈن-دى.

— ئوھۇ! مېنىڭ كادىر قىزىم كەپتىغۇ، — دېدى ئانا قىزىغا زوقلىنىپ.

— دادا، ئاپا، بۇنىڭدىن كېيىن ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغان بولدۇق، ھەر كۈنى شۇنچە سەھەر ماڭسامۇ يېرىم سائەت كېچى-كىپ قېلىۋاتىمەن.

— بوپتۇ بالام، — دېدى ئاتا ـ ئانا ئىككىسى تەڭلا. قەمەر خۇشال ھالدا ساراي ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئېلاخۇن ئاكا يانچۇقى-دىن ناسۋال قاپىقىنى ئېلىپ، بىر كاپام ئېتىۋەتتى.

— ھە، سۆزلىگەچ تۇراي، بايامقى گەپنىڭ ئاخىرىنى، — دېدى ئېلاخۇن ئاكا، — ئۇ...بالىمىز مۇشۇ ناھىيە ئەتراپىدا بىر قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇدەك.

— ھە، كىمنىڭ قىزى ئىكەن؟ — سورىدى ئانا تاقەتسىزلىنىپ.

ئېلاخۇن ئاكا كەكە ساقىلىنى بارمىقى بىلەن تاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئۇ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەدىم. ئاڭلىسام ئىسمى «ئايىم» ئىكەن.

— ئايىم؟

— ھەئە، ئۇ قىزغىمۇ خېلى - خېلى يەرلەردىن ئەلچىلەر كەپتۇدەك، لېكىن قىز ئۇنىماپتۇدەك. قارىماققا خېلى ئابرۇيلۇق ئائىلىنىڭ قىزى بولسا كېرەك.

بۇ گەپلەرنى قەمەر ئاڭلاپ قالغانىدى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ:

— كىمنىڭ قىزىكەن ئاپا؟ مەن ناھىيىدە ئوقۇۋاتقاندىكىن تونۇشۇم مۇمكىن، — دېدى.

— ماڭە، ماڭە بالام، قىز بالا دېگەن مۇنداق گەپلەرگە قۇلاق سالمايدىغان، ماڭە داداڭ گۆش ئەكەپتۇ، كەچ بولسىمۇ تاماق ئەت.

— ئىم...دەپ بەرمىسەڭ ئەتمەيمەن.

قەمەر بۇ ئائىلىدە يالغۇز، ئارزۇلۇق قىز بولغاچقا، بەك ئەركە ئىدى، شۇڭا ئۇنى ئىشقا بۇيرۇسا ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئەركىلەپ، ئاندىن قىلاتتى. ئۇ گەپكە قۇلاق سالغاچ كۆكتات ئاقلاشقا باشلىدى.

— شۇنداق قىلىپ بۇ ئىشنى قانداق قىلىمىز دەيدىلا؟ — دېدى ئانا.

— مېنىڭچە ئالدى بىلەن ئۇ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ كىملىكىنى ئوبدان سۈرۈشتۈرۈپ، ئاندىن ماناپ بوۋاينى ئەلچى-

لىككە ئەۋەتىپ كۆرسەكمىكىن دەيمەن. ئۇ ئادەم بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن جەزمەن چىقالايدۇ. بۇ ئەتراپتا ماناپ بوۋايدىن ئارتۇق ئـابرۇيلۇق ئـادەم يـوق. شۇڭـا گېپىنـى يىرالماس دەپ ئويلايمەن.

— ناھايىتى ئەتراپلىق ئويلاپتىلا دادىسى، ۋاقتى ئۆتكەن ئىشنىڭ چاتىقى تولا. كونىلار: «سەۋەب قىل، تەلەپ قىل» دەپتىكەن، شۇڭا بۇ ئىشقا تېزراق سەۋەب قىلىپ كۆرەيلى. بۇ ئۆيگە بىر ياخشى كېلىن كېلىپ ماڭا ھەمراھ بولمىسا مەن بەكمۇ يالغۇزلۇق تارتىپ قېلىۋاتىمەن... — گۆھەرخان ئانا ئاخىرقى سۆزىنى قىلىپ كۆزىگە لىق ياش ئالدى.

— ئاپا، ئاكام خېلى ۋاقىتتىن بېرى خىيالچان بولۇپ كەتتى، قايسى كۈنى باغقا كىرسەم ھېلىقى قېرى ئۆرۈك دەرىخىگە ياسىۋالغان كەپىسىدە ئوڭدا يېتىپ ئۆز ـ ئۆزىگە بىر نېمىلەرنى دەۋېتىپتىكەن. مەن ئاكامغا: «ئاكا! كەچ كىرگەندە جىنلار بىلەن مۇڭدىشىۋاتامسەن؟» دېسەم، ئۇ چۆچۈپ كەتتى: «ھەي شەيتان، مېنىڭ جىنلار بىلەن مۇڭدىشىدىغانلىقىمنى كۆرگەنمىدىڭ؟» دەپ ۋارقىراپ كەتتى...

ئۇچەيلەن تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئۇ باغقا كىرىپ كەتكەن، يەنە شۇ ئۆرۈكنىڭ ئۇچىدا جۆيلۈۋاتامدىكىن، — دېدى ئانا.

— مەن قاراپ باقاي، — دېدى قەمەر قىلىۋاتقان ئىشنى تاشلاپ. ئۇ ئاكىسىنىڭ نەق ئاشۇ ئۆرۈك ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى پەملەپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئاستا كەلدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ پىچىرلاشلىرىغا قۇلاق سالغان بولسىمۇ، ئېنىق ئاڭلىيالمىدى. ئۇ ئۆرۈك قاقىدىغان ئۇزۇن چەڭزىنى ئېلىپ، شاخلار ئارىسىدىن تۈيدۈرماستىن ئاكىسىنىڭ بىقىنىغا بىرنى سانجىدى. ئېرشات چۆچۈپ خۇددى ئوق تەگكەن كېيىكتەك سەكرەپ كەتتى. ئۆرۈك شاخلىرى قاتتىق ئىرغاڭشىپ، ئۆرۈكلەر قەمەرنىڭ بېشىغا چال-

مىدەك تېگىشكە باشلىدى. قەمەر بالىلىق چېغىدىن تارتىپلا ئاكىسى بىلەن چېقىشىشقا ئامراق ئىدى، هازىرمۇ يېشى چوڭىيىپ، ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان بولسىمۇ يەنىلا بالىلىق مىجەزىنى تاشلىمىغانىدى. ئۇ قولىدىكى چەكزىنى تاشلاپ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئارقىغا داجىدى. بۇ چاغدا ئۆرۈك شېخى قاتتىق سىلكىنگەنلىكتىن تۇيۇقسىز «قارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئېرشاتمۇ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ ياندپاشلىرىنى سىلىغىنىچە: «ۋايجان!» دەۋەتتى. ئۇ ئۆرۈك شاخلىرى ئارىسىدا تولغىنىپ قەمەرگە كايىشقا باشلىدى:

— قارا سېنى، يەنە كۈلۈۋاتىسەنغۇ؟ ۋايجان، ۋايجان...

قەمەر بىردەم كۈلەتتى، بىردەم قورقۇپ ئاكىسىدىن كەچۈرۈم سورايتتى. ئېرشات ئۆرۈك شاخلىرى ئارىسىدىن ئاستا چىقىپ ئۆزىنى بىر قۇر دەڭسەپ كۆردى. ئېغىر زەخىملەنمىگەنلىكىنى بايقاپ كۆڭلى بىر ئاز تىنچلانغانىدى. ئۇ ئۆرۈكنىڭ ئۇچىغا قاراپ ئىچى سىيرىلغان هالدا: «هەي بىچارە ئۆرۈك، ۋاقىتسىز قىرىپ قاپتىكەنسەن، دادام سېنى خۇددى بىزنى باققاندەك پەرۋىش قىلغانىدى. دادام سېنى تىككەن چاغدا، مەن ‹بۇ ئۆرۈك قاچان پىشىدۇ؟›، دەپ سورىغانىدىم. بىراق سەن ئۆزۈڭنىڭ بارماي ئۆزۈڭنىڭ تاتلىق مېۋەڭ بىلەن بىزنى خۇش قىلدىڭ. مانا بۈگۈن سېنى بىر چوڭ شېخىڭدىن ئايرىپ سېنى سەتلەشتۈرۈپ قويدۇق. بىزنى كەچۈر... ئىسىت ئاسمانغا قويۇۋالغان كارىۋىتىم...»

ئۇ ئېچىنغان هالدا ئۆرۈكنىڭ سۇنۇپ كەتكەن شېخىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يەنىلا قەمەرگە ئاچچىقلاندى:

— هەممىنى قىلغان سەن شەيتان!

— ئاكا! مېنى خاتا ئەيىبلەۋەرمە، هەممىنى قىلغان ئاشۇ ناهىيىدىكى هەدەم. سەن شۇ هەدەمنى ئۆيلىمىغان بولساڭ كەچكىرگەندە ئۆرۈكنىڭ ئۇچىدا نېمىش قىلاتتىڭ؟

— بولدى يوقىلاڭ گەپنى قىلما، جان ئاغرىپ تۇرغاندا.

— سەن يوشۇرغان بىلەن مەن ھەممىنى بىلىمەن. مەن ئەتىلا ئۇ ھەدەمنى ئىزدەپ تونۇشۇۋالىمەن. داداملارمۇ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولۇشۇۋاتىدۇ.

— راستما؟

— راست.

ئېرشات بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر ئاز تېتىكلىشىپ قالدى:

— قەمەر، — دېدى ئۇ ئارقىسىغا بىر قاراپ قويۇپ، — ھېلىمۇ ياخشى بۇ ئۆرۈكنىڭ قاراسلاپ سۇنغان ئاۋازىنى داداملار ئاڭلىمىغاندەك قىلىدۇ. مەن ئاستا ئۆز ئورنۇمغا كىرىپ دەم ئالاي. سەن ماڭا ئازراق تاماق ئەكىرىپ بەر، بولامدۇ؟

— بىراق، بۇ ئىشنى داداملارغا نېمە دەيمىز؟

— نېمە دەيتتۇق، ئاخشام چىققان بىردەملىك بوران دەردىنى مۇشۇ ئۆرۈكتىن ئاپتۇ، دەپ قويىمىز شۇ…

— پاھ، سەنزە گەپ تېپىشقا بەك ئۇستا جۇمۇ…

ئېرشات ئاستا قەدەم تاشلاپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ بەدەنلىرىنى كۆرۈش ئۇچۇن چىراغ ياقتى. تاشقى جەھەتتىن ئانچە زەخىملەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يېڭى كۆڭلىكى بىلەن بۇرۇل-كىسىنىڭ ئازراق يېرى يىرتىلىپ قالغىنىغا ئېچىندى… ئۇ تامىقىنى يەپ بولدى. ئۇنىڭ كۆزى چىراغقا تىكىلدى. چىراغ تۇۋىدە پەرۋانە ۋە باشقا ھاشاراتلار كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ لامپىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ئاندىن دېرىزە قاپقىقىنى كەڭ ئېچىۋەتتى. دالىنىڭ سالقىن ھاۋاسى ئۇنىڭغا تېخىمۇ راھەت بېغىشلىغاندەك قىلاتتى. ئاينىڭ كۈمۈش لېنتىدەك يورۇقى ئۇ-زۇم بارىڭى ئارىسىدىن ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى.

ئېرشاتنىڭ ئۆز ئالدىغا يەنىلا ئاينىڭ مۇلايىم ئوبرازى نامايان بولدى. ئۇ يەنىلا ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەيتتى: «بۇ قىزنىڭ ئوتى نېمىدېگەن يامان - ھە؟ يۈرىكىم خۇددى ئوتتا كۆيگەندەك

ئېچىشىۋاتىدۇ… تارىختا ئۆتكەن ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ يۈرىكى
ھەرقانچە كۆيسە، مېنىڭ يۈرىكىمدەك كۆيگەندۇر ـ ھە؟ ئۇنىڭ
بىلەن يەنە بىر ئۇچرىشىپ قالسام بولاتتى…»

دەل شۇ پەيتتە ئايىمنىڭمۇ ئۇيقۇسى كەلمەي خىيالى
يىراقلارغا پەرۋاز قىلاتتى. ئۇ ئاپئاق بىلەكلىرىنى يوتقاندىن
چىقىرىپ دېرىزە پەردىسىدىن چۈشۈۋاتقان ئاي شولىسىغا قاراپ
ياتاتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۇخلاشقا زورلاپ يوتقاننى بېشىغا ئوراپ
باقتى. لېكىن يەنىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى. يەنىلا ئۆز تەقدىرى
ھەققىدە ئويغا چۆكۈپ كېتەتتى…

ئايىم بۇ كەڭ ۋە ئازادە ئۆيدە ئەركىن چوڭ بولغان قىز.
ئەمدى بويىغا يېتىپ يات بىر ئەرگە تېگىپ كېتىدىغانلىقىنى،
كىچىكىدىن ئارزۇلاپ باققان سۆيۈملۈك ئاتا ـ ئانىسىدىن يىراق-
لىشىپ، ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىدىن ئايرىلىش ۋاقتى يېقىنلاپ
كەلگەنلىكىنى ئويلاپ كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى. لېكىن كىم-
دۇر بىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ: «تەقدىرگە تەن بەر. بۇ
بىر قانۇنىيەت، خۇشال بولۇشۇڭ كېرەك» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.
ئۇ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، دېرىزە قاپقىقىنى كەڭ ئېچىۋەتتى.
كېچىنىڭ سالقىن شامىلى تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ گۈزەل
ھۆسنىگە ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇنى بىر قۇچاقلاپ ئۆتتى. ئاسمان
پەرىلىرى ئايىمنىڭ گۈزەل جامالى ۋە يېرىم يالىڭاچ ئاپئاق بەدەن-
لىرىنى كۆرۈپ تاماشا قىلىۋاتقاندەك كۆزلىرىنى قىسىپ تۇرات-
تى. بۇ كېچىنىڭ جىملىقىنى ئىشىك ئالدىدا شىلدىرلاپ ئېقىۋات-
قان سۇنىڭ ئاۋازىلا بۇزۇپ تۇراتتى.

ئايىم قانداقتۇر بىرەر كىشىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئىزا
تارتقاندەك دېرىزە قاپقىقىنى ياپتى ـ دە، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ
يەنە خىيال سۈرۈشكە باشلىدى… ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بۇندىن
بىر ـ ئىككى يىل بۇرۇن توي قىلىپ كەتكەن ساۋاقداشلىرىنىڭ
ئۆزگىرىپ كەتكەن چىرايلىرى نامايان بولاتتى، ئۇلارنىڭ بەزە-

لىرى تەقدىرنىڭ رەھىمسىز قىسمەتلىرىدىن نالە ـ پەرياد ئۇ-
رۇپ: «ئاداش، مېنىڭ ئەردىن بەختىم كەلمىدى. ئەر خەق
دېگەن ۋاپاسىز كېلىدىكەن، ئۇلارغا ھەرگىز ئالدىراپ كۆڭۈل
بەرمە!...» دەپ دەرد ئېيتسا، يەنە بەزەنلىرى تۇرمۇش سېخىيلىق
بىلەن ئادا قىلغان خۇشاللىقلاردىن شادلىنىپ: «تەڭرىگە شۈكۈر
ئاداش، قايناقسۇ ئىچسەكمۇ كۆڭلىمىز خۇش ئۆتۈۋاتىدۇ. ئىل-
لىق ئائىلە دېگەن بەئەينى جەننەت ئىكەن ـ جەننەت. تەڭرى
بىزگە بىر ئوماق پەرزەنت ئاتا قىلدى. بولۇپمۇ ئۆز بالاڭنىڭ
ئوماق ھەم تېتىك چوڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە بۇنىڭدىنمۇ
ئارتۇق شادلىق ۋە خۇشاللىق بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلاي-
مەن» دېگەنلىرى، يەنە بەزەنلىرىنىڭ: «ئاداش، بۇ ئەر ـ خوتۇن-
لۇق مۇناسىۋەت ياخشى بولسا شېرىن بولىدىكەن، يامان بولسا
بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولىدىكەن ـشۇ...» دېگەن گەپلىرى قۇلاق
تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك بولاتتى. مەن بەختلىك بولالار-
مەنمۇ ـ ھە؟ — دەيتتى كۆڭلىدە، — ئاشۇ جاپاكەش دادام بىلەن
كۆيۈمچان ئاپامدىن ئايرىلىپ قانداقمۇ چىدارمەن ـ ھە؟!
ئايىمنىڭ خىيالچان قارا كۆزلىرىدىن يەنە مارجاندەك سۈ-
زۈك ياشلار ئاستا ـ ئاستا سىرغىپ ئاق ياستۇققا تامچىلاشقا
باشلىدى. ئۇ ئاپئاق قوللىرىنى يوتقاندىن چىقىرىپ مەڭزىدىكى
ياش قالدۇقلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ: ماقۇل جاۋابنى بېرىپ بول-
دۇم، ئەمدى يەنە سىناشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. ئۇ مېنى
ھەقىقىي ياخشى كۆرمىسە ئالتە ئايدىن بېرى مېنىڭدىن زېرىكىپ
قالغان بولاتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلماسلىقىم كې-
رەك. ئۇ ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق يىگىتتەك كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ
ئەقىل ـ پاراستى بىلەن جەسۇر قامىتى تىلغا ئالغۇچىلىكى بار،
دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئايىمنىڭ كۆڭلى بىر ئاز تىنچ-
لانغاندەك بولۇپ مىسكىن قىياپىتى يوقىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۇ-
لۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى...

ئەتىسى كەچكە يېقىن ئېرشات چىرايلىق كىيىنىپ، ۋېلە-
سىپىت بىلەن ئۆدۆل ئايىمنىڭ مەھەللىسىگە قاراپ يول ئالدى.
ئۇ ھەش - پەش دېگۈچە ئايىمنىڭ مەھەللىسىگە كېلىپ قالدى.
ئەگەر كوچىغا چىقمىسا، بۇگۈنمۇ كەلگىنىم بىكار بولۇپ كېتەر-
مۇ - ھە؟… دېگەنلەرنى ئويلىدى - يۇ، بىراق ئۇ ھازىرلا ئايىم
بىلەن كۆرۈشۈپ قالىدىغاندەك تەنلىرى جۇغۇلداپ، يۈرەكلىرى
تېز - تېز سوقۇۋاتاتتى.
ئۇ ئايىمنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشقانسېرى، كۆزلىرى ئىنتىزار-
لىق بىلەن ئەتراپقا سەپسالاتتى. دەل شۇ چاغدا ئايىم ھويلىدىكى
گۈللەرگە سۇ قۇيماق بولۇپ بىر چېلەكنى كۆتۈرۈپ تالاغا چىق-
تى. مەجنۇنتال يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئىككى جۈپ كۆز
بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقىنىدا، ئايىمنىڭ يۈزلىرى لاپپىدە
ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشى-
دىن قورقۇپ، ئۆزىنى دەرھال دەرەخ كەينىگە يوشۇرۇپ تۇرۇپ
ئېرشاتقا قول ئىشارىتى بىلەن غەرب تەرەپكە كەتكەن كوچىنى
كۆرسىتىپ قويۇپ ئۆزى ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.
ئايىم بىر ئازدىن كېيىن چىرايلىق ياسىنىپ ئۆيدىن
چىقتى - دە، ئېرشاتنىڭ كەينىدىن كەتتى. ئېرشاتمۇ چوڭ
ساينىڭ بويىدىكى ئورمانلىقنى نىشانلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ئار-
قىسىغا پات - پات قاراپ قوياتتى. ئايىمنىڭ يۈگۈرۈپ دېگەندەك
مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك قىلاتتى:
«راستىنىلا ئايىمغۇ - ھە؟ ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ يوشۇرۇنۇ-
ۋالاي، قانداق قىلاركىن…» دەيتتى ئۇ كۆڭلىدىكى خۇشاللىقىنى
باسالماي.
ئايىم شالاڭ ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ، ساي بويىدىكى چوڭ بىر
تۈپ مەجنۇنتال يېنىغا كېلىپ توختىدى. مەجنۇنتالنىڭ يوپۇر-
ماقلىرى سالقىن شامالدا ئۇسسۇل ئويناپ، ئايىمنى قىزغىن
قارشى ئېلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇ مەجنۇنتال ئەتراپىنى بىر ئايلىنىۋېتىپ، شادلانغان هال-
دا، خۇددى يېشىل لېنتىغا سىرىق زەر باسقاندەك كۆركەم يوپۇر-
ماقلارغا قولىنى سوزۇپ «نېمانچە چىرايلىق بولۇپ
كەتتىڭ - هە؟…» دەۋەتتى. يوپۇرماقلار ئىككى ياشنىڭ ساپ
مۇهەببىتىنى تاماشا قىلىشقا ئالدىرىغاندەك ئايىمنىڭ مەڭزىگە
ئۆزىنى ئۇرۇپ، ئارقاڭغا قارا! دېگەندەك قىلاتتى.

ئايىم ئۆزىنى يوپۇرماقلار ئارىسىغا يوشۇرغان هالدا يەر تې-
گىدىن ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئۆزىگە ئىنتىزارلىق بىلەن قاراپ تۇر-
غان ئېرشاتنى كۆردى. ئۇنىڭ يۈزى يەنە هۆپپىدە قىزىرىپ
كەتتى - دە، ئۇيالغان هالدا يۈزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇردى. لېكىن
ئۇنىڭ يېقىملىق كۈلۈمسىرەشلىرى ئېرشاتقا چوڭ ئىشەنچ ۋە زور
ئۈمىد ئاتا قىلغانىدى. ئايىم بىر تال يوپۇرماقنى ئوينىاپ تۇرۇپ:

— سىز كېلەركى شەنبىدە كەلمەكچى ئىدىڭىزغۇ؟ — دېدى.

— بىر هەپتە ئەمەس، بىر سوتكا ئاران چىدىدىم. مەهەللى-
ڭىزگە قانداق كەلگەنلىكىمنى سەزمەي قالدىم. سىزنى كۆرۈپ
بەكمۇ خۇش بولۇپ كېتىۋاتىمەن… — دېدى ئېرشات هاياجىنىنى
ئاران بېسىپ.

ئايىم كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن بۇگۈن سىزنىڭ ماڭا هەقىقىي كۆڭلۈڭىزنىڭ بارلى-
قىغا ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن سىز بىلەن بۇ خالىي يەردە ئۇچرى-
شىپ تۇرۇۋاتىمەن. بۇگۈن چۈشتە ئاپاملارنىمۇ بۇ ئىشىمىزدىن
خەۋەرلەندۈرۈپ قويدۇم. ئۇلارمۇ رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. سىلەر-
نىڭ ئائىلىنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىشنى ئويلىشىۋېتىپتۇ، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئېرشاتنىڭ كۆزلىرى هاياجاندىن يوغان
ئېچىلىپ كەتتى ۋە:

— بۇ گەپلىرىڭىز راستما؟! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

ئايىمنىڭ مۇلايىم قىياپىتىگە سەلكىن شامالدا لەپىلدەپ
تۇرغان قىزىل ياغلىقى، ساغرىسىدىن ئېشىپ تۇرغان ئىككى

ئۆرۈم قارا چېچى تولىمۇ ياراشقانىدى. بىر چامدام ئارىلىقتىكى بۇ گۈزەل كۆرۈنۈش ئېرشاتنىڭ ياشلىق ھاياتىدىكى تۇنجى كۆرۈ-نۈش، ئۇنىڭ تىنىمسىز سوقۇۋاتقان يۈرىكى مۇھەببەت ئوتىدا تېخىمۇ كۆيۈۋاتقاندەك قىلاتتى. يۇمۇلماي قالغان لەۋلىرى ئىخ-تىيارسىز تىترەيتتى. ئۇ ئۆزىنى ئاران بېسىپ تۇرۇپ تىترەك ئاۋازدا:

— ئايىم، بۇ مېنىڭ چۈشۈم ئەمەستۇر - ھە؟ — دېدى.

ئايىم سەل تارتىنىپ تۇرۇپ:

— ياق، چۈشىڭىز ئەمەس... قاراڭ ساينىڭ سۈيىگە، ساي-نىڭ سۈيى ۋە بۇ ئەتراپىنىڭ مەنزىرىسى نېمىدېگەن گۈزەل، — دېدى ئايىم جاۋابەن، — مەن كىچىكىمدە دوستلىرىم بىلەن بۇ ساي بويىغا كېلىپ مارجانتاش تېرىپ ئوينايتتۇق، مەكتەپتىكى چاغلى-رىمدا مۇشۇ مەجنۇنتال تۈۋىدە ئولتۇرۇپ دەرس ئوقۇيتتىم، كىتاب كۆرەتتىم. تېخى بۇ مەجنۇنتالنى مېنىڭ بوۋام تىككەن ئىكەن. بۇنى ئاپام بىلەن دادام پەرۋىش قىلغان. مانا بۈگۈن بىز بۇ دەرەخ تۈۋىدە مۈگدىشىپ تۇرۇۋاتىمىز، بۇ يەر مەن ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك جاي بولۇپ قالدى.

ئېرشات شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ چېچىنى بىر - ئىككى قېتىم سىلىغۇەتكەندىن كېيىن ئەتراپقا كۆز تاشلىدى:

— ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەلبى گۈزەل بولغاچقا، ئانا يۇرتى-مىزنىڭ ھەممە يەرلىرى مانا مۇشۇنداق گۈزەل. بۇ جاي بۇ كېچە بىز ئۈچۈن ئۇنتۇلماس خاتىرە بولۇپ قالىدۇ، — دېدى.

تولۇن ئاي كۈمۈش نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ، بۇ كېچىنىڭ مەنزىرىسىگە ھۆسن قوشماقتا ئىدى. تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ، ئۈنچە - مارجان چېچىپ ئېقىۋاتقان مەرۋايىتتەك سۈزۈك سۇلارمۇ ئايدىن نۇر ئوغرىلاپ كۈمۈشتەك پارقىراپ ئاقات-تى. ساينىڭ سالقىن شامىلى ئىككى ياشنىڭ ساغلام تېنىگە ھۇزۇر بېغىشلاپ، شادلانغان ۋۇجۇدىنى تېخىمۇ تېتىكلەشتۈر-

مەكتە ئىدى.
— قاراڭە، سايىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دەرەخلەرگە، سۈدىدىكى ئاينىڭ شولىسىغا تەشنا بولغاندەك قارىشىپ تۇرغىنىنى، — دېدى ئايىم ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇراپ.
— شۇنداق، بۇ جاي ھەقىقەتەن گۈزەل ئىكەن. ئەگەر شائىر بولغان بولسام، قەلبىمدىكى مۇھەببىتىم بىلەن قوشۇپ بۇ كېچىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى راسا تەسۋىرلەپ شېئىر يازغان بولاتتىم، لېكىن ئامال قانچە...
— سىزمۇ شائىرلاردىن قېلىشمايسىز، — دېدى ئايىم قىزغىنلىق بىلەن، — دەسلەپ ماڭا يازغان خېتىڭىزنى ئويلىساملا سۆيۈنۈپ كېتىمەن، خېتىڭىزدىكى قوشاقلارغا قاراپ سىزنى خېلى ئوقۇغان يىگىت ئىكەن دەپ باھا بەرگەنىدىم.
— كۆپ ئوقۇيالمىغان، ئارانلا يەتتىنچى سىنىپ مەلۇماتىغا ئىگە بولالىدىم. بىز بىلەن ئوقۇغان بەزى بالىلار: «پاقا تېرەككە چىقالمىغاندەك، بىز دېھقان بالىلىرى قانچە ئوقۇساقمۇ بەرىبىر ئۇچىغا چىقالمايمىز، يەنىلا كېلىدىغان يېرىمىز كامونا» دەپ مەكتەپتىن چىقىشىپ، مانا ھازىر ساۋاتسىز پېتى قېلىشۋەردى.
— مېنىڭچە بۇ خىل كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۇمىدسىزلىك ئالامەتلىرى چىرمىۋالغان... ئادەم دېگەن پۇرسەت بولسىلا ئوقۇپ بىلىم ئىگىلىشى، بەختلىك ياشاش ئۈچۈن جاپالىق ئىزدىنىشى كېرەك، دەپ قارايمەن. مەن ئىككىمىزنىڭ كەلگۈسىمىز ھەققىدىمۇ كۆپ ئويلاندىم. كۆڭلۈمدە: بۇ جاھاندىن ھامان يالغۇز ئۆتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئاز - تولا ئوقۇغان ۋە ياخشى ئائىلىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان بىر يىگىت بىلەن مەڭگۈ بىللە بولسام، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلسام، دېگەن ئۈمىدتە ئىدىم. ئوقۇمىغانلار نادان، ئاڭسىز، كۆڭلى قارا كېلىدۇ. ئۇنداقلار ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىللىق ئائىلىسىنىمۇ ئەرزىمەس ئىشلار تۈپەيلى ۋەيران قىلىپ سەبىي بالىلارغا ئۇۋال قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئاتا -

ئانىسىدىن تىرىك ئايرىلغان بەختسىز سەبىيلەرنى كۆرسەم، ئىخ-تىيارسىز ئازابلىنىمەن...

— ئىككىمىزنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاش ئىكەن، مېنىڭچە سىزنىڭ ئوقۇش مەلۇماتىڭىز مەندىن كۆپ يۇقىرىغۇ دەيمەن؟

— «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» بولمىغان بولسا، ئالىي مەكتەپ-لەرگىچە ئوقۇيدىغان ئارزۇيۇم بار ئىدى. نۇرغۇن سەۋەبلەر تۇ-پەيلى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە «چوڭ ساي-راش» تا دادامنى «چەتكە باغلانغان» دەپ ئەكىرىپ كەتكەندە، ئاپام ئاغرىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن ئوقۇشنى ئۆيدە داۋاملاشتۇ-رۇشقا مەجبۇر بولدۇم. بىراق ئىسلامجان مۇئەللىم مەخپىي ھالدا ئۆيگە كېلىپ ماڭا دەرس ئۆتۈپ بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاران تولۇقسىز ئوتتۇرىچىلىك مەلۇماتقا ئىگە بولغانىدىم.

— سىز بەك ئىرادىلىك ئىكەنسىز. شۇنداق جاپالىق كۈنلەر-دىمۇ ئوقۇشنى قولدىن بەرمەپسىز، — دېدى ئېرشات تەسىرلەنگەن ھالدا.

— مېنى ئىرادىلىك قىلغان ئاشۇ جاپاكەش مۇئەللىم بىلەن ئاتا - ئانامنىڭ ۋەسىيىتى. دادام تۈرمىدە تۇرۇپمۇ مېنىڭ ئو-قۇشىمنى قىلىشىمدىن بەك ئەنسىرىگەنىكەن...

— دادىڭىز ھەقىقەتەن ئېسىل ئادەم ئىكەن. مەن بەختلىك بولمىغان ئوخشايمەن. خۇدا بىزنى مۇراد - مەقسىتىمىزگە تېز-راق يەتكۈزگەي...

ئۇنىڭ ئايىمىنىڭ قولىنى تۇتقۇسى كەلدى، لېكىن بىر ئاز ئەيمەندى. ئايىمۇ ئىزا تارتقان ھالدا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ مەج-نۇنتال يوپۇرماقلىرىنى نازۇك قوللىرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ:

— ئېرشات. كەچ بولۇپ قالدى، ئاپاملار ئەنسىرەپ قالى-دۇ. قايتايلى. قالغان گەپلەرنى كېيىن قىلىشارمىز، بولام-دۇ؟ — دېدى.

— ياق، — دېدى ئېرشات، — بۈگۈن مېنىڭ بۇ يەردىن

بولۇپمۇ سىزدىن پەقەت ئايرىلغۇم يوق. يەنە قاچان ئۇچرىشار-مىز.

ئايىم يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، يانچۇقىدىن چىرايلىق كەشتىلەنگەن قولياغلىقنى ئېرشاتقا سۇندى. ئېرشات هاياجانلى-نىپ قولياغلىقنى ئايىمنىڭ بىر جۈپ نازۇك قولى بىلەن قوشۇپ تۇتتى... ئايىم ئۇيالغانلىقتىن ئوڭ يېنىغا قارىۋالدى. لېكىن ئۇ-نىڭ قىزىپ تۇرغان بىر جۈپ قولى ئېرشاتنىڭ يوغان ئالقانلىرى ئارىسىدا جىم تۇراتتى...

— بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئامال بار ئاز ئۇچرىشايلى. بىزنىڭ مەهەللىگىمۇ ئاز كېلىڭ. بۇ يەرنىڭ ياشلىرىدا قەدىمدىن قالغان مەهەللىۋازلىق كۈچلۈك، — دېدى ئايىم قولىنى ئۇنىڭ قولىدىن بوشىتىپ.

— ئۇنداقتا... بۇ شەهەرنىڭ مەلىكىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ۋىجدانىمنى ئات قىلىپ، غۇرۇرۇمنى قىلىچ قىلىپ بۇ ئەهمىيەتلىك جەڭگە ئاتلانسام بولغۇدەك، — دېدى ئېرشات قەتئىي هالدا. ئايىم قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— كۈلمەڭ ئايىم، ماڭا ئوچۇق گەپ قىلىڭ، ئەمىسە بىز قاچان ئۇچرىشىمىز؟

— قۇربان هېيتتا هېيتلىغاچ كېلىڭ. دادام، ئاپاملار سىز-نى كۆرسۇن.

— ۋاي - ۋۇي... قۇربان هېيتقا يەنە ئون كۈن بار تۇرسا؟...

— ئېرشات سىزنى ناخشىنى بەك ياخشى ئېيتىدۇ دەپ ئاڭلىدىم. مۇشۇ كۆرۈنۈشلەرگە قاراپ بىر ناخشا ئېيتىپ بەرسە-ڭىز ياكى بىر كۇپلېت شېئىر ئوقۇپ بېرىڭ. مېنىڭ قەلبىمدە ئۇنتۇلماس بىر خاتىرە بولۇپ قالسۇن بولامدۇ؟

— بوپتۇ، مەن سەل ئويلىنىۋالاي.

— خىجىل بولسىڭىز سۇغا قاراپ ئېيتىڭ، — دېدى ئايىم

ئۇنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ.

ئېرشاتنىڭ يادىغا «چىن مودەن» ناملىق ناخشىنىڭ تېكىس-تى كەلدى ـ دە، كۆڭلىدە خۇش بولۇپ، ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ مۇڭلۇق ئاھاڭدا ناخشىنى باشلىۋەتتى.

«يار ئىشىكىدىن ئۆتسەم،
چىن مودەن ئېچىلغاندەك.
يار بىلەن ئۆتەرمەنمۇ،
سۇغا ـ سۇ قېتىلغاندەك.»

كىشىنىڭ كۆڭۈل تارىنى ئىختىيارسىز چېكىدىغان بۇ مۇڭ-لۇق ناخشا، ساي سۈيىنىڭ شاۋقۇنلىرىغا ئارىلىشىپ، ئايىمنىڭ-مۇ كۆڭلىنى لەرزىگە سالغانىدى. ئۇ ئېرشاتنىڭ بۇ مەزمۇنلۇق ناخشىسىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. دېمەك، ئايىمنىڭ يۈرىكىنى ئىشقى مۇھەببەت ئوتلىرى باشقىدىنلا ئۆرتۈمەكتە···

«ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي — ···دېدى ئۇ كۆڭلىدە، — مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چاندۇرماستىن كېتىپ قالاي، خەير خۇش قەدىرلىك ئېرشات، رەنجىمىگەيسىز···»

ئۇ ئاستا كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى ـ دە، ئۆيىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى، لېكىن ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئېرشاتنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ئۇزاققىچە جاراڭلىدى···

ئېرشات كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ:

— ئا···پىلا، قاچۇرۇپ قويۇپتىمەن··· — دەپ تۇرۇپ قالدى···



# ئىككىنچى باب

## قىز قەلبىدىكى سۆز

### 1

«تالانت ـ مۇھەببەتتۇر. كىمدە مۇھەببەت بولسا، ئۇ تالانت‌لىق بولىدۇ. ئاشىق بولغانلارغا قارىغىن، ھەممىسى تالانتلىق!»

— ل. تولستوي

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى قۇربان ھېيت يېتىپ كەلدى. بۇ گۈزەل يېزىدىكى بارلىق چوڭ ـ كىچىك ئەرلەر سەھەر تۇرۇپ پاكىز ۋە يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ ھېيت نامىزىنى قازا قىلماي ئۆتتۈۋېلىش ئۈچۈن مەسچىتكە ئالدىرايتتى.

ئۇلار مەسچىتتىن چىقىپ بىر ـ بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ ھېيتنى مۇبارەكلىدى. ئاندىن ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا ـ ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇپ قايتىشتى. ئاندىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، قولۇم ـ قوشنىلار بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ھېيتلاشتى.

ئېرشات ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئايىملارنىڭ ئۆيىگە تەرەددۇت قىلدى. ئۇ ئىككى ئاغىنىسىنى باشلاپ، ئايىمنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇلار يول بويى چاقچاق قىلىشىپ مېڭىپ، بىردەمدىلا

ئايىمنىڭ مەھەللىسىگە كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قېلىشتى.

— ھەي، ھەي... ! ئاغىنىلەر، كېلىپ قاپتۇق، — دېدى ئېرشات. ئۇلار دەرھال ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ قەددىنى رۇسلىدى.

ئايىم ھېيتلىق داستىخانلىرى راسلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۆيدە قىممەت باھالىق بۇيۇملار بولمىسىمۇ دېرىزىلەرگە تىزىپ قويۇلغان ھەرخىل چىنە ـ قاچىلار، تامغا قادالغان رامكىلار ۋە يەرگە سېلىنغان قىپقىزىل كىگىزلەر ئۆي ئىچىنى بەكمۇ سەرەمجان كۆرسىتەتتى.

ھويلىنىڭ تۆت ئەتراپى ۋە ئوچاق باشلىرىغىچە سىنكىلاپ ئاقارتىلغان بولۇپ، كۆرگەن كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرمەي قالمايتتى. بولۇپمۇ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پارچە گىلەم چوڭلۇقىدىكى گۈللۈكتە ئېچىلغان رەڭگا رەڭ گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى، ئەتراپنى بىر ئالغانىدى.

ئايىم ئاپىسى بىلەن ساراي ئۆيگىمۇ داستىخان راسلىماقتا، ئۇنىڭ يۈرىكى قانداقتۇر بىر خۇشاللىقتىن بېشارەت بېرىپ، يۈزلىرى قىزىپ قولى ئىشقا بارمايۋاتاتتى. ئۇ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ھويلىغا سۇ چېچىش ئۈچۈن بىر چېلەكنى كۆتۈرۈپ دەرۋازىدىن چىقتى ـ دە، ئۈچ يىگىتنىڭ ۋېلىسىپىت يېتىلەپ ئاستا كېلىۋاتقىنىنى كۆردى ۋە ئېرشاتنى تونۇپ قېلىپ دەرھال كەينىگە ياندى:

— ئاپا، مېھمان كەلدى... — دەپ خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپلا ئۆزى ھوپپىدە قىزارغاندەك بولۇپ ئاشخانا ئۆيگە يوشۇرۇندى.

زەيتۇنەم ئانا ئۈچ يىگىتنىڭ ئالدىغا چىقتى:

— كېلىڭلار بالىلىرىم، كېلىڭلار، ئۆيگە كىرىڭلار! — دەپ تەكلىپ قىلدى. يىگىتلەر زەيتۇنەم ئانىغا سالام بەرگەندىن كېيىن، روھلۇق قەدەملەر بىلەن ئۆيگە كىرىشتى.

زەيتۇنەم ئانا سەزگۈرلۈكى بىلەن ئېرشاتنىڭ قىياپىتىگە

قاراپ، ئايىمنىڭ يىگىتى شۇ ئىكەنلىكىنى سەزدى:
— قېنى باللىرىم، يۇقىرىغا چىقىڭلار، كۆرپىدە ئولتۇ-رۇڭلار...
يىگىتلەر زەيتۇنەم ئانىنىڭ تەكلىپىگە رەھمەت ئېيتىپ تۆ-ۋەن تەرەپتىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇشتى.
زەيتۇنەم ئانا چاي دەملەش ئۈچۈن ئاشخانا ئۆيىگە چىقتى - دە، ئايىمغا قاراپ:
— مەن بۇ باللارنى تونۇمايدىكەنمەن، سىنىڭ ساۋاقداشلى-رىڭ ئوخشايدۇ. چاينى سەن قۇيغىن، مەن ئازراق گۆش پىشۇ-راي، قۇربانلىق ئۈچۈن بىر توقلىمۇ سويالمىدۇق. ساۋاقداشلى-رىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمىغىن يەنە، گۆش پىشۇرسام قۇربا-نلىق قىپتۇ، دەپ قالار، — دېدى.
— بولدى ئاپا، كۆڭلۈڭنى بىئارام قىلما، بىزدىن ھېچكىم رەنجىمەيدۇ، — دېدى ئايىم ئاپىسىغا چەكسىز ھۆرمەت بىلەن كۇ-لۈمسىرەپ قاراپ. ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. ئايىم چاي دەملەپ ئېرشاتلارنىڭ يېنىغا كىردى - دە، يىگىتلەرگە قاراپ: «خۇش كەپسىلەر» دېگەن گەپنى ئاران دېيەلىدى. يىگىت-لەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ تىنچلىق سوراشتى ۋە ھېيتىنى مۇبا-رەكلەشتى. ئايىم سەل تەمتىرىگەن ھالدا پىيالىلەرگە چاي قۇيۇپ بىر پارچىدىن ناۋات سېلىپ قويدى.
ئېرشات ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىدىن چايخانىغا قارىدى:
— ئاپىڭىز نېمىدېگەن ئوچۇق - يورۇق ئايال، مېڭىش - تۇرۇشلىرى، چىرايىمۇ سىزگىلا ئوخشايدىكەن، — دېدى.
— ئاپام بەكمۇ ساغلام، تېتىك ئايال ئىدى، تۆت - بەش يىل بولدى ئاغرىقچان بولۇپ قالدى. ئۇ مېھمان كەلسە شۇنداق خۇشال بولۇپ كېتىدۇ.
ئايىمنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە ھويلىدا بىر توپ كىشى-لەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئايىمنىڭ دادىسى

ئۆچقۆن ئاكىمۇ بار ئىدى. يىگىتلەر چايلىرىنى ئىچىپ ئالدىراپ دۇئا قىلىشىپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— خوش ئەمىسە، رەنجىمەي قايتىڭلار، — ئايىم شۇنداق دېدى - دە، ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

بۇ چاغدا هويلىدىكى مېهمانلارنىڭ ئالدى ئۆيگە كىرگەنىدى. يىگىتلەر ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولۇپ، هويلىغا چىقتى. زەيتۇنەم ئانىمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ:

— باللىرىم، ئاران بىر كەلگەندە بىر دەم ئولتۇرماي ماڭدىڭلارغۇ؟ هويلىدا بولسىمۇ بىردەم مېهمان بولۇپ قايتىڭلار، — دەپ شۇنچە زورلىغان بولسىمۇ يىگىتلەر رەهمەت ئېيتىشىپ قايتىشتى. بۇ چاغدا ئۆچقۆن ئاكا مېهمانلارنى ئۆيگە باشلاپ بولۇپ هويلىغا چىقتى.

— هەي دادىسى، — دېدى زەيتۇنەم ئانا دەرۋازىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، — ئاۋۇ ئوتتۇرىدا كېتىپ بارغان بالىنى تونۇمسىز؟

— ياق، تونۇمايدىكەنمەن.

— ئۇ بالا بىزنىڭ ئوغلىمىز بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ.

— هە؟ باياتىن دېمەيسىنا، مەن تۇزۇكرەك كۆرەلمىدىم ئەمەسمۇ... — ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان هالدا يىگىتلەرنىڭ كەينىدىن قارىشىپ قېلىشتى.

— قارىغاندا، يۇزى تۆۋەن، قائىدە - يوسۇنلۇق بالىدەك كۆرۈنىدۇ. خۇدايىم يالغۇز قىزىمىزنىڭ بەختىنى بەرگەي ئىلاھىم، — دېدى زەيتۇنەم ئانا كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— هوي ئانىسى، ئۆيدە مېهمانلار بار ئەمەسمۇ... — دېدى ئۆچقۆن ئاكا، ئىككىيلەن مېهمانلارنى كۈتۈش ئۈچۈن ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

يىگىتلەر يول بويى كۈلكە - چاقچاق بىلەن مېڭىشتى.

— ئاداش ئېرشات، هەقىقەتەن كۆزۈڭ بار ئىكەن، — دەپ

چاقچاق قىلدى ئەخمەت.

— ھەقىقەتەن ماختىنغۇچىلىكى بار قىز، — دېدى مۇتەللىپ.

— بۇ يىل تويۇڭنى ئوينايمىزمۇ قانداق؟

— بولدى ئاغىنىلەر، بۇ ھەقتە كېيىن پاراڭلىشارمىز، بۈگۈن ھېيتىمىزنى خۇشال - خورام ئۆتكۈزەيلى، — دېدى ئېرشات.

ئۇلار شۇ ماڭغانچە بارلىق ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرىنى يوقلاپ كەچ كىرگەندە ئۆيلىرىگە تارقاشتى.

ئېرشات كۆپ يول يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھارغىنلىق ھېس قىلمايتتى. ئۇ ھويلىغا كىرىپ چاپىنىنى ۋېلىسىپىت ئۇستىگە قويۇپ ئاندىن ئۆيگە قاراپ:

— چىراغنى نېمىشقا ياندۇرمىدىڭلار؟ — دېدى ئېرشات.

قەمەر ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياقتى - دە، ھويلىغا چىقىپ:

— ئاكا، ئەتىگەن نامازغا كەتكەن ئادەم ئەمدى كەپسەن، بۈگۈنكى ھېيت پەقەت سىنىڭلا بولدى. ھەممە ئىشنى مەن قىلدىم، ماڭا ھېيتلىقمۇ بەرمىدىڭ

— ھېيتنىڭ ھەممىسى يانچۇقۇمدا، قاراپ باققىن، — دېدى ئېرشات ھۇجرىسىغا مېڭىۋېتىپ. قەمەر خۇشاللىقىدىن بىر سەكرىۋېتىپ، ئېرشاتنىڭ چاپىنىنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ بىر سىقىم كەمپۈتنى ئېلىپ ئاپىسىنىڭ يېنىغا كىردى.

— ئاكاڭنىڭ بىزگە ئەكەلگەن ھېيتلىقى شۇ ئىكەندە؟ — دېدى ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھەئە ئاپا!

قەمەرنىڭ كۆزى كەمپۈتلەر ئارىسىدا تۇرغان چىرايلىق قاتلانغان كىچىككىنە قەغەزگە چۈشتى. ئۇ پەس ئاۋازدا:

— خەت ئىكەن، ئوقۇپ باقايمۇ ئاپا؟ — دەپ سورىدى.

— ياق بالام، ئاكاڭ خاپا بولىدۇ، ئاستا يانچۇقىغا سېلىپ

قوي.

قەمەر خەتنى قانداق ئېچىپ ئوقۇشنىڭ چارىسىنى ئويلىدى... ھەممىگە قىزىقىدىغان بۇ شوخ قىز ئاخىر ئامال تاپتى:

— ئاپا، ئاكام بۇ خەتنى بىزنى ئوقۇسۇن دەپ كەمپۈتلەرنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئوقۇپ بولۇپ شۇ پېتى قاتلاپ يانچۇقىغا سېلىپ قويساق بولىدىغۇ، — دېدى.

— بوپتۇ، ئوقۇساڭ ئوقۇپ باققىن.

قەمەر ئاكىسىنىڭ ھۇجرىسى تەرەپكە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، خەتنى ئاۋايلاپ ئېچىپ ئالدى بىلەن ئۆزى بىر قۇر ئوقۇپ چىقتى ۋە:

— پاھ، نېمىدېگەن قەلبى گۈزەل قىز - ھە! — دەۋەتتى.

گۆھەرخان ئانا خەتنىڭ مەزمۇنىنى بىلىش ئۈچۈن قەمەرنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى. خەتتە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

«قەدىرلىك ئېرشات، بۇ يىلقى يازلىق يىغىنىمىنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرىدە سىز بىلەن پات - پات ئۇچرىشالمىدۇق. سىزنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭىزگە قايىلمەن. ئەمدى مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن مەڭگۈ سىز بىلەن بىللە بولۇش قارارىغا كەلدىم. شۇڭا بۇ خەت ئارقىلىق قەلبىمدىكى سۆزلىرىمنى ئىزھار قىلماقچىمەن.

ئېرشات، يېقىندا بىر دوستىڭىزدىن سىز توغرۇلۇق بىر گەپ ئاڭلاپ قالدىم. سىز ئۇنىڭغا: ‹ئەگەر ئايىم بۇ يىل مەن بىلەن توي قىلىشنى خالىسىلا، ئۆيدىكى موزايلىق كالىنى سېتىپ چوڭ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزىمەن...›، دەپسىز. مەن بەزىدە سىزنىڭ قىياپىتىڭىزدىن قانداقتۇر بىر نەرسىدىن خىجالەت بولۇۋاتقان ھالەتتە تۇرغانلىقىڭىزنى سېزەتتىم. ئۇ بولسىمۇ سىزنىڭ چوڭ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈشكە قىسىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزغا باغلىق بولسا كېرەك. مېنىڭچە يوقىرىقىدەك خىياللاردا بولۇش ھاجەتسىز.

دېمەكچى بولغىنىم، بۇ يىل توي قىلىش ئويىڭىز بولسا، تويىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزەيلى. ئەل - يۇرت، دوست - بۇرا- دەرلىرىمىزنى رازى قىلغۇدەك بىر كۆڭۈلۈك توي مەرىكىسىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزسەكلا بولىدۇ. ئاڭلىسام ياشىنىپ قال- غان ئاتا - ئانىڭىز بار ئىكەن. چوڭ توي قىلىمىز دەپ، ئۇلارنى كالىنىڭ سۈتىدىن ئايرىۋېتىشكە يۈزىمىز قانداقمۇ چىدايدۇ؟ بىز ئاددىي - ساددا توي مەرىكىسى ئۆتكۈزسەك، بەلكى ئىقتىسادنىڭ يېتىشمەسلىكى سەۋەبىدىن توي قىلالماي يۈرگەن قىز - يىگىت- لەرگىمۇ ئۈلگە بولۇشىمىز مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن يۇرتىمىزدى- كى يوقسۇل خەلقىمىزگىمۇ تەسىرى ياخشى بولىدۇ.

ئېرشات، راست گېپىمنى ئېيتسام مۇشۇ كۈنلەردە مېنىڭ قەلبىمدە بىرلا خۇشاللىق بار. ئۇ بولسىمۇ پەقەتلا سىز. سىز دائىم دېگۈدەك خىيالىمدىن كەتمەيدىغان بولۇپ قالدىڭىز. ئەمدى مەن ئۆز تەقدىرىمدىن ھەرگىز قايغۇرمايمەن. مەن چوڭ بولغان- دىن بۇيان دائىم خۇدادىن تىلەيدىغىنىم ئاق كۆڭۈل، ئەخلاقلىق، ئىشچان ۋە ئۆز خەلقىنىڭ غېمىنى يەيدىغان ۋىجدانلىق بىر يىگىت- كە يولۇقتۇرۇشنى تىلەيتتىم، ئاخىر تەلپىم ئىجاۋەت بولدى.

ئېرشات، مەن بۇ خەتنى يېزىۋاتقاندا سىزنىڭ قامەتلىك تۇرقىڭىز بىلەن ساي بويىدا ئېيتىپ بەرگەن ناخشىڭىز كۆز ئالدىمدا نامايان بولماقتا…

سىزنى قەدىرلەپ ھۆرمەت بىلەن: ئايىم
1977 - يىل ئاۋغۇست»

بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولغان گۆھەرخان ئانىنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىگە نۇر ياغقاندەك بولۇپ كەتتى، ۋە قىزىغا:

— بۇ خۇش خەۋەرنى داداڭمۇ تېزراق ئاڭلىغان بولسا بولاتتى - ھە، قىزىم، — دېدى.

— شۇنى دېگىنە، دادام ئاڭلىسا بەلكىم ئەتىلا ئۇ قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتەر… — دېدى قەمەر خۇش بولۇپ.

دەل شۇ چاغدا دەرۋازا ئېچىلىپ، بوش ئاۋازدا قۇرۇق يۆتى-
لىپ ئېلاخۇن ئاكا كىرىپ كەلدى.

— دادىسى، كەلدىلىمۇ؟ — دېدى ئانا خۇشال بولۇپ.

— ھە، ئانا - بالا ئىككىڭلار بۈگۈن بەكمۇ خۇشالغۇ؟ — دېدى ئېلاخۇن ئاكا چاپانلىرىنى سېلىۋېتىپ.

— خۇش خەۋەر دادا، — دېدى قەمەر قولىدىكى خەتنى دادى-
سىغا كۆرسىتىپ.

— ھە، نېمە خەتكەن ئۇ؟

ئانا - بالا ئىككىسى خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئېلاخۇن ئاكىغا تولۇق يەتكۈزدى.

— بۇ ئىشنى كېچىكتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوقكەن، مېنىڭچە ئەتىلا ماناپ بوۋاينى ئەلچىلىككە ئەۋەتەيلى، — دېدى ئېلاخۇن ئاكا خۇش بولۇپ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئېرشاتىنىڭ تويى ھەققىدە ئۇزاق-
تىن - ئۇزاق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى...

2

ماناپ بوۋاي ئۇچقۇن ئاكا بىلەن زەيتۇنەم ئانا تەرىپىدىن قىزغىن كۈتۈۋېلىندى.

زەيتۇنەم ئانا ئۇچقۇن ئاكىنىڭ يېنىدا مېھمانغا چاي قويۇپ ئولتۇرۇپ ماناپ بوۋاينىڭ چىرايىغا قىزىقىپ قارايتتى. ئۇ ماناپ بوۋاينىڭ ئىككى مەڭزىدىكى قىزىللىق بىلەن ئاپئاق ساقىلىنىڭ پارقىراپ تۇرغانلىقىغا قاراپ: «ئادەممۇ شۇنداق پاكىز قېرىيدى-
كىنە؟ بىر نەچچە چاقىرىم يولنى پىيادە بېسىپ كەلگىنىنى قارىمامدىغان، بۇ خىزىر سۈپەت ئادەمنى زادىلا كۆرمىگەن ئىكەن-
مەن. بەلكىم ئەلچىلىككە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.» دېگەنلەر-
نى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

ماناپ بوۋاي گەپ ئارىلاپ ئۈچقۇن ئاكا بىلەن زەيتۇنەم ئانىنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە يۇرتىنى سورۇشتۇردى.

— مېنىڭ ئەسلىي يۇرتۇم قەشقەر توققۇزاقتىن، — دەپ گەپ باشلىدى ئۈچقۇن ئاكا، — مەرھۇم دادام ھۇسەن ھەر جەھەتتىن ئىلىم - مەرىپەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغان تەقۋادار ئادەم ئىدى. ئۇ مېنى باشتا پەننىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ يەردىكى سوپى - ئىشانلارنىڭ ئەيىبلىشى تۈپەيلىدىن ئامالسىز دىنىي مەكتەپكە يۆتكىدى. شۇ يىلى ئاپام كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. يەنە شۇ يىلى داداممۇ كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. 1947 - يىلى تاغام بىلەن بۇ يەرگە قايتىپ چىقتۇق. تاغام مېنى ئوقۇتتى. نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتتۇق. بولۇپمۇ مەن يېتىملىك دەردىنى يەتكۈدەك تارتتىم. شۇنداقتىمۇ ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر يەنىلا كۆپ ئىكەن. بىر كۈنى مەن مەھەللىنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئېرىق بويىدا يىغلاپ ئولتۇرسام قوشنىمىز ئەيسا بوۋاي يېنىمدا پەيدا بولۇپ:

«يىغلىمىغىن بالام، سېنى ئىزدىگىلى خېلى ۋاقىت بولدى. زەيتۇنەم سېنىڭ مۇشۇ تەرەپكە ماڭغانلىقىڭنى بايقىغان ئىكەن، شۇڭا سېنىڭدىن ئەنسىرەپ ئىزدەپ كەلدىم» دېدى بوۋاي مېھرىبانلىق بىلەن.

«ھېچ گەپ يوق بوۋا، دادام بىلەن ئاپام يادىمغا كېلىپ قاپتۇ» دېدىم مەن كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلاپ.

«ئېيتقىنا بالام، سەن راستىنلا يېتىم بالىمۇ؟» دېدى بوۋاي. مەن غۇلجىغا كېلىشتىن بۇرۇن دادام - ئاپاملارنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى، پەقەت ئاشۇ كىچىك دادامدىن باشقا يۆلەنچۈكۈمنىڭ يوقلۇقىنى سۆزلەپ بەردىم. بوۋاي:

«بۇ يەردە بىز بولغاندىن كېيىن ئانچە غېرىبسىنىپ كەتمە ئوغلۇم. شۇ قەيسەر داداڭنىڭ ئورنىدا بىز بار ئەمەسمۇ؟ مەن سېنىڭ ئىشچانلىقىڭغا، ئەخلاقلىق، سالماق مىجەزىڭگە، بوش

ۋاقتىڭنى بىكار ئۆتكۈزمەي كىتاب كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىڭغا بەكمۇ
زوقلىنىمەن. كىتابنى كۆپ ئوقۇساڭ ئەقىللىق ئادەم
بولىسەن.»

بوۋاينىڭ بۇ سۆزلىرى مېنى سۆيۈندۈردى. مەن بوۋايغا
رەھمەت ئېيتتىم. شۇ كۈنى كىچىك دادام شەھەردىن چىقتى.
ئەيسا بوۋاي ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكلەرنى ئالغاچ كېلىپ،
ئۇلارنى بەكمۇ خۇشال قىلدى ھەمدە كىچىك دادام بىلەن ئەيسا
بوۋاي كېچىچە پاراڭلىشىپ چىقتى. شۇ يىلى كۈزدە بۇ ئىككى
كۆيۈمچانلار بىزگە باشپاناھ بولۇپ زەيتۇنەم ئىككىمىزنىڭ بېشى-
نى بىر يەرگە ئەكېلىپ قويدى.

بىر يىلدىن كېيىن بىر بالىلىقمۇ بولدۇق. بالىمىز يېشىغا
يېتەي دەپ قالغاندا ئەيسا دادىمىز ئالەمدىن ئۆتتى. بىر ياخشى
نىيەتلىك باشپاناھتىن ئايرىلدۇق. 1955 - يىلى كىچىك دادام
چەت ئەلگە كەتكەنلىكى ئۈچۈن، مەنمۇ «چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر»
دەپ قارىلاندىم. ئۆينىڭ بارلىق ئېغىرچىلىقلىرى زەيتۇنەمگە
يۈكلەندى. ئېغىر ئەمگەك ۋە كۆڭۈل ئازابى بۇنى تۇغماس كېسە-
لىگە گىرىپتار قىلغان چېغى. بالىمىز پەقەت مۇشۇ بىرلا قىز
بولۇپ قالدى. ئانا سۈتىدىن تامغان مىجەزىنىڭ تەسىرىدىنمىكىن،
بۇ يالغۇز قىزىمىزمۇ خۇددى ئاپىسىغىلا ئوخشاش بولۇپ، تۇرلۇك
جاپالار ئىچىدە تاۋلىنىپ چوڭ بولدى...

بىزنىڭ تارىخىمىزنى بىلمەك بولسىڭىز مانا مۇشۇنداق.
بايام سىز ئىشىكتىن كىرگەن چېغىڭىزدىلا گەپ - سۆزلىرىڭىز-
گە قاراپ: «ئەلچىلىككە كەپتۇ - دە» دەپ ئويلىغاندۇق، شۇڭا
كەچۈرمىشلىرىمىزنى بىردەم سۆزلەپ قالدىم...

— كەچۈرمىشلىرىڭىز بەكمۇ تەسىرلىك ئىكەن ئۇكام، —
دېدى بوۋاي، — مېنىڭ ئىسمىم ماناپ، كىشىلەر مېنى «ماناپ
بوۋاي» دەپ ئاتايدۇ. ئېرشات تۇغۇلغاندا ئۇنىڭ ئىسمىنى مەن
بۇ بالىنىڭ ئىسمى: «ئېرشات بولسۇن» دەپ قويغان. چۈنكى
بۇرۇنقى زامانلاردا بۇ ئەلدە «ئېرشات» ئىسىملىك باتۇر - ئەزد-

مەتلەر ئۆتكەنىكەن. شۇلارنىڭ نامى يوقالماسلىقى ئۈچۈن مەن بۇ ئىسمنى تاللىغان. مانا بۈگۈن ئۇ بوۋاق ياخشى ئائىلىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئەلچىلىكىنى قىلىۋاتىمەن... ئەمدى سىزلەردىن ئۈمىد قىلىدىغىنىم، ئۇ ئوغلىمىزنىمۇ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ، ھەتتا مېنىمۇ نا ئۈمىدتە قويماسلىقىڭلارنى سورايمەن

— بولىدۇ ماناپكا، — دەپ سۆز قوشتى زەيتۈنەم ئانا.

— ئاڭلىساق ئۇ بالا بىلەن قىزىمىز ئىككىسى بىر ـ بىرىنى ياقتۇرۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ئالدىمىزدىكى ھېيتتا ئۇ بالا دوستلىرى بىلەن ھېيتلاپ كېلىپ كەتتى. بايقىسام ئۇ بالا خېلى تەربىيە كۆرگەن بالىدەك كۆرۈنىدۇ. دادام رەھمەتتى ساۋاتسىز ياشلارغا بەك ئۆچ ئىدى.

بۇ گەپلەر زەيتۈنە ئانىنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتتىكىن ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى ۋە ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

— شۇنداق، — دېدى بوۋاي كۈلۈمسىرەپ، — شۇڭا، ئەيسا بوۋاي سىزنى ھېلىقى ساۋاتسىز ھارۋىكەشكە بەرمەي ئۈچقۈنجانغا بەرگەندە! — دېدى. ئۈچەيلەن تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

ماناپ بوۋاي ئايىمنىڭ ئەتكەن لەڭمىنىنى ماختاپ تۇرۇپ يېدى، ئاندىن دۇئاغا قول كۆتۈردى. شۇنداقلا ئىككى ياشنىڭ بەختىگە دۇئا قىلىپ خۇشال ھالدا قايتتى. زەيتۈنە ئانا يالغۇز قىزى ئايىمدىن پات يېقىندىلا تىرىك ئايرىلىپ قېلىشنى ئويلاپ قالدى بولغاي، بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى. ئۇ كۆز ياشلىرى بىلەن بوۋاينى ئۇزىتىپ تۇرۇپ قالدى...

3

شۇنداق قىلىپ ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىككى ياشنىڭ مۇراد ـ مەقسىتى ئەمەلگە ئېشىپ، توي مەرىكىسى ئۆتكۈزدى.

ئايمىنىڭ مەھەللىسىدىن قايتىپ كېلىۋاتقان بىر توپ يىگىت-لەر، ئېرشاتقا چاقچاق قىلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلاردىن بىرى:

— پاھ، ئېرشات ئاداش، ئابدۇراخمان قارىي نىكاھ ئايەتلى-رىنى ئالامەت ئوقۇۋەتتى - جۇمۇ! — دېدى. يەنە بىرى:

— ھە! ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، ئۇ ئادەم مەھەللىمىز بويىچە داڭلىق قارىي تۇرسا... ھە، ئاداش ئېرشات، ئابدۇراخمان قارىي: «نىكاھىڭىزغا ئالدىڭىزمۇ؟...» دېۋىدى، نېمە دېيىشىڭ-نى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىڭا؟ تاس قالدىم مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا «ئالدىم» دەۋەتكىلى!

يىگىتلەر قىقاس - چوقان كۆتۈرۈشتى... ئۇلاردىن يەنە بىرى:

— ھەي ئاغىنىلەر! كوچىدا ۋارقىراشمايلى! ھازىر مەھەل-لىمىزگىمۇ كېلىپ قالدۇق، قىز كۆچۈرۈپ كېلىدىغانغا خېلى ۋاقىت بار ئىكەن. بىز ئەمدى تارقاپ كەتمەي، ئېرشاتنىڭ ھوج-رىسىدا ياكى ھويلىسىدىلا ئولتۇرمايمىزمۇ!؟

— شۇنداق قىلايلى! مىجىت، سەن تەمبۇرىڭنى ئەكەل! ھاشىمجان، سەن دۇتارىڭنى ئەكەل! سەمەتكامنى چاقىرايلى، ئىسكىرىپكىسىنى ئەكەلسۇن.

— شۇنداق قىلايلى!

يىگىتلەر شۇنداق مەسلىھەتكە كېلىشتى.

ئېرشاتنىڭ ھويلىسىغا كېلىپ - كېتىدىغانلار بىر ئاز ئازاي-غان بولسىمۇ، ئۆي ئىچى، ھويلا - ئارامىلار يەنىلا ئادەم قايىنىمىغا ئايلانغانىدى. چوڭ - كىچىك ئەر - ئايال مېھمانلار سازەندىلەرنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولۇشۇپ، ئۇلارنىڭ ناخشا ئېيتىپ ساز چېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشتى. روھى جۇشقۇن، خۇش كەيپ سازەندىلەر سازلىرىنى تەڭشەپ ناخشىلىرىنى باشلىۋەتتى:

«ياشلىقىم، پاشالىقىم،
ھەر تەرەپكە گۈل كېلۇر.

تاڭنا بەش كۈندىن كېيىن،
سېنىڭ قېشىڭغا كىم كېلۇر.

سازەندىلەرنىڭ يېقىملىق ناخشا - مۇزىكىلىرى، بارلىق كى-شىلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، كۆڭۈل كەپتەرلىرىنى كۆكتە پەر-ۋاز قىلدۇرغاندەك قىلاتتى. ئەمدىلا ئېتىزدىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن بەزى قوشنىلارمۇ مۇزىكا ئاڭلاشقا قىزىقىپ، زاغرا نانلى-رىنى غاجىلىغاچ ھويلىغا كىرىپ كىرىشتى.
بايام زاغرا نان يەپ كىرگەنلەردىن بىرى ئۆزىنى باسالماي، سازەندىلەرگە قاراپ:
— چېلىڭلار يىگىتلەر، مۇزىكاڭلارنى توختاتماڭلار! مۇنچى-لىك كۆڭۈل ئاچمىغىلى خېلى يىللار بولۇپ قاپتۇ، بۇگۈن ئېر-شات ئىنىمىزنىڭ توينى راسا قىزىتىۋېتەيلى! — دېدى.
دەل شۇ چاغدا:
— قىز كۆچۈرگەنلەر كېلىۋاتىدۇ!... — دېگەن ئاۋازلار بى-لەن تەڭ دەرۋازا ئالدىغا ئوت يېقىلدى. ھەممە كىشى قىزنىڭ ئالدىغا چىقتى. تارانچى ھارۋىلىرى ئىشىك ئالدىدا توختىشى بىلەن، بىر ھـارۋىكـەشنىڭ كىملـەرنـدۇر تىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.
— قايسى ھارامزادىنىڭ قىلغان ئىشىدۇر - بۇ؟! قاراڭلار، ھارۋىنىڭ چاقى ئوقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ! — دېدى ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا.
— توۋا ئاشۇنداقمۇ چاقچاق قىلغان بارمۇ؟ ھېلىمۇ خۇدايىم ساقلاپتۇ! — دېيىشتى كۆپچىلىك.
ھارۋىدا ئولتۇرغان قىزلار ئارىسىدىن ئايىمنىڭ يىغلاۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۆت - بەش چوكان كېلىپ: «يىغلى-ماڭ قىز، يىغلىماڭ، خوش كېلىپسىز، قارچىغىدەك يىگىتكە دوست بولۇپسىز!...» دېگەنگە ئوخشاش قوشاقلارنى ئېيتىپ

قىزنى ھويلىغا ئېلىپ كىرىشتى.

ئوغۇل - قىزلار بىردەمدىلا سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشتى. ساھىبخانلار مېھمانلارغا داستىخان تارتماقتا. سازەندىلەر سازلىرىنى شوخ پەدىلەرگە چېلىپ توينى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرمەكتە. چىرايلىق ياسىنىۋالغان قىزلار خۇددى گۈلدىن - گۈلگە قونغان كېپىنەكتەك، ئۆزى خالىغان يىگىتلەر بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشمەكتە ئىدى.

بىر كەملەردە يىگىت بېشى توي مەرىكىسىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى جاكارلىدى. مېھمانلار قايتىشقا باشلىدى.

«خوش! خەير خوش! ...» دېگەن ئاۋازلار ۋە ۋاراڭ - چۇرۇڭلار خېلى ۋاقىت داۋام قىلغاندىن كېيىن، ھويلىنىڭ ئىچى تىنچلاندى.

# ئۈچىنچى باب

## غەمكىن كۈنلەر

### 1

شېرىن ھايات كىشىلەرگە مەڭگۈلۈك بولمىسا كېرەك. بۇ ئىككى ياشنىڭ ھاياتى مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتقىنىغا بۇ تەتۈر پەلەكنىڭ سوغۇق كۆزى تەگدى بولغاي، بىر كۈنى ئايىم تۇيۇقسىزلا يىقىلىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بۇ ئەھۋال ئىككى ئائىلىدىكىلەرنى چوڭقۇر غەمگە سالدى. ئېرشات ئايىمنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى.

ئېلاخۇن ئاكا بىلەن گۆھەرخان ئانا ئىشىك ئالدىدا ئىككى نەۋرىسىنى ئويناتقاچ، ئايىملارنىڭ كېلىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتە:

— كۈن كەچ بولاي دېدى، تېخىچە كەلمەيدىغۇ بۇلار، — دېدى ئانا ئەنسىرەپ، — مەن ئايىمغا يېقىندىن بۇيان بەك ئاجىزلاپ كېتىۋاتىسىز، چىرايىڭىزمۇ بۇرۇنقىدەك ئەمەس، دوختۇرغا بىر كۆرۈنۈپ باقسىڭىز بوپتىكەن قىزىم، دېسەم، زادىلا ئۇنىمىغاندى. مانا ئەمدى بالنىستتا يېتىپ قالمىسا بولاتتىغۇ…

— ئۇ قىز: «مۇشۇ كۈندە دوختۇرغا بارسىلا بىر مۇنچە پۇل ئالىدۇ…» دەپ يۈرگەن، — دېدى ئېلاخۇن ئاكا.

— پۇل كەتسىغۇ مەيلىغۇ، ئىشقىلىپ ساقىيىپلا قالسا بولات-تى. قارىمامدىلا، ئۇ قىز بىر كۈن ئۆيدە يوق بولۇۋېدى، ئۆيلەر-

نىڭ ئىچى چۈلدەرەپ، بوران ئۇچۇرغاندەك بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئانا قىز نەۋرىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ. گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە بىر ئىشەك هارۋىسى كوچىغا بۇرۇلدى.

— ئەنە ئاپاڭلار كەلدى باللىرىم! — دېدى ئانا خۇش بولۇپ.

ئايىم هارۋىدىن ئاستا چۈشۈپ قىزى ئادىلەنى باغرىغا باستى... ئىبرشات ئوغلى ئىلزات بىلەن بىرگە مەزىننىڭ هارۋىسىنى تاپشۇرۇپ بېرىۋېتىپ، غەمكىن هالدا هويلىغا كىرىپ كەلدى.

— هە، دوختۇر نېمە دېدى بالام؟ گەپ قىلمايسەنغۇ؟ — دېدى ئىلاخۇن ئاكا ئىبرشاتقا قاراپ.

— بىر ئۇيغۇر ئايال دوختۇر بىلەن بىر خەنزۇ ئايال دوختۇر ئايىمنى ئۇزاق تەكشۈرۈپ كۆرۈپ: «شەهەرلىك چوڭ دوختۇرخانىدا مايىسىنىڭ دېگەن بىر ئايال دوختۇر بار. ئەتە ئەتىگەندە شۇ ئايالنىڭ يېنىغا كىرىپ ئايالىڭىزنى تەكشۈرتۈپ كۆرۈڭ. ئۇ ئايالنىڭ مۇنداق كېسەللىكلەرگە تەجرىبىسى بار.» دەپ قەغەز يېزىپ بەردى، — دېدى ئىبرشات.

— ئۇنداقتا ... — دېدى ئىلاخۇن ئاكا بىر ئاز ئويلىنىپ، — ماناپ بوۋايغا ئەهۋالنى ئېيتىپ هارۋىسىنى سوراپ كەلگىن. ئەتە سەهەردىلا مېڭىڭلار. ئىسكىلات ئۆيدە ئاپاڭ قۇرۇتۇپ قويغان بىر خالتا ئۆرۈك قېقى بىلەن ئازراق ئالما بار، ئېهتىيات ئۈچۈن ئېلىۋال.

ئىلاخۇن ئاكىنىڭ گەپلىرى ئىبرشاتنىڭ قۇلىقىغا كىرگەندەك قىلمايتتى. ئۇ يەنىلا غەمگە پېتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ هالىتىنى كۆرگەن ئانا:

— دېگەن گەپلىرىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ چېيىڭىنمۇ ئىچمەي ئولتۇرۇۋسەنغۇ؟ ماناپ بوۋاينىڭ يېنىغا سەن بارمىساڭ مەن باراي ئەمىسە! — دەپ ئۇنلۇك ئاۋازدا ۋارقىرىۋەتتى.

ئېرشاتنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى ئېتىلىپ چىقتى:
— مەن بارمايمەن دېمىدىمغۇ دادا! — دەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، هويلىدىن غايىب بولدى.

ئېلاخۇن ئاكا بىلەن گۆھەرخان ئانا ئۇنىڭ كەينىدىن هەيرانـلىق بىلەن قارىشىپ قېلىشتى. ئايىمنۇ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ بىردەم غەمگە چۆكتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئائىلىنىڭ كۆڭۈل ئارامى بۇزۇلۇپ، كۆڭۈللۈك هاياتنىڭ ئورنىنى غەمكىنلىك ئىگىلىدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئېرشات ئايىمنى ئات هارۋىسى بىلەن شەھەرلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدى.

سەھەرنىڭ سوغۇق شامىلى بەدەنلىرىنى قورۇغاندەك قىلاتـتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دەرەخلەرنىڭ بالدۇر سارغايغان يوپۇرماقلىرى ئۇلارنىڭ باشلىرىدىن ئەگىپ ئۇچۇشۇپ قاياقلارغىـدۇر چۇشۇپ كېتىۋاتاتتى.

يولنىڭ سول تەرىپىدىكى يالغۇز بىر ئېغىزلىق ئەسكى ئۆيـنىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدە لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. «هوي، ئىلياسكامنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتتىمۇ نېمە؟» ئېرشات هارۋىنى توختىتىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

— ئىلياسكا، بارمۇسەن؟ — ئېرشات ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى، — بار ئىكەنسەنغۇ، — دېدى ئېرشات كەينىگە يېنىپ.

— هوي توختا! ماڭا بىر چېكىم تاماكا بەرگىنە! — دېدى ئىلياس ئاكا، ئولتۇرغان يېرىدىن مىدىر قىلماي. ئۇ ئوچاقتىكى مەڭگەن ئوتقا قاقلىنىپ ئولتۇراتتى. ئېرشات ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرـگەندە نېمىشقىدۇر تەنلىرى جۇغۇلداپ كەتتى، ئۇ بىر سىقىم تاماكىنى ئۇنىڭغا بېرىپ تېزلا چىقىپ كەتتى ـ دە، بايتالنى بىر قامچا ئۇرۇپ قويۇپ ئالدىغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر قارا گەۋدە كۆرۈندى:

— ئاۋۇ كېلىۋاتقان ئايالنى تونۇمسەن؟ قارا، بۇ بىچارە

ئايالمۇ تەنها ياشاۋاتىدۇ، — دېدى ئېرشات.
— بۇ كىم؟ — دېدى ئايىم.
— تۇرسۇنئاي دېگەن ئايال مۇشۇ. بەزى بىر نادانلار بۇ ئايالنى: «تۇرسۇنئاي ساراڭ» دەپ ئاتايدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ ئايالمۇ بالىلىق چاغلىرىدا زېرەك قىز ئىكەنمىش. كېيىن ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بېشىغا تۇرلۇك قىسمەتلەر كېلىپ مۇشۇنداق هالغا كېلىپ قالغانىكەن.
ئۇ قارا گەۋدە هارۋىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئايىمنىڭ تەنلىرى جۇغۇلداپ، پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىققاندەك بولدى، چۈنكى ئۇ ئايالنىڭ پۇتى يالاڭ ئاياغ، كىرلىشىپ كەتكەن يىرتىق يوپكىسى، پاخپىيىپ تۇرغان چاچلىرى ئادەمگە بىر خىل قورقۇنچلۇق تۇيغۇ بېرەتتى.
— توختىغە ئېرشات، — دېدى ئايىم قول سومكىسىنى ئېلىپ، — ماۋۇ بىر توغاچ بىلەن بىر سوم پۇلنى مېنىڭ ئورنۇمدا ئۇنىڭغا بېرىپ قويۇڭە.
— هەي، ئاجىز دېگەن ئاجىزنىڭ قاياشىدە، — دېدى ئېرشات هارۋىنى توختىتىپ. ئۇ بىر توغاچ بىلەن بىر سوم پۇلنى ئېلىپ، تۇرسۇنئاي هەدىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا بەردى - دە، تېز قايتىپ كەلدى. ئايىم تۇرسۇنئاي هەدىنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ خىيالغا چۆكۈپ كەتتى. بۇ بىچارە ئايالنىڭ ئاتا - ئانىسى خۇددى بىز ئادىلەنى ئارزۇلاپ باققاندەك بېقىپ چوڭ قىلغان بولغىيتتى، ئۇنىڭ ئوماق لەۋلىرىگە سۆيگەن بولغىيتتى. لېكىن ئۇنى مۇنداق كۈنلەرگە قالار دەپ ئويلىمىغان بولغىيتتى - هە؟ ... ئايىم ئازابلانغاندەك بولۇپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى.
ئۇلار كۈن چىققاندا شەهەرگە يېتىپ كەلدى.
— ئالدى بىلەن ساتىدىغان نەرسىلەرنى سېتىۋېتەيلى، — دېدى ئېرشات. دەل شۇ چاغدا سېمىز پاكىنەك بىر ئادەم هارۋىغا بوينىنى سوزۇپ:

— ئۇكام، بۇ ئالمىنى ساتامسىز؟ — دەپ سورىدى.
— شۇنداق، ساتايلى دەپ تۇرۇۋاتىمىز، — دېدى ئېرشات.
كۆزلىرىدىن قۇۋلۇق ـ شۇملۇق ئۇچقۇنداپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم ئېرشات بىلەن ئايىمغا بىر كۆز تاشلىۋېتىپ:
— ئۇكام، بۇ ساتىدىغان نەرسىلەرنى ماڭا سېتىۋېتىڭ. مەن بىر دۆلەت كادىرى. سىلەر سەھرادىن كەلگەن ئوخشايسىلەر، قانچە پۇلغا ساتساڭلار ماڭا سېتىۋېتىڭلار، — دېدى.
— بىز بىر ئاز ئالدىرايمىز، — دېدى ئېرشات، — ئايالىمنى دوختۇرغا ئاپارماقچىدىم...
— بولدى، مەن بايامال بايقاپ بولغان. مەنمۇ خىزمەتكە ئالدىراۋاتىمەن، باشقىلارغا ساتسىڭىز ۋاقىت كېتىدۇ، — دېدى ئۇ ئۆردەكتەك ئىرغاڭشىپ.
— بۇ نەرسىلەرنى ئاۋۇ دۇكانچىنىڭ چوڭ تارازىسىدا ئۆلچەۋالساق بوپتىكەن؟ — دېدى ئېرشات قولىدىكى بىر سېۋەت ئالمىنى يەرگە قويۇپ.
— ياق ئۇكام، سىز بىلمەيسىز، ئۇلارنىڭ تارازىلىرى ساختا! — دېدى ئۇ ئالمىنى كىملەردىندۇر قىزغاندەك ئۇياق ـ بۇياققا ئالاق ـ جالاق قاراپ.
ئۇ مەدداھلىق بىلەن سۆزلەپ مېڭىپ بىر چوڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ـ دە، دەرۋازىنى قاقتى. ئۇ سېمىز لىكتىنىمىكىن ئۆكۆزدەك پۇشۇلداپ تۇراتتى.
بىردەمدىن كېيىن دەرۋازا ئېچىلىپ ئىچىدىن 20 ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بويلۇق بىر قىز چىقتى. ئۇ قىز ئېرشاتقا ئاچ كۆزلۈك بىلەن بىر قاراپ قويۇپ، سېۋەتنى كۆتۈرۈشۈپ پېشايۋانغا قويدى. ئېرشات ھويلىغا كىرىپ ناھايىتى ئازادە بەش ـ ئالتە ئېغىزلىق پېشايۋانلىق ئۆيلەرگە قاراپ: «كاتتا باي ئىكەنده بۇلار» دېگەنلەرنى ئويلىدى. قىز يالاڭ كىيىنگەن بولۇپ، ئۇيان ـ بۇيان ماڭسا قوكۇس چىقىرىپ ماڭاتتى. ئۇ

سىۋەتتىكى قىپقىزىل ئالمىدىن بىر تال ئېلىپ ئىشتىها بىلەن يېيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاكىسى:
— ئوكام، ئالمىنىڭ كىلوسىغا قانچىدىن بەرسەم بولار؟ بازاردىغۇ... مۇنداق ئالمىلار 25 تىيىندىن بولۇۋاتىدۇ. مەن باشلاپ كەلگەندىن كېيىن 26 تىيىندىن بەرسەم قانداق دەيسەن؟ — دېدى.
— بەك ئۆرە دەۋەتتىڭغۇ ئاكا، — دېدى قىز ئاغزىدىكى ئالمىنى چالا يەپ.
ئېرشات قىزغا لاپ قىلىپ قاراپ قويدى. قىز مۇشۇنداق بولۇشنى كۈتۈپ تۇراتتى. شۇڭا ئېرشات قارىشىغىلا كۆزىنى قىسىپ قويدى. ئېرشات ئۇ قىزنىڭ بىر شاللاق قىز ئىكەنلىكىنى جەزم قىلغانىدى، شۇڭا ئەجەبلىنىپ كەتمىدى. ھەر ۋاقىت سەھرادىن كەلگەن ئاق كۆڭۈل، ساددا كىشىلەرنى ئالداپ ئۆگىنىپ كەتكەن ئاكا - سىڭىل ئىككىسى ئۆز ماھارەتلىرىنى ئىشقا سالماقتا ئىدى.
ئېرشات بۇ ھويلىغا ئالدىنىپ كىرىپ قالغانلىقىدىن پۇشايمان يېدى. شۇڭا ئۇلار بىلەن باھا تالىشىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈشنىمۇ خالىمىدى، شۇنداقتىمۇ بىچارە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزلىرى يېيىشكىمۇ كۆزى قىيماي ساقلىغان ئالمىلارنى بىكارنىڭ ئورنىدا بىر كاززاپقا بېرىۋېتىشكە سەل قورسىقى ئاغرىدى:
— ئالمىغا قاراپ بېقىپ بىر نېمە دەڭلا...
بۇ گەپنى ئاڭلىغان خېرىدار بىلەن قىزنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كەتتى. بولۇپمۇ قىزنىڭ: «مەن تېخى سىزنى بىر مەرد يىگىتكەن دەپ ئويلىسام، ئېلىپ - ساتارنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشايدىكەنسىز» دېگەن گېپى بەكمۇ ئېغىر كەلدى.
— بولدى، بولدى، بېرىدىغىنىڭلارنى بېرىڭلار، مەن ئالدىرايمەن، — دېدى ئېرشات زەردە بىلەن.
— ئۇنداق ئاچچىقلاشنىڭ ھاجىتى يوق ئوكام، مەن يەنە بىر

تىيىن قوشۇپ قوياي، 27 تىيىن بولسۇن...
ئېرشات گەپ قىلمىدى. خېرىدار ئىچىدە خۇشال بولۇپ:
— زىلەيبۇۋى، تارازىنى ئەكەل! — دېدى.
قىز يەر ئاستى ئۆيدىن تارازىنى كۆتۈرۈپ چىقىۋېدى، ئاكىسى:
— بۇ بىزنىڭ تارازا ئەمەسقۇ؟ خەقنىڭ تارازىسىغا ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ — دېدى. ئېرشات ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن بىر ئاز رازى بولدى.
قىز قايتىپ كىرىپ يىپيېڭى تارازىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.
ئەسلىدە بۇ ئۆيدە ئىككى تارازا بولۇپ، كونىسى جىڭ، يېڭىسى ساختا تارازا ئىدى. ئاكا - سىڭىل ئىككىسى ئالمىلارنى تارازىدىن ئۆتكۈزدى.
— سەنمۇ ھېسابلىغانسەن ئۇكا، ئالماڭ 23 كىلو كەلدى، — دېدى خېرىدار.
— بۇ يوغان سېۋەتنى ئىككىمىز ئاران كۆتۈرۈپ كېلىۋېدۇق، قانداقلارچە 23 كىلو بولۇپ قالدى؟ — دېدى ئېرشات.
— ھەي ئۇكام، ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭغۇ، يىپيېڭى تارازا بىلەن تارتتۇق. كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە نېمە دەيسەن. سەھرالىق دېگەن ھامىنى سەھرالىق - دە!
ئېرشات ئۇنىڭ «سەھرالىق» دەپ يەنە تەكرارلىغانلىقىغا كۆڭلىدە غەزەپلەندى.
— زىلەيبۇۋى، چوتنى ئاچچىق، پۇلنى ھېسابلاپ بۇ بالىنى يولغا سېلىۋەت. مەن خىزمەتكە كېچىكىپ قالدىم. سائەت 8 بولۇپ كېتىپتۇ! — دېدى خېرىدار سائەتكە قاراپ.
ئۇ چوڭ بىر غەلىبىگە ئېرىشكەندەك مەغرۇر ھالدا نايناقشىپ مېڭىپ ھويلىدىن غايىب بولدى. ئېرشات ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نەپرەتلىك كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرۇپ قالدى.
زىلەيبۇۋى چوتنى كۆتۈرۈپ نازلانغان ھالدا ئېرشاتنىڭ يې-

ىنغا كىلىپ:

— سىز ئاكامنىڭ گەپلىرىنى كۆڭلۈڭىزگە ئالماڭ، ئۇ شۇنداق ئۆگىنىپ قالغان، — دېدى.

— ئاكىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟ نېمە خىزمەت قىلىدۇ؟

— ئۇ چوڭ بىر شىركەتنىڭ مالىيە بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ. ئىسمى خالىق هاجى. ئۇ سىزنىڭ چىناردەك قامىتىڭىزگىمۇ قارىماي سىزنى «سەھرالىق» دەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ گېپىگە مېنىڭمۇ ئاچچىقىم كەلدى. سىز راستتىنلا سەھرالىقمۇ؟ — دېدى زىلەيبۇۋى.

ئۇ ئەتىر پۇراپ تۇرغان تەنلىرىنى ئېرشاتنىڭ بەدەنلىرىگە سۈركىدى. ئېرشات كەينىگە داجىپ تۇرۇپ:

— مەن سەھرادا تۇغۇلۇپ، سەھرادا چوڭ بولغان، — دېدى.

— مەنمۇ سەھرالارغا كۆپ چىقىمەن. بالدۇرراق تونۇشقان بولساق، باغلىرىڭىزغا بېرىپ سىز بىلەن قانغۇدەك مۇڭدىشىۋال-غان بولاتتىمكەن، — دىدى قىز ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— مۇشۇنچىۋالا چوڭ هويلىدا ئاكىڭىز بىلەن يالغۇز تۇرامسىز؟

— ياق، يەڭگەم بار. ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. ئىچكىرىكى ئۆيدە ئاپام بار، ئۇ ئاغرىقچان. باشقا ئۆيلەر بىكار. مەن بۇ ئۆيدە خالىغان ئىشلارنى قىلالايمەن...

ئېرشات ئۇ قىزنىڭ يامانلىقىنى سەزدى. هويلىدىن تېزراق چىقىپ كېتىش ئۈچۈن:

— بېرىدىغىنىڭىزنى هېسابلاپ بېرىۋەتسىڭىز، مەن بەكمۇ ئالدىراپتىمەن، — دېدى.

— ئوغۇل بالا قىز بالىدىن پۇل سوراپ ئاجايىپ تۇرىدىكىنە؟...

— ئوغۇل بالا دېگەن سورايدىغۇ؟ — دېدى ئېرشات جاۋابەن.

قىز كۈلۈپ كەتتى ۋە ئېرشاتقا ئەتەي يېقىنلاپ:

— ئاجايىپ تېگى بار گەپ قىلىدىكەنسىز... سەھرادىمۇ سىزدەك شوخ يىگىتلەر چىقىدىكىنە؟ — دېدى.

بۇ چاغدا قۇياش تېرەك بويى ئۆرلىگەنىدى. ئېرشات ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى ئويلاپ ئىچى تىتىلداپ كەتتى. ئەمدى ئۇ قىزنىڭ نازلىرىغا پىسەنت قىلماي دەرھال قايتىشىم كېرەك دەيتتى ئۇ كۆڭلىدە. زىلەيبۇۋى بۇ يىگىتنىڭ ئالدىراپ ئۆزىنىڭ دامىغا چۈشمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ:

— مەڭ، يېنىمدا بارى مۇشۇكەن، ئالدىرىسىڭىز كېتىۋېرىڭ، — دەپ پۇلنى قورۇق سېۋەتنىڭ ئىچىگە قېيىدىغاندەك تاشلىدى ۋە، — تازىمۇ دۆت بالىكەنسىز، — دەپ تاقىلداپ مېڭىپ ساراي ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئېرشات بىردەم تۇرۇپ باقتى ھەتتا ۋارقىراپمۇ باقتى. لېكىن قىز چىقمىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىغا ئىشەندى. يەنىلا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئاستا يولىغا ماڭدى. ئۇ دەرۋازا تۈۋىگە كەلگەندە كەينىگە قاراپ:

— خۇدا سىلەردەك جازانىخورلارنى ماڭا ئىككىنچىلەپ كۆرسەتمىگەي! — دېدى ـ دە، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

ئايىم ھارۋىدىن چۈشمەي ئولتۇرۇپ ئېرشاتنىڭ شۇنچە ۋاقىت يوقاپ كەتكەنلىكىدىن ئەنسىرەپ تۇرغاندا، بىر كوچا ساقچىسى كېلىپ ئايىمغا:

— ھارۋىدا نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— چوڭ دوختۇرخانىغا باراتتۇق. يولدۇشۇمغا قاراپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى ئايىم.

— دوختۇرغا باساڭلار بۇ يول بىلەن ماڭماي، ئارقىدىكى يول بىلەن مېڭىڭلار بولامدۇ؟

بۇ چاغدا ئېرشات قورۇق سېۋەتلەرنى كۆتۈرۈپ تەرلەپ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئايىمنىڭ كۆڭلى

خاتىرجەم بولغاندەك بولدى.
— سەھرادىن كەلگەن ئوخشىمامسىلەر؟ — دېدى ساقچى ئېر-
شاتقا قاراپ، — ئاتىنىڭ قۇيرۇقىغا خالتىمۇ تارتماپسىز، يولغا
تېزەكلەپ قويسا جەرىمانە قويىدۇ، بۇنى بىلەمسىز؟
— بىلمەيتىمەن، — دېدى ئېرشات ھودۇقۇپ.
— بۇندىن كېيىن دىققەت قىلىڭ ئەمىسە! — ساقچى شۇنداق
دېگەنچە كېتىپ قالدى.
— مەن تېخى بۇ ساقچى سىزگە تازا ۋارقىرايدىغان بولدى
دەپ ئەنسىرىگەنىدىم، — دېدى ئايىم.
— شۇنداق، بۇ ساقچى مەن ئۇچراتقان ساقچىلارغا ئوخشى-
مايدىكەن.
— سىزمۇ تازا كېچىكتىڭىزغۇ؟
— گېپىنى قىلما، تازىمۇ ئۇچىغا چىققان جازانىخورلارغا
بولۇقۇپ قاپتىمىز. ئالمىلارنى بىكارغىلا بېرىۋېتىپ كەلدىم، —
دېدى ئېرشات ئىچ - ئىچىدىن خورسىنىپ، — تېخى مۇسۇلمان-
مىش، مەيدىسىگە تاقىۋالغان ئىزنەكلىرىدىن ئۆرگىلەي...
— شۇڭا بۇ شەھەرلىكلەردە ئالدامچى، كاززاپ كۆپ دەيمەن
ئەمەسمۇ مەن! — دېدى ئايىم ئاچچىقلىنىپ.
— ھەممىسىلا شۇنداق ئەمەس ياخشىلىرىمۇ بار، — ئېرشات
ھارۋىغا چىقىپ ئاچچىقىنى ئاتتىن ئالغاندەك جىرەن بايتالنى بىر
قامچا ئۇرۇۋەتتى.
ئايىم ھارۋىدا ئولتۇرۇپ خىيال بىلەن شەھەردىكى يېڭى
ئۆزگىرىشلەرگە قىزىققاندەك قارايتتى.
ئېرشات ھارۋىسىنى «دەڭ» گە قاراپ ھەيدىدى. بۇ دەڭ
شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىگە جايلاشقان بولۇپ، يېزىلاردىن كەل-
گەن ھارۋىكەشلەرنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ماكانى ئىدى. دەڭچامۇ
سېخىي ئادەم ئىدى. ئۇ نامرات ھارۋىكەشلەرگە ئېتىبار بېرەتتى.
شۇڭا نامرات ھارۋىكەشلەر ئۆز ھارۋىسىنىڭ ئۈستىدە ئەسكى

چاپانلارغا يۆگىنىپ تاڭنى ئاتقۇزاتتى.

ئېرشات ئات هارۋىسىنى دەڭجاغا تاپشۇرۇپ، ئايىمنى باشلاپ دەڭدىن چىقتى. تار كوچىدىكى ئادەم قايىنىمى، سېتىقچىلارنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراشلىرى، ماڭدامدا بىر تىلەمچىلەرنىڭ ناله قىلىشلىرى، ئايىمنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى. يەقەت چوڭ يولغا چىققاندىلا ئايىمنىڭ قۇلىقى تىنچلاندى.

— مانا دوختۇرخانىغىمۇ يېتىپ كەلدۇق، — دېدى ئېرشات. ئۇ كۆرۈنىدىغان بۆلۈمنىڭ نومۇرىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر چەتتىكى نومۇر ئېلىش ئورنىغا كېلىپ ئۆچرەتتە تۇردى. ئىككى نەپەر ياش ئۇيغۇر ئايال: «سېپىممىزگە يەنە بىرى قوشۇلۇپتۇ» دەپ پىچىر- لاشتى. بولۇپمۇ ياش بىر چوكان ئېرشاتقا شەھۋانە كۆزى بىلەن تىكىلەتتى. ئېرشات: بۇلارنىڭ چىرايلىرى ئادەتتىكى يـاشلار- نىڭ چىرايلىرىغا زادىلا ئـوخشىمايدىغـۇ؟ كۆزۈمگە نېمـانـداق كۆرۈنىدۇ... دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكوزدى.

ئايىم ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى. بىر ئايال دوختۇر ئايىمغا قاراپ كۈلۈمسىرىگەچ زالغا كىرىپ كەلدى. ئايىم ئۇ ئايالغا قاراپ:

— ياخشىمۇسىز هەدە؟ سىزدىن بىر دوختۇرنى سورىماقچى ئىدىم، — دېدى.

— ياخشى، كىمنى سورايسىز؟

— «مايىسىلىك» دېگەن خەنزۇ ئايالنى.

— ئىككىنچى قەۋەت 10 - ئۆيدە، ئاۋۇ يەردىن نومۇر ئېلىپ كىرىڭ، — دېدى دوختۇر ئايال.

ئايىم دەرهال ئېرشاتنى چاقىردى:

— هەي، ماۋۇ يەردىن ئالمىدىكەنسىز!

— ئۇ يولدىشىڭىزمۇ؟ — دېدى دوختۇر ئايال.

— هەئە.

— ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىڭلار بارمىدى؟

— ياق، ئانچە ئەمەس، قانداق دەيسىز؟
— يولدىشىڭىز قان بېرىدىغانلار بىلەن تونۇردىغۇ؟
— ھە؟! — دېدى ئايىم ئېرشاتقا قاراپ، بۇ گەپنى ئېرشاتمۇ ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇ ھوپپىدە قىزىپ كەتتى.
— ھەي، سەھرالىقمەنى بىر چاندۇردۇمدە! — دېدى ئېر-شات ئۆزىنى ئەيىبلەپ.
— تووا، بولار ياپ - ياش، يەتتە ئەزايى ساق ئەر - ئايالالارغۇ؟ — دېدى ئايىم ئۇلارغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ.
— بەزى بىمارلارغا قان لازىم بولىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى دوختۇر ئايال ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ.
ئېرشات بىلەن ئايىم 2 - قەۋەت 10 - نومۇرلۇق ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۆيدە ئاق خالات، ئاق دوپپا، ئاق كۆزەينەك تاقىۋالغان بىر سېمىز ئايال ماتېرىيال كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئايىم تىنچلىق سورىغاچ قولىدىكى قەغەزلەرنى ئۇنىڭغا سۇندى.
مايىسىڭ، سىڭلىسى مالىڭ دوختۇرنىڭ يېزىپ بەرگەن خەت-لىرىنى كۆرۈپ بىردەم ئويلىنىپ قالدى. دەل شۇ چاغدا تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. مايىسىڭ تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ قارشى تە-رەپ بىلەن سۆزلەشتى:
— ھە، مەن شۇ، ياخشى، ياخشى…ھە، ھەئە ھازىرلا كەپتۇ. خېتىڭىزنىمۇ ئوقۇپ تۇراتتىم… — ئۇلار سۆزىنىڭ ئاخىرىدا خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىپ كەتتى. مايىسىڭ قارشى تەرەپنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاچ ئايىمنىڭ پۈتىدىن بېشىغىچە سەپسېلىپ قارىدى، ئاندىن تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قويۇپ:
— ئايىم دېگەن قىز سىز بولامسىز؟ — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — جۇرۇڭ مەن بىلەن مېڭىڭ.
ئۇ ئايىمنى تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى بىلەن لىق تولغان بىر ئۆيگە ئەكىرىپ جىددىي تەكشۈرۈشكە باشلىدى…
مالىڭ دوختۇر ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە،

يولدىشى ساپادا ئولتۇرۇپ گېزىت كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا ئۆزىنى قوش كىشىلىك لۆم - لۆم كارىۋاتقا تاشلىدى.

— بۈگۈن بەك چارچىغان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى يولدىشى كۆزەينىكىنى ئېلىۋېتىپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، هارغىنلىق هېس قىلىۋاتىمەن. بۇ «راك» كېسىلى دېگەن ئەزرائىلغا مەن ئەمەس پۈتۈن دۇنيادىكى دوختۇرلارنىڭمۇ ئامالى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. تەڭرى ماڭا بىر ئەقىل بەرسە مۇشۇ راك كېسىلىنىڭ ئۇستىدىن غەلىبە قىلىپ، پۈتۈن دۇنياغا تونۇلسام دەيمەن. بۇ بىچارىلىكىمنى ئويلىسام بەكمۇ ئازابلىنىمەن.

— نېمە؟ سىز راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالمىغانسىز؟

— ياق، مەن ئەمەس، بىر ياش ئۇيغۇر قىزى. ئۇ تۈنۈگۈندىن بېرى كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمىدى. شۇڭا شەهەردىكى هەدەمگە ئۇ قىز توغرۇلۇق تېلېفون بېرىپ قويدۇم. چۈنكى ئۇ قىزنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلغانىدىم. بۈگۈن ئۇقسام، ئۇ قىز سىز دائىم گېپىنى قىلىدىغان هېلىقى ئۈچقۇنجاننىڭ قىزىكەن.

— دېهقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئۈچقۇنجاننى دەۋاتامسىز؟

— دەل شۇ، ئايالىنىڭ ئىسمى...

— زەيتۇن، زەيتۇنەم.

— دەل شۇ، ئۇ قىزنىڭ مۇلايىملىقى، نومۇسچان، كەم سۆزلۈكى، چىرايى ئاپىسىغا شۇنداق ئوخشايدۇ. ئانا سۈتىدىن كىرگەن مىجەزنىڭمۇ ئالاهىدە رولى بولىدىكەن.

— نېمە؟ سىز ئۇ قىزنى راك كېسىلىگە گىرىپتار بوپتۇ دەۋاتامسىز؟ — دېدى لى جۇرىن تەكرار سوراپ.

— شۇنداق، تۈنۈگۈن مەن تەكشۈرۈپ شۇنداق دىئاگنوز

قويدۇم.

— بىچارە قىز زەيتۇنەمنىڭ يالغۇز قىزى ئىدى... ئاشۇ كىچىككىنە قىز بولمىغان بولسا ئۇچقۇنجان ئىككىمىزنىڭ بەختلىك كۈنلىرىمىز بولمىغان بولاربدى، دەپ ئويلاپ قالىمەن.

لى جۇرىن مۇندىن ئون ئىككى يىل بۇرۇنقى تۇرمىدىكى هاياتىنى ئويلاپ قالدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يەنىلا هېلىقى سىياسىي رەقىبى ما جۇرىن نامايان بولدى:

— 1967 - يىلى ئەتىيازدا هېلىقى «ماجۇرىن» دېگەن ئەبلەخ هوقۇقىدىن پايدىلىنىپ كۈرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى كۆپلىگەن زىيالىيلارغا شۇنداقلا پېشقەدەم كادىرلارغا قارىتىپ ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى. ئۇ مېنىمۇ «ئوڭچىل» دەپ قارا چاپلاپ رېجىم ئاستىغا ئالدى. كېيىن مەنمۇ سىياسىي مەھبۇسلار قاتارىدا تۇرمىگە تاشلاندىم. تۇرمىدە ئاشۇ ئۇچقۇنجان بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇنىڭ بىر كىچىك دادىسى چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ «چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر» دەپ قارىلانغانىكەن. مەن ياتقان تۇرمىدە ئۇيغۇر زىيالىيلار كۆپ ئىدى. ئۇلار هەرخىل كۆز قاراشتىكى ئادەملەر بولۇپ، بەزىلىرىگە «ئىككى يۈزلىمە» «چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر»، «مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرغۇچى» دېگەنگە ئوخشاش سىياسىي بەتنامىلار چاپلانغانىكەن. دېمەك، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» كۆپلىگەن زىيالىيلارنىڭ قەلبىگە ساقايماس جاراهەتلەرنى سالغانىدى. لېكىن ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئاجايىپ جاسارەتلىك ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى شۇ يەردە كۆرگەنىدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «سابىر» ئىسىملىك بىر يىگىتنىڭ ئىش - ئىزلىرى ماڭا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى؛ ئۇ ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلغان بولسىمۇ يەنىلا پۇتلىرى بىلەن يەرلەرنى سىجاپ رۇسچە، خەنزۇچە خەتلەرنى يېزىپ ئۆگىنەتتى. ئۇلار مەندىن خەنزۇچە تىل ئۆگىنەتتى. مەن ئۇلاردىن ئۇيغۇرچە خەت ئۆگىنەتتىم هەمدە ئۇيغۇر-

چە سۆزلەشنى شۇ يەردە ئۆگەنگەنىدىم.
ھېلىقى ماجۇرىن دېگەن كونا رەقىبىم مېنى ئاشۇلار بىلەن بىرگە ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئويلىغانىكەن. لېكىن، ئاشۇ كىچىككىنە قىز بىزگە ھەر خىل يوللار بىلەن نان - توقاچ ۋە دورا ئەكىرىپ بېرەتتى.
دېمەك، شۇ چاغلاردا ئاشۇ كىچىككىنە قىز بولمىغان بولسا، مەن ئاچلىقتىن ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ ئېغىر ئاشقازان كېسىلىگە دۇچار بولغان بولاتتىم. ئۇيغۇرلاردا: «تەڭرىنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن» دېگەن گەپ بار. مانا ئەمدى ئۇ چىرىك، پارىخور ئەمەلدار ماجۇرىن قانۇن تورىدىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ يۈرىيدۇ. ئاڭلىسام ئۇ شەھەردىكى بىر چوڭ شىركەتنىڭ مالىيە خادىمى «خالىق ھاجى» دېگەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىغا نۇرغۇن زىيانلارنى سالغانىكەن. ئۇ ھەرقانچە ھىيلىگەر بولسىمۇ ئەمدى قانۇننىڭ تورىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ!
لى جۇرىن ئاچچىقىنى بېسىش ئۈچۈن تاماكا چەكتى.
— بولدى، ئەمدى ئۇ ئىشلار ئۈچۈن باش قاتۇرماڭ. — دېدى مالىڭ دوختۇر، — ئالدى بىلەن قانۇننىڭ ئۇنىڭغا قانداق جازا بېرىدىغانلىقىنى كۈتەيلى.
لى جۇرىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ:
— شۇنداق، ھە...بايىقى... ئىم... توغرىلىق سۆزلىشىۋېدۇق؟ — دېدى.
— ھېلىقى زەيتۇنەمنىڭ قىزى توغرۇلۇق.
— توغرا، ھازىر ھەدىگىز ئۇ قىزغا قانداق دىئاگنوز چىقاردىكىنە ئۇقۇپ باقايلى، — دېدى لى جۇرىن تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ.
— ئەكىلىڭە تېلېفوننى، ئۆزۈم سۆزلىشىپ كۆرەي، — دېدى مالىڭ دوختۇر. ئۇ مايىسىڭغا تېلېفون بەردى، — ۋەي، ھەدەمما؟ ھە، مەن ...ياخشى، ياخشى...ھېلىقى قىزنى تەكشۈرۈپ

كۆردۈڭما؟ ھەئە...

ئۇ مايىسىنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ، تېلېفون تۇرۇپكى-سىنى ئاستا قويۇپ قايغۇلۇق تۇسكە كىردى:

— ئىش مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولۇپ چىقىپتۇ. «ئۇ قىز-نىڭ ھاياتىمۇ ئاخىرقى باسقۇچقا كېلىپ قاپتۇ، مۇنداق كېسەلگە مېنىڭمۇ ئامالىم يوق» دەيدۇ

ئارنى بىردەم جىملىق باستى. لى جۇرىن تاماكا ئىسىنى «ئۇھ...» تارتقاندەك پۈۋلەۋېتىپ:

— بۇ رەھىمسىز جەبرائىل، ياپ - ياش قىزنىڭ بېشىدىن نېمىشقا ئەگىپ قالغاندۇ - ھە؟ بۇ نېمىدېگەن ئادالەتسىز-لىك، — دېدى.

— بۇنىڭغا ئامال يوق. ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئېيتقاندا: خۇدا شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغاندە.

— بۇ ئىشنى ئۇچقۇنجان بىلەن زەيتۇنەمگە ئۇقتۇرۇپ قوي-غىنىمىز ياخشىغۇ دەيمەن، — دېدى لى جۇرىن.

— شۇنداق، مەن كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باراي دەيمەن.

— بىچارە زەيتۇنەم بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىسا نېمە بولۇپ كېتەر. ئۇ بۇ ئارزۇلۇق قىزىدىن ئايرىلسا چوقۇم بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. سىز مېنىڭ ئورنۇمدا ياخشىراق تەسەل-لى بېرىپ قويارسىز.

مالىك دوختۇر سائىتىگە قاراپ:

— ھەي دادىسى، گەپ بىلەن بولۇپ خىزمەت ۋاقتى بولۇپ كېتىپتۇ. چوشلوك تاماقنىمۇ يېمەپتۇق، — دېدى ئالدىراپ.

2

ئايىم بىلەن ئېرشات قايسى ۋاقىتلاردا شەھەردىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قېلىشتى. ئۇلار ھارۋىدا يېنىك چايقىلىپ

چوڭقۇر غەمگە چۆكۈپ ئولتۇراتتى. بىر قارا ماشىنا سىگنال بېرىپ تېز ئۆتۈپ كەتتى. ئايىم يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىنى ماشىنىغا تىكتى. ماشىنا بىردەمدىلا بىر تال قارا چېكىتكە ئايلىنىغاندەك بولۇپ ئۇنىڭ كۆزىدىن يىتتى. ئاھ، ھايات، ئاشۇ ماشىنىدەكلا ئۆتۈپ كېتىدىكەن، ھايات دېگەن مۇشۇنداق قىسقا بولامدىغاندۇ؟ ئايىم كۆزىنى مۇئەللەقتىكى قۇياشقا يۆتكىدى: ئاھ، قۇياش، سەن ئادەمزات بۇ دۇنياغا تۆرەلگەندىن بۇيان قانچىلىغان ئادەملەرنىڭ تۇغۇلۇپ، قانچىلىغان ئادەملەرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەنسەن؟ ياراتقان ئىگەم بۇ دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ تىلىنى، دىنىنى، كۆز قارىشىنى ۋە بەختىنى نېمىشقا ئوخشاش ياراتمىغاندۇ - ھە؟ سەن قانچىلىغان ئادەملەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن جەڭ قىلىشىپ ئۆلگەنلەرنى، بىر ئۆمۈر يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىپ تەنھا ياشاپ ئۆلگەنلەرنى، تۇرمۇش ئاتا قىلغان شادلىقلاردىن تولۇق بەھرىمەن بولۇپ، جاھانغا پاتماي يۈرۈۋاتقانلارنىمۇ كۆرۈۋاتقانسەن - ھە؟ ئاھ، قۇياش، سەن بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىدىغان كۈنۈممۇ يېقىنلاپ قالدى، ئەمدى سەن سەبىي بالىلىرىمىزغا، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا ئىللىق نۇرۇڭنى چاچقايسەن… زېمىن ئاستا - ئاستا تۈن پەردىسىنى ياپتى. ئايىمنىڭ كۆزى قاراڭغۇلاشتى.

ئېرشاتمۇ خىيالدىن باش كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى تاماكا قالدۇقى بارماقلىرىنى كۆيدۈرگەندىلا ئاندىن خىيالدىن ئويغانغاندى. ئۇ خىيالچان كۆزلىرىنى ئايىمغا تىكتى:

— ئايىم، نېمە خىياللارنى قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى.

— سىزچۇ؟ گەپ قىلمايسىزغۇ؟ بايامقى دوختۇر ئايال سىزگە نېمىلەرنى دېدى؟

— ئايالىڭنى ياخشى كۈتسەڭ ياخشى بولۇپ قالىدۇ، — دېدى.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ ھاياتىمنىڭ پەقەت ئاز كۈنلا قالغانلىـ

قىنى ئېيتقاندۇ؟

— سەن قانداق بىلىسەن؟

— بايام ئۇ دوختۇر ئايال مېنى ئايرىم ئۆيگە ئەكىرگەندىلا سەزگەنىدىم.

— ئەسلىدە سەن بۇ خىل كېسەللىكنى بىزدىن يوشۇرۇپ كەلگەن ئوخشايسەن، ئېيتقىنا، نېمىشقا مۇنداق بىپەرۋالىق قىلـ دىڭ ـ ھە؟

— مەن مۇندىن بەش ئاي ئىلگىرى بۇ خىل كېسەلگە گىرىپـ تار بولغانلىقىمدىن گۇمانلىنىپ، مەھەللىمىزدىكى دوختۇرغا كۆرۈنگەنىدىم. ئۇ دوختۇر ماڭا:

«...سىزگە شىپا بولىدىغان دورا ھازىر يوق، بولغان تەقـ دىردىمۇ باھاسى ئىنتايىن قىممەت. مېنىڭچە سىزگە ئەڭ پايدىـ لىق دورا روھىي جەھەتتىكى ئوزۇق. سىز كۆڭلىڭىز خۇش بولىدىغان ئىشلارنىلا قىلىڭ، پەقەت غەم قىلماڭ، باشقىلارغا چاندۇرماڭ، سىزدە يۈكسەك جاسارەت بولسىلا، سىز بۇ خىل كېسەل ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايسىز!» دېگەنىدى. شۇنىڭدىن بۇيان مەن بۇ كېسەللىمنى چاندۇرماسلىققا تىرىشقان بولسامۇ، لېكىن يۈكسەك ئىرادىلىك ۋە ئۈمىدۋار بولۇشقا بەرداشلىق بېـ رەلمىدىم. سىز ئۇخلاپ قالغاندا ئىككى بالام بىلەن سىزگە قاراپ ئىچ ـ ئىچىمدىن يىغلاپ تاڭ ئاتقۇزغان كۈنلىرىممۇ بولدى...

— ئايىم، ئاغزىڭدىن نېمە گەپلەرنىڭ چىقىۋاتقىنىنى بىلەمـ سەن؟ — دېدى ئېرشات كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ، — سەن نېمىدېگەن بىپەرۋا، مەن سەندىن ئايرىلىپ قالسام مېنىڭ ئاقىۋەـ تىم نېمە بولماق؟ بالىلارنىڭ بەختى نېمە بولماق؟ سەن بۇلارنى نېمىشقا ئويلىمىدىڭ ـ ھە؟!

— مەن كۆپ ئويلاندىم، بايامقى گەپلىرىم مېنىڭ ئاغزىمدىـ كى گەپلەر ئەمەس، قەلبىمدىكى سۆزلەر. سىز يالغۇز ئەمگەك قىلىپ بىر نەچچە جاننى بېقىۋاتىسىز. نۇرغۇن پۇل بىلەن داۋالـ

نىپ ياخشى بولسامغۇ ياخشى، لېكىن ياخشى بولالماي سىزنى قەرزگە بوغۇۋېتىپ ئاندىن كەتسەم بىر نەچچە جاننىڭ هاياتى نېمە بولىدۇ؟ ئۇ چاغدا گۆردىمۇ تىنچ ياتالامدىم؟

ئېرشات ئايىمنى قۇچاقلاپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى... ئىككى گەۋدە بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش تامچىلىرى مەڭزىلىرىنى نەمدىۋەتتى.

— ئېرشات، — دېدى ئايىم ئۆزىنى بېسىپ، — مېنى خوش قىلىمەن دېسىڭىز، يۈكسەك ئىرادىلىك بولۇڭ، مەن كۆز يۇمۇپ قالسام ئاتا - ئانىلىرىمىز ۋە سەبىي بالىلىرىمىزنىڭ هالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭ. بولۇپمۇ مېنىڭ ئاپام تۈگىشىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇ ئاغرىقچان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈرەك كېسىلى بار. مەن ئۇنى بەكمۇ سېغىنىدىم. مۇمكىن بولسا مېنى هازىرلا ئاپامنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇڭ، بولامدۇ؟...

— بولىدۇ، بولىدۇ، — دېدى ئېرشات بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ، — سېنىڭ كۆڭلۈڭ خوش بولسىلا هازىرلا ئاپىرىپ قوياي سۆيۈملۈكۈم، — دېدى ئايىمنى قۇچاقلاپ. هەسرەتلىك تىنىقلار بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتتى...

3

ئارىدىن تۆت ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئايىم زەيتۇنەم ئانىنىڭ ئالدىدا ئوق تەگكەن كېيىك بالىسىدەك بىچارە هالدا ياتاتتى. ئۇنىڭ بۇ هالىتىنى كۆرگەن ئانا بىر كۈندە نەچچە ئۆلۈپ، نەچچە تىرىلگەندەك بولۇپ يۈرەكلىرى پارە - پارە بولۇپ، قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەي قالاتتى. قىزىغا خۇدادىن شىپالىق تىلەپ تاڭلارنى ئاتقۇزاتتى.

ئۇچقۇن ئاكا بىلەن مالىك دوختۇرنىڭ ئەكېلىپ بەرگەن قىممەت باهالىق دورىلىرى بىلەن روهىي ئوزۇق بولىدىغان

ئش - ھەربكەتلەرمۇ ئايمىنىڭ كېسىلىگە شىپا بولالمىدى. ئا-
يىمىنىڭ ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە ناچارلاپ باراتتى.

زەيتۇنەم ئانا قىز نەۋرىسىنى باغرىغا بېسىپ يۈزلىرىگە سۆ-
يۈپ چوڭقۇر غەمگە چۆكەتتى؛ سەن راستتىنلا يېتىم بولۇپ
قالارسەنمۇ؟ ئاپاڭدىن ئايرىلىپ قالارسەنمۇ؟ دەپ يۈرەكلىرى
ئېزىلەتتى...

ئۈچقۇن ئاكىمۇ خاتىرىسىنى يوقاتقان ئادەمدەك بولۇپ، تى-
رىك مۈردىغا ئايلانغانىدى. ئۇ يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ قىزىغا
تەسەللى بېرەتتى: «قىزىم، سىزدە ھاياتقا بولغان يۈكسەك ئۇ-
مىدۋارلىق بولسىلا، سىز تېز ياخشى بولۇپ قالاتتىڭىز. ھازىر
دۇنيا تېز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، يەنە ئاز ۋاقىتتىن كېيىنلا
ئادەملەر سىزنىڭ كېسىلىڭىزگە چوقۇم شىپالىق دورا ياساپ
چىقىشى مۇمكىن...»

ئايمىنىڭ ئۇيقۇسىراپ تۇرغان كۆزلىرى ئاستا ئېچىلدى،
قۇرۇپ گەز باغلاپ تۇرغان لەۋلىرى ئاستا مىدىرلىدى:

— دادا، سىز ئەمدى مەندىن ئەنسىرىمەڭ، ئاپامدىن ئەنسى-
رەڭ. ئۇ كۈندىن - كۈنگە تۈگىشىپ كېتىۋاتىدۇ... دادا، بۈگۈن
يېنىمدىن ئايرىلمىسىڭىز بولامدۇ؟

— بولىدۇ قىزىم، بولىدۇ.

— ئېرشاتنىڭ ئاپىسى بىلەن دادىسىغا خەۋەر بېرىپ قويسى-
ڭىز ئۇلارغا گېپىم بار ئىدى.

— بولىدۇ قىزىم.

— دادام، مېنىڭ ئورنۇمدا ئىشكنى يوغان ئېچىۋېتىڭە.

— بولىدۇ قىزىم، بولىدۇ، — ئۈچقۇن ئاكىنىڭ تىلى تۇتۇ-
لۇپ، باشقا گەپكە تىلى كەلمىدى. خۇددى بىر كەلكۈن پۈتۈن
جاھاننى قاپلاپ، كىشلەرنى يالماپ يۇتۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇل-
دى. دېمەك، ئەتىيازنىڭ سوغۇق شامىلى ئۆيگە ھۇجۇم قىلىپ
كىرگەنىدى.

ئايىم دادىسىدىن رازى بولغاندەك سەل كۈلۈمسىرەپ قويۇپ قايتا كۆز يۇمدى. ئۇ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى…

ئۇچقۇن ئاكا «ئەلھەمدۇلىللا قىزىم، ئەلھەمدۇلىللا…» دېدى ئۈنسىز يىغلاپ. ئۇ قىزىنىڭ يۈزىنى ياغلىق بىلەن يېپىپ قويۇپ، ئاشخانا ئۆيگە چىقتى:

— غەيرەتلىك بولۇڭلار ئانىسى، غەيرەتلىك، قىزىمىز مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى، — دېدى يىغلاپ تۇرۇپ.

زەيتۇنەم ئانىنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ ئايىم بار ئۆيگە قانداق كىرگەنلىكىنىمۇ سەزمىدى، ئۇ ئايىمغا ئۆزىنى ئاتتى، ئۇنى قۇچاقلاپ باغرىغا باستى…

ئۇچقۇن ئاكا ئايالىغا ياخشىراق تەسەللى تېپىش ئۈچۈن قوشنىلارنىڭ ئاياللىرىنى باشلاپ كىرگەندە، زەيتۇنەم ئانا ئۈنسىز ھالدا قىزى ئايىمنى قۇچاقلاپ ياتاتتى. دېمەك، زەيتۇنەم ئانىنىڭ يۈرىكى ئاللىبۇرۇنلا ھەرىكەتتىن توختىغانىدى…

ئايىمنىڭ مۇسىبىتىگە كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەر زەيتۇنەم ئانىنىڭمۇ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپ يۈرەكلىرى ئېزىلگەن ھالدا قايتىشتى.

ئۇچقۇن ئاكا ۋاپادار ئايالى ۋە يالغۇز قىزى ئايىمدىن ئايرىلغىنىغا بەكمۇ ئېچىندى. ئېلاخۇن ئاكا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— قۇدا، سەۋر قىلايلى، ھەر ئىش بولسا خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. ئىككى نەۋرىمىز بىزنىڭ تۇغقاندارچىلىقىمىزنى باغلاپ تۇرىدۇ…

— شۇنداق، — دېدى ئۇچقۇن ئاكا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ.

— ئوغلىمىز ئېرشاتقىمۇ ئوبدانراق تەسەللى بېرىپ قويارسىز…

غەيرەتلىك ئېلاخۇن ئاكا بىلەن گۆھەرخان ئانا ئىككى نەۋرىسىنى ئېلىپ قايتتى. ئېرشاتنى دوست - بۇرادەرلىرى خېلىلا

بۇرۇن ئېلىپ كەتكەنىدى...

دېمەك، ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ ئۆلۈمى بۇ ئىككى ئائىلىگە چوڭقۇر ئازاب بولۇپلا قالماستىن بەلكى كۆپلىگەن يېقىن ـ يۇرتلۇقلار ئۈچۈنمۇ ئازاب بولغانىدى...

4

ئايىم بۇ ئائىلىگە ئۆزلىشىپ قالدى. ئېلاخۇن ئاكا بىلەن گۆھەرخان ئانا ئايىمنىڭ مۇلايىم، ئۇچۇق ـ يورۇق، قائىدە ـ يوسۇنلۇق ۋە ئىشچان قىز ئىكەنلىكىگە قاراپ ئۆزلىرىنى بەكمۇ تەلەيلىك ھېس قىلىشتى. گۆھەرخان ئانا ساقىيىپلا قالغانىدى. ئۇ ئايىمغا بولغان ئانىلىق مېھرىنى ئىزھار قىلىشنى ئويلىدى بولغاي، ئايىمنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى:

— قىزىم، بارمۇسىز؟ — دەپ ئۈنلۈك توۋلىدى.

— بار! كېلىڭە ئاپا، ئۆيگە كىرىڭ!

ئايىم قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ ئانىنىڭ ئالدىغا چىقتى. گۆھەرخان ئانا ئۆيگە كىرىپ:

— قىزىم، بۇ كىيىم ياپقۇچتىكى گۈللەرنى سىز كەشتىلەۋاتامسىز؟ — دېدى ھەيران بولۇپ.

— ھەئە، ئاق رەختلەرگە گۈل كەشتىلەشنى ئاپامدىن ئۆگەنگەنىدىم.

— پاھ، پاھ، پاھ...نېمىدېگەن كۆركەم ـ ھە؟ بۇ ھۈنەرلىرىڭىزنى قەمەرگىمۇ ئۆگىتىپ قويۇڭ قىزىم.

— ئۇ ئۆگىنىپ قالدى ئاپا، ئۇ ئۆگەنگەنلىرىنى سىزگە كېيىن كۆرسەتمەكچى بولغان.

دەل شۇ چاغدا ئېرشات ئالدىراپ كىرىپ كەلدى:

— قولۇڭدىكى ئىشىڭنى قوي ئايىم، بۈگۈن چۈشتە ناھىيىدە ئويۇن بار ئىكەن، بىزمۇ كۆرۈپ كېلەيلى، — دېدى.

— شۇنداق قىلىڭ قىزىم، ئويۇن كۆرگۈڭىز بولمىسا، ئاپىڭىزنى كۆرۈپ كېلىڭ قىزىم، ئۇلار سىزنى سېغىنغاندۇ، — دېدى ئانا.

— بارساققۇ ياخشى بولاتتى، بىراق مەن بارسام، ئاپامنىڭ كۆز يېشى تۆكۈلۈپلا تۇرىدىكەن...بارغۇڭىز بولسا ئۆزىڭىز كۆ-رۈپ كېلىڭ، — دېدى ئايىم ئېرشاتقا قاراپ.

— مەن يالغۇز بارمايمەن.

— راستىنىلا زېرىكىپ قالغان بولسىڭىز ماڭا ھېلىقى «ئال-تۇنلۇق» دېگەن يەرنى كۆرسىتىپ كېلىڭ. مەن شۇ يەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرسەم دەيمەن.

— بولىدۇ قىزىم، ئۇ يەرنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلسىڭىز كۆرۈپ كېلىڭ. بىراق، يىلان - چايانلاردىن ئېھتىيات قىلىڭ-لار، — دېدى ئانا بىر ئاز ئەنسىرەپ.

— بولىدۇ ئاپا، ھازىرلا ماڭايلى، — دېدى ئايىم خۇش بو-لۇپ.

ئېرشات ھويلىغا چىقىپ بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتقان قېرى ماشىد-نى ۋارقىراپ ئويغاتتى. سېرىق ماشكا قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ كېلىپ ئايىم بىلەن گۆھەرخان ئانىغا ئەركىلەپ قويۇپ، ئاندىن ئېرشاتنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇراتتى. ئايىم ئۆيدىن بىر پارچە زاغرا ناننى ئېلىپ چىقىپ ماشكىغا تاشلاپ بەردى. ماشكا ئايىمغا سەپسېلىپ بىر قارىۋېتكەندىن كېيىن ناننى ئىشتەي بىلەن يەۋالدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىردەمدىلا مەھەللىدىن ئايرىلىپ بىر چوڭ باغقا كىرىپ قالدى. باغنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك كۆچەتلەردىن سىرت مېۋىسىز دەرەخلەرمۇ كۆپ ئىدى. ئۇزۇپ بولالمىغان كۆز-لۈك ئالمىلار شاختا مەي باغلاپ تۇراتتى. ئېرىقلاردا زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئاقاتتى. باغنىڭ ئىچىدە بىرەر ئادەم ياكى ئۆيمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— ئەتراپقا تام سوقۇپ قورشاپمۇ ئالماپتۇ. بۇ باغ نېمىدېگەن چوڭ. تېخىچە باغدىن چىقىپ بولالمىدۇق. بۇ باغنىڭ ئىگىسى بارمۇ؟ — سورىدى ئايىم.

— بۇ باغ نادىركام دېگەن ئادەمنىڭ بېغى، — دېدى ئېرشات چۈشەندۈرۈپ، — نادىركام ياش چېغىدا ئايالى بىلەن جاپالىق ئىشلەپ، بۇ چاتقاللىق يەرلەرنى باغ قىلغانىكەن.

— ئۇلارنىڭ ئۆيى قەيەردە؟ — دېدى ئايىم باغ ئىچىگە سەپسېلىپ.

— مۇشۇ باغنىڭ باش تەرىپىدە. ئۇ بەك قىزىقچى، مېھماندوست ئادەم. بارغۇڭ بولسا بارايلى.

— بولدى ئايرىم كېلەيلى. ئۇ ئادەممۇ مېنىڭ بوۋامغا ئوخشاش «باغۋەن» ئىكەندە؟ — دېدى ئايىم.

شۇ تاپتا سېرىق ماشكا توشقان ئىزدەپ كەتكەنىدى. ئۇ يىراقتىن ھاۋشىپ بىر توشقاننى قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بەردى. ئېرشات ئالدىراپ ئايىمغا:

— سەن مىدىرلىغىمىن، گەپمۇ قىلمىغىن! — دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۆزى بېلىگە قىستۇرۇۋالغان چوماقنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ تۇتقىنىچە خۇددى ھەيكەلدەك قېتىپ قالدى. سېرىق ماشكا بىر توشقاننى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قوغلاپ كېلىۋاتاتتى.

ئېرشات چوماقنى كۈچ بىلەن ئاتقانىدى، چوماق توشقاننىڭ پۇتىغا تەگدى. توشقان دومىلىغان ھامان، سېرىق ماشكا «كاپ» قىلىپ باستى. بۇ ھالنى كۆرگەن ئايىم:

— ئەسلىدە، بۇ ماشكا بىلەن ئىككىڭلار ماھىر ئوۋچىلار ئىكەنسىلەر - دە؟! — دېدى ھەيران بولۇپ.

— تېخى بۇ جانىۋارنىڭ چېۋەرلىكىنى بۇندىن كېيىن كۆرىسەن! — دېدى ئېرشات توشقاننى بوغۇزلاۋېتىپ. ئۇ تېتىكلىشىپ كەتكەنىدى.

ئۇلار باغدىن چىقىپ بىر چوڭ يارلىققا كېلىپ قالدى.

يارلىق تىك ۋە ئېگىز بولۇپ، شەرقتىن غەربكە قاراپ سوزۇلغا-
نىدى. ئايىمنىڭ كۆزىگە بۇ يارلار بەكمۇ سۈرلۈك كۆرۈندى.
يارنىڭ باغرىغا كەپتەر، قاغا، كۆك قاغا ۋە قارىغۇجىلار ئۇۋا
ياسىۋالغان بولۇپ، بۇ يار خۇددى قۇشلار ماكانىدەك كۆرۈنەتتى.
— يېقىندىلا، — دېدى ئېرشات ئايىمنىڭ خىيالىنى
بۇزۇپ، — دەل مۇشۇ يەردىن ئادەمنىڭ قوچقى يەتمەيدىغان يەتتە
دانە ھېجىر كۆپ چىققانىكەن. سەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان
ئالتۇنلۇقنىڭ بىر چېتى مانا مۇشۇ. بۇ يەرگە قاراپلا تۇرۇۋەرمە،
ئالتۇنلۇقنىڭ مەركىزىگە تېزراق بارايلى…
ئايىمنىڭ ماڭغۇسى كەلمىدى، ئۇ بۇ سىرلىق ماكانغا تويماي
قارايتتى. قۇشلارنىڭ سايراشلىرىمۇ ئۇنى ھەيران قالدۇراتتى.
ئۇلار قىيا - قىيا كەتكەن يارداڭلىقتىن ئۆتۈپ چوڭ بىر ئۆستەڭ-
نىڭ چىمەنزارلىق قىرلىرىنى بويلاپ ئاخىر ھارۋىلار ئۆتىدىغان
كېچىككە كېلىپ توختىدى. ئايىم بوش ئاۋازدا:
— ئالدىڭىزغا قاراڭ، توشقان، توشقان… — دېدى. ئۆس-
تەڭنىڭ ئۇ قىرىدىكى كېچىك ئېغىزىدا بىر يوغان توشقان:
«يامان بولساڭ مېنى تۇتۇپ باق» دېگەندەك غەمسىز ھالدا قۇلاق-
لىرىنى دىڭگايتىپ ئولتۇراتتى. ««سېرىق ماشكا نەگە كەتكەن-
دۇ؟» دېدى ئېرشات كۆڭلىدە. شۇ پەيتتە سېرىق ماشكا غايىب-
تىن پەيدا بولغاندەك توشقاننىڭ كەينىدە پەيدا بولدى - دە،
توشقانغا ئۆزىنى ئاتتى. كۆرەڭلەپ تۇرغان توشقان ئالاقزادىلىك
ئىچىدە قاياققا قېچىشنى بىلمەي ھودۇقۇپ ئۆزىنى سۇغا ئاتتى.
ماشكا بىلەن ئېرشاتمۇ ئۆزلىرىنى سۇدىكى توشقانغا ئاتتى. ئۇلار
توشقاننى تىرىكلا تۇتۇپ چىقتى. بۇنى كۆرگەن ئايىم بىردەم
قاقاقلاپ كۈلسە، بىردەم ماشكىنىڭ ئەقلىگە ھەيران بولاتتى.
ئېرشات توشقاننى بوغۇزلاپ، توشقاننىڭ بېشىنى ماشكىغا
تاشلاپ بەردى. ماشكا «رەھمەت» دېگەندەك قاراپ قويۇپ توشقان-
نىڭ بېشىنى ئىشتەي بىلەن يەۋالدى، ئايىم ماشكىغا قاراپ:

— توۋا ئىتلارمۇ مۇنداق ئەقىللىق بولىدىكىنە؟ — دېدى. ئاندىن ئېرشاتقا بۇرۇلۇپ قاراپ، — بۇ ئىتقا مۇنداق ئەقىلنى سىز ئۆگەتمىگەنسىز؟ — دېدى.

— ياق. مەن ئۆگەتمىگەن. لېكىن، 1960 - يىللارنىڭ باشلىرىدا بۇ يېزىدىكى دېھقانلار چوڭ قازاننىڭ ئۇمىچىنى ئىچىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۇماچ مەيدىلەرنى زەھەردەك ئېچىشتۇرۇۋېتەتتى. شۇ چاغلاردا بۇ يېزىدا مۇنداق ئەقىللىق ئىتلاردىن بىرقانچىسى بار ئىدى. دېھقانلار مۇشۇ ئەقىللىق ئىتلار بىلەن توشقان ئوۋلاپ، توشقان گۆشىنى ئاشۇ داش قازاندىكى ئۇماچقا ئارىلاشتۇرۇپ يەيتتى. ھېلىمۇ ياخشى خۇدايىم مۇشۇ ئەقىللىق ئىتلارنى يارىتىپ قويۇپتىكەن، بولمىسا قانداق قىلاتتۇقكىنتاڭ... ھازىر ئۇ ئىتلارنىڭ ھەممىسى يوقىلىپ پەقەت مۇشۇ قېرى ماشكىلا قالدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئايىم ئىتقا قاراپ بىردەم خىيال سۈرۈپ قالدى. ئۇ نازۇك قوللىرىنى ئىتقا سوزۇپ، ماشكىنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ قويدى.

ئۇلار ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ بىر كەڭرى دۆڭلۈككە چىققاندا، سالقىن شامال بۇ بىر جۈپلەرنى قارشى ئالغاندەك سۆيۈپ ئۆتتى. دۆڭلۈك ئۈستىدىن تۇرۇپ يىراقلارغا كۆز تاشلىسىڭىز، بىر - بىرىگە تۇتاش كەتكەن كۆز يەتكۈسىز ئېدىرلىقلار، ئابرال ۋە تەڭرى تاغلىرى ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇك - باراقسان دەل - دەرەخلەر بىلەن بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن مەھەللىلەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بىراق بۇ كەڭ زېمىن شېرىن ئۇيقۇدا ياتقاندەك جىمجىت كۆرۈنەتتى. ئايىم ئەتراپنى بىر ئاز كۆزەتكەندىن كېيىن پۇتىغا پاتقان ھېجىر قاچا پارچىلىرىنى تېرىش بىلەن بولۇپ كەتتى. ئېرشات قولىدىكى توشقانلارنى بەلگىلىك جايغا قويۇپ ئايىمنىڭ يېنىغا كەلدى.

— مەن سېنى بۇ يەرگە ئالتۇن، مارجان تاپىدۇ دەپ ئەكەل-

سەم، ھېچىر قاچىلارنىڭ پارچىلىرىنى يىغىۋالغىنىڭ نېمىسى؟ — دەپ كۈلدى ئېرشات.

— بۇ جاي ماڭا بەكمۇ سىرلىق كۆرۈنۈۋاتىدۇ. راستىنلا ئالتۇن چىقامدۇ نېمە؟...

— تېخىچە ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ ئاۋۇ ئازگاللارنى كىشىلەر ئالتۇن تاپىمىز دەپ كولىغان. سەن بۇ يەردىن ئالتۇن كولاپ تۇرغىن، مەن سېرىق ماشكام بىلەن توشقانلارغا ھۇجۇم قىلىپ كۆرەي، — دېدى. ئۇ سېرىق ماشكىغا شەرت بېرىپ «ھۇررا!» دەپ توۋلىغىنىچە يۈرۈپ كەتتى. ئايىم ئېرشاتنىڭ بالىلارچە مىجەزىگە زوقلىنىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇ ياغاچ بىلەن ئۇ يەر - بۇ يەرنى ئىلەشتۈرۈپ يۈرۈپ ئىككى تال مارجان تېپىۋالدى. «توۋا، راستىنلا مارجان ئىكەن» دېدى ئۇ پىچىرلاپ. ئۇ ئېرشات گېپىنى قىلغان ھېلىقى ئازگالغا قىزىقىپ بوينىنى سوزۇپ قارىغاندى. قوراي - شىۋاقلار ئارىسىدىن بىر ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى ئېنىق كۆرۈندى. باش سۆڭىكىنىڭ تۆشۈك كۆزلىرى تىكىلىپ، گۆشسىز چىشلىرى ھىجىيىپ بەكمۇ سۈرلۈك كۆرۈنگەچكە، ئايىمنىڭ تېنى «جۇغ...» قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازگال ئىچىدىن بىر يوغان چار يىلان سۈرلۈك تولغىنىپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ چىقىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋالدىن ئايىمنىڭ چېكىسىدىن سوغۇق تەر چىقىپ، پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. ئاخىر ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغاندەك زۇۋانغا كېلىپ:

— ئا!... ئېرشات! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ كەينىدىن:

— ھەي كېلىن بالا، قورقما، نې بولدى ساغان؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئايىم بۇرۇلۇپ قارىۋېدى، يۈزلىرىنى ساقال - بۇرۇت باسقان ئاتمىش ياشلار چامىسىدىكى بىر قازاق كىشى ئېتىنى قامچىلاپ ئايىم تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئايىم بۇ كىشىنى كۆرمىگەن بىلەن بۇ كىشىنىڭ نامىنى ئېرشاتتىن كۆپ ئاڭلىغان-

دى. ئۇ ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل، كەم سۆز ئادەم ئىدى. ئۇنى بۇ يېزىدىكى ياشلار ھۆرمەتلەپ «كۆشەن ئاغا» دېسە، چوڭلار ئۇنى «جېنى تۆمۈر مالچى» دەپ تەرىپلىشەتتى. بۇ يېزا كۆشەن ئاكىنىڭ ئانا يۇرتى، ئۇ ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر دېھقانلىرى بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ كەلگەن. ئۇ ئايىمغا يېقىنلاپ:

— ئادەمنىڭ سۆيەكلەرىنى قورقىتىڭغۇ دېيمېن بالام، چىرا- يىڭ ئەپپەق بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى كۆشەن ئاكا ئۇيغۇر ۋە قازاق تىلىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەپ. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ ئايىم- دىن ئامانلىق سورىغاچ يېنىغا كەلدى.

— ئازگالغا بارماڭ، ئەنە پۇتىڭىزنىڭ يېنىغا كەلدى يىلان، يىلان! — دېدى ئايىم تىترەپ تۇرۇپ.

— ئي! يىلاندىن قورقۇپسەندە قىزىم، — دېدى كۆشەن ئاكا، ئۇ قولىدىكى قامچا بىلەن يىلاننى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. بۇ چاغدا ئېرشاتمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەنىدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم كۆشەن ئاغا، — دېدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ.

— ۋەلەيكۇم ئەسسالام! ئېي قانىشا قويان ئۇستادىڭ؟

— بەرىنى قاچۇرۇپ قويدۇم.

كۆشەن ئاكا بىغەملىك بىلەن ئېخى جېنى ئېنىدىن جۇدا بولمىغان يىلاننى قامچىسى بىلەن ئىلىپ تۇرۇپ:

— كېلىن بالىنى ئۇينىتىپ كېلىمەن، دەپ ماۋۇ دۇشمەنگە چاققۇزغىلى ئاز قاپسەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاۋۇ ئازگالدا تۇرغان نەرسىنى كۆردۇڭمۇ؟ — دېدى.

ئېرشات ئازگالغا سەپسالدى - دە، ئېنى سەل شۈركەنگەندەك بولدى، لېكىن ئانچە قورقۇپ كەتمىدى، چۈنكى ئۇ بالىلىق چېغىدا بالىلار بىلەن ئۇ يەرگە ئويناپ كەلگەندە، ئادەمنىڭ باش سۆڭەكلىرىنى قولى بىلەن تۇتۇپ ئايرىم يەرگە كۆمۈپ قوياتتى.

— كىلىن بالىنى بۇنداق يەرلەرگە ھەرگىز يالغۇز قويما بالا، — دېدى كۆشەن ئاكا يىلاننى ئىگەرنىڭ غانجۇغىسىغا باغلاۋېتىپ، — بۇ يىلان نېمىدېگەن چوڭ، مەن بۇنى ئورۇق ماللارغا بېرەي.

— شۇنداق، بەك چوڭ يىلانىكەن، — دېدى ئېرشات ئايىمغا قاراپ. بۇ چاغدا ئايىمنىڭ چىرايىدىن قورقۇنچ ئالامەتلىرى يوقالغانىدى.

— كۆشەن ئاغا، — دېدى ئېرشات، — بۇرۇنقىلار «يىلان بار يەردە ئالتۇن بار» دەيدىكەن، مۇشۇ يەردە ئالتۇن بولۇشى مۇمكىن، كولاپ كۆرمەيمىزمۇ؟

— ئوي بالام، ئالتۇننى نېمە قىلاتتىڭ؟ بۇ ئازگالدا ئۇستىخان بولۇپ ياتقان بايقۇشلارنى كۆرۈۋاتىسەنغۇ، مۇشۇ ئانا يۇرتىمىز ھېسابسىز بايلىقلارغا، ئالتۇنلارغا تولغان ماكان بولمىغان بولسا، بۇ بايقۇشلار نەچچە مىڭ كىلومېتىر يولنى بېسىپ كېلىپ جانلىرىدىن ئايرىلىپ ياتمىغان بولار ئىدى، — دېدى كۆشەن ئاغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

ئايىم دەسلەپ بۇ دۆڭلۈككە چىققاندا، بۇ يەرنىڭ قانداق بولۇپ «ئالتۇنلۇق» دەپ ئاتالغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولۇشنى ئويلىدى، شۇڭا ئۇ:

— كۆشەن ئاغا، — دېدى ئۇ قولىدىكى مارجاننى ئويناپ تۇرۇپ، — مەن بۇ جاينىڭ نامىنى كۆپ ئاڭلىغان، بىراق كۆرمىگەنىدىم. بۇ يەردىكى ئادەم ئۇستىخانلىرىغا قارىغاندا بىرەر تارىخىي ۋەقەلەر بولغانمىكىن دەپ ئويلايمەن. بۇ ئىشلار قاچان يۈز بەرگەن ئىشلاردۇر؟

— ھە؟ مارجان تېپىۋالغان ئوخشىمامسەن؟ — دېدى ئېرشات ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي ئايىمنىڭ قولىغا قاراپ.

ئايىم «ھەئە» دېگىنىچە يەنە كۆشەن ئاكىغا سوئال نەزىرىدە قارىدى.

— مەن ئوقۇمىغان ئادەم بولغاچقا، تارىخنى ئانچە بىلىپ كەتمەيمەن بالام. چوڭ ئاقساقاللاردىن ئاڭلىشىمچە بەزىلەر: «بۇ يەرگە ئاسماندىن قۇم يېغىپ مۇشۇنداق خارابىلىككە ئايلانغان» دەيدۇ. بەزىلەر: «1200 ـ يىللىرى موڭغۇللار قوشۇن تارتىپ كەلگەندە، بۇ يەرلەر مۇشۇنداق ئۇرۇش خارابىسىگە ئايلانغان» دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: «مانجۇلار بىلەن موڭغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭدە مۇشۇنداق ئۇرۇش خارابىسىگە ئايلانغان» دەيدۇ. قايسىسى راست، مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن. بۇ يەرنىڭ سىرىنى پەقەت تارىخچىلارلا بىلىدۇ. سىلەر ئىككىڭلار ئوقۇغان ياشلار ئىكەنسىدىلەر، تارىخىي ماتېرىياللارنى ئوقۇساڭلار بۇ يەرنىڭ سىرىنى تاپالايسىلەر، بەلكىم بۇندىن كېيىنكى تارىخچىلار سىلەرنىڭ بۇ خىل سوئاللىرىڭلارغا ئېنىق جاۋاب بېرىشى مۇمكىن... ئىشقىلىپ بۇ ئەلدە مۇنداق ئۇرۇشلار كۆپ بولغانىكەن.

— بۇ يەر ھەقىقەتەن ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان سىرلىق ماكانىكەن، — دېدى ئايىم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ. ئۇلار بۇ سىرلىق ماكان توغرىسىدا بىر ھازا مۇھاكىمىگە چۈشۈپ كەتتى...

— ئايىم، — دېدى ئېرشات ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ، — كۆشەن ئاغا ئىككىڭلار ئازراق ئوتۇن تېرىپ ئاۋۇ ئۇجمە سايىسىگە بېرىپ تۇرۇڭلار، مەن ماۋۇ توشقاننى سويۇپ تازىلاپ كېلەي، توشقان گۆشىنىڭ تەمىنى تېتىپ باققىن.

بۇ گەپ كۆشەن ئاكىنىڭ كۆڭلىگىمۇ ياقتى.

— ئەتىگەن ئازراق زاغرا نان يەپ كەلگەنىدىم، ئاچچىق قايناپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ئېرشات كۆشەن ئاكىغا قاراپ، — ئاۋۇ پاقلانلىرىڭدىن بىرنى تۇتۇپ كەلسەڭچۇ، كاۋاپ قىلىپ ئىچ ـ قارنىمىزنى مايلىۋالايلى.

— ئۇ... ي بالام، ئۇنداي زامان قايدا، — دېدى ئۇمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

كاۋاپنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى دىماغلارغا ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئايىم بىر پارچە پىشقان گۆشنى ئاندا - ساندا چىشلەپ قويۇپ، يەنىلا خىيال بىلەن يىراقلارغا كۆز تىكەتتى.

كۆشەن ئاكا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۇل كاۋابىڭ بەك تاتلىق بوپتۇ. سىلەر ئالدىرىماي يەڭلار، مېنىڭ قويلىرىم بەك يىراقلاپ كەتتى، — دېدى ئۇ ئاتقا مىنىپ، ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

— ئايىم، — دېدى ئېرشات، — كاۋاپ يېمەي نېمە خىيال سۈرۈپ قالدىڭ؟

ئايىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ:

— مېنىڭ بوۋام: «بۇ دۇنيادا بارلىق جاننىڭ خۇداسى بار» دەيتتىكەن. دېمەك بۇگۈن خۇدا ئالدىدا بىز ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويۇپتىمىز، سىز بايام بۇ توشقاننى سۇدىن تۇتقاندا، بۇ توشقاندىن خۇددى بىر سەبىي بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىدەك بىر ئاۋاز چىقتى. بۇ ئاۋاز ھېلىمۇ قۇلىقىمدا جاراڭلاپ تۇرغاچقا، كاۋاپ گېلىمدىن ئۆتمەيۋاتىدۇ. بۇلارنىڭمۇ بۇ جاھاندا شاد - خۇرام ياشاش ھوقۇقى بار ئەمەسمۇ، بەلكىم بۇلارنىڭمۇ سەبىي بالىلىرى بولسا، شۇڭا ناله قىلىۋاتقاندۇ. بىز ئۇلارنى قوغداشنىڭ ئورنىغا، ئەكسىچە جېنىغا زامىن بولدۇق...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئېرشات، پۇشايمان قىلغاندەك ئويلىنىپ قالدى:

— توغرا گەپ قىلدىڭ ئايىم، بۇ توشقاننىڭ ئاۋازى مېنىڭمۇ ئېچىمنى ئاغرىتىپ قويغانىدى. بۇرۇن بۇ مەھەللىدە بىر داڭلىق ئوۋچى بولغانىكەن. ئۇ داۋاملىق تۈلكىلەرنىڭ تېرىسىنى سويىدىكەن. ئۇ ياشانغاندا بەدەنلىرىنى جاراھەت بېسىپ، تېرىلىرى تەتۈر سويۇلۇپ، تۈلكىلەرنىڭ چىرقىراشلىرى قۇلىقىدا جاراڭلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم باشقىلارغا ئوۋچىلىق قىلماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. مەن شۇ

گەپنى ئاڭلىغاندىن بۇيان، ئوۋچىلىق قىلمايدىغان بولغانىدىم، — دېدى ئېرشات ئايىمگە قاراپ، — بولدى، ئەمدى ئۆتكەن ئىش ئۆتۈپ كەتتى. يەنە نېمە خىيال سۈرۈۋاتىسەن؟

— بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادلىرىمىزنى ئويلاپ قالدىم.

— ئويلاپ نېمە قىلىسەن؟ كېلەچەكتە بىزمۇ ئەجداد بولۇپ قالىمىز، بۇ دۇنيا مانا مۇشۇنداق.

— بىراق، بىز بۇ دۇنيانىڭ يارىماس ئىنسانلىرىدىن بولۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

— سېنىڭچە بىز نېمە ئىشلارنى قىلساق بولار؟

— مېنىڭچە قىلساق ئىش تولا. ئەسلىدە مۇمكىن بولغان بولسا، ئىككىمىز مۇئەللىم بولۇپ قالغان بولساق، بۇ نامرات يېزىدىكى ئوقۇشسىز قېلىۋاتقان سەبىيلەرنى ھەقسىز تەربىيلەپ كەلگۈسىدە يارامىلىق، خەلققە پايدىلىق ئادەملەردىن قىلىپ يېتىلدۈرۈش ئارزۇيۇم بار ئىدى. ئەمدىكى گەپ، يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىۋەتسە، بىزمۇ كۆتۈرگە بەرگەن يەرلەرگە قاتتىق ئىشلەپ يۇرتىمىزنى باغۇ بوستانلىققا ئايلاندۇرۇشتا.

— شۇ گۈللەردىن ئۆزىمىزگىمۇ ئازراق ئېلىپ قويارسەن، ھەممىسىنى خەققە بېرىۋەتمەي، — دېدى ئېرشات كۈلۈپ تۇرۇپ.

— باي بولۇپ روناق تاپساق يوقسۇللارنى يۆلەيلى، مائارىپقا ياردەم بېرەيلى، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز بىزدىن رازى بولۇپ قالسۇن، ئۇلار نادانلىق ئۇستىدىن كۈرەش قىلسۇن، ئۆز خەلقىگە يارامىلىق ئادەم بولسۇن!

— بۇ گەپلەر نەرىڭدىن چىقىۋاتىدۇ؟ — دېدى ئېرشات ئۇنىڭغا يېقىنلاپ.

— نەرىمدىن چىقاتتى، قەلبىمدىن!

— ئەكىلە ئاشۇ گۈزەل قەلبىڭنى كۆرۈپ باقاي، — ئېرشات ئۇنى قۇچاقلىدى.

— ھوي، قورسىقىمنى باسماڭ! — دېدى ئايىم ھۇپپىدە

قىزىرىپ.

— ئوھۇ! مەن «دادا» بولىدىغان ئوخشايمەن! — دېدى ئېرشات ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇ ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ھاياجىنىنى باسالماي يەنە ۋارقىرىۋەتتى.

— ئو...ي! مەن «دادا» بولىدىغان بولدۇم! ...ئۇ...ي! بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز بولىدىغان بولدى!

ئۇنىڭ بۇ سادالىرى شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان بۇ سىرلىق ماكاننىڭ ئاسمىنىدا جاراڭلىغاندەك سېزىلدى...

كۈنلەر، ئايلار ۋە يىللار ئۆتۈشكە باشلىدى. ئايىم سەھەر تۇرسا كۈن پاتقۇچە چوڭ ئۆينىڭ ۋە ئۆز ھۇجرىسىنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. بەزى كۈنلىرى نان يېقىپ، كالا سېغىپ، تاماق ئېتىپ، كىر يۇيۇپ تازا ھاراتتى، لېكىن ھارغىنلىقىنى زادىلا چاندۇرمايتتى. بەزىدە گۆھەرخان ئانا ئاغرىپ يېتىپ قالسا ئايىم بەكمۇ بىئارام بولۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي «ئاپا، ئازراق چاي دەملەپ بېرەيمۇ؟ كىچىككىنە شورپا ئىچكەن بولسىڭىز ئوبدان بولاتتى» دەپ تەمتىرەپ پەرۋانىدەك چۆرگىلەيتتى.

گۆھەرخان ئانا «رەھمەت بالام، ھېلىمۇ بۇ ئۆيگە سىز كېلىپ قاپسىز، سىز بولمىغان بولسىڭىز قانداقمۇ قىلاريدىم، مەن كىچىككىنە ياخشى بولۇپ قالسام، ئاپىڭىز بىلەن دادىڭىزنى كۆرۈپ كېلىڭ، ئۇلارمۇ سىزنى بەك سېغىنغاندۇ» دەپ ئايىمنىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى. مانا مۇشۇنداق ئىناق ۋە كۆڭۈل ئازادىچىلىك ئىچىدە ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ - تۆت يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئايىم بۇ ئائىلىگە بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغۇپ بېرىپ ئۇلارنى بەكمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. قەمەرمۇ يىراق بىر كەنتكە ياتلىق بولۇپ كەتكەچكە، بۇ ئائىلىنىڭ بارلىق ئىشلىرى ئېرشات بىلەن ئايىمغىلا يۈكلەنگەنىدى.

كۈز پەسلى يېتىپ كەلدى. ئېرشات ھۆددىگە ئالغان يەرلەرگە جاپالىق ئىشلىمەكتە. ئۇ ئېتىزغا سەھەر كەتسە، كەچتە

بىراق كېلىدىغان بولۇۋالدى.

ئايىم بۇگۈن بىر تۈرلۈك ھارغىنلىق ھېس قىلدى. «ئۇھ» دېدى ئۇ ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ، بىر چېلەك سۇنى قىرغاققا ئارانلا ئاچىقىپ بېقىنىنى تۇتۇپ: نېمە بولغاندىمەن؟ پات - پاتلا بېقىنىم مۇجۇلۇپ ئاغرىپ ماغدۇرسىزلىنىپ قالىمەن. ئېرشاتقا دېسەم ئۇ بىئارام بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆستىگە ئىشىنىڭ تازا ئالدىراش مەزگىلى تۇرسا... دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

گۆھەرخان ئانا پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ، بۆشۈكتىكى نەۋرىسىنى ئەركىلىتىپ ئولتۇراتتى. ئايىم چېلەكتىكى سۇنى ئوچاق بېشىغا قويۇۋېتىپ:

— ئاپا، ئوغلىڭىز بۈگۈنمۇ ئېتىزدىن كەچ كېلىدىغان ئوخشايدۇ، تاماق ئەتسەم ئۇلگۈرىمەن، نېمە تاماق ئەتسەم بولار؟ — دېدى.

— ياق قىزىم، — دېدى ئانا كۆزىنى بالىدىن ئۈزمەي، — بۈگۈن بەك چارچاپ كەتتىڭىز، بىرەر كۈن چاي ئىچكەنگە ھېچ نەرسە بولمايدۇ.

ئايىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان بۆشۈكتىكى سەبىي قىز ئاغزىدىكى سوسكىسىنى «پىرت» قىلىپ چىقىرىۋېتىپ، ئاپىسىغا ئىنتىزارلىق بىلەن تەلمۈردى. نەۋرىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن ئانا دەرھال بالىنى يېشىپ ئايىمنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئايىم بوۋاقنى ئۆز ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ باغرىغا باستى. ئوماق قىزنىغا زوقى كېلىپ چاچلىرىنى سىلىغىنىچە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ چاغدا ئېرشات ئۆيگە كىرىپ كەلدى - دە، بالىنى قولىغا ئېلىپ سۆيدى. ئاندىن ئايىمنىڭ سولغۇن چىرايىغا قارىدى:

— نېمە بولدۇڭ؟ كۆزلىرىڭ ئولتۇرۇشۇپلا كېتىپتۇ، مىجەزىڭ يوقمۇ؟ — دېدى.

— سىزگە ئاچچىقلاپ قالدىم، — دېدى ئايىم نەتۇر قاراپ.

— نېمىشقا؟

— ئېتىزنىڭ ئىشلىرى تۈگىمەيۋاتقان بولسا ماڭا نېمىشقا دېمەيسىز، بىللە ئىشلىسەك پايدىسى بولاردى.
— ساڭا بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىشلىرىمۇ ئاز ئەمەس.
— ئۆيلەرنى ئاقارتىپ بولدۇم، نانىنىمۇ يېقىۋالدىم، كىر - قاتلارنىمۇ يۇيۇپ بولدۇم، ئەمدى سىز بىلەن بىللە ئىشلەشەم دەيمەن.
— خۇدايىم سېنىڭدەك بىر ۋاپادار ئايالنى ماڭا بەرمىگەن بولسا، مۇشۇ كۈنلەردە قانداقمۇ قىلاردىم - ھە؟
— ئاپاممۇ بۇگۈن ماڭا «خۇدايىم ماڭا سىزگە ئوخشاش كۆيۈمچان كېلىننى بەرمىگەن بولسا، مەن بۇ ئۆيدە قانداقمۇ قىلاردىم» دەپ كۆڭلىنى ئېيتتى. سىزمۇ شۇنداق دەپ كۆڭلۈمنى خۇش قىلىۋاتىسىز، مەن نېمىدېگەن بەختلىك - ھە؟
— سەن بەختلىك بولساڭ، مەنمۇ بەختلىك، ئېتىزدىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلسەم سېنى كۆرۈپ ھاردۇقۇم چىقىپلا قالىدۇ، ئېتىزلاردىمۇ سېنى ئويلاپ قالىمەن.
— سىزنىڭ مۇشۇنداق يېقىملىق گەپلىرىڭىز مېنىڭ دىلىمنى بەكمۇ يايرىتىۋېتىدۇ. قەدىرلىكىم، بۇگۈن سىزگە تاماق ئېتەلمىدىم، مېنى كەچۈرەرسىز.
— مەن دېدىمغۇ، ماڭا پەقەت سەنلا بولساڭ بولدى. تامىقىڭنىڭمۇ كېرىكى يوق. بەزىلەر ماڭا: «ئەر - ئايال دېگەن بىر - بىرىنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈپ كەتسىمۇ بولمايدۇ» دەيدۇ. بۇ گەپنىڭ سەۋەبى نېمىكىن؟
— ئېچى يامانىنىڭ ئىچى، كۆزى يامانىنىڭ كۆزى، تىلى يامانىنىڭ تىلى تېگىپ قالىدۇ، دەمدىكىنتاڭ؟ !...
— ئەمىسە خەق بار يەردە بىر - بىرىمىزنى تىللايلى بولامدۇ؟
ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. بىر جۈپ لەۋلەر بىر - بىرىگە تەگدى. قۇچاقتىكى بالا نازۇك ۋە ئوماق قوللىرى بىلەن ئۇلارغا ئېسىلدى.

# تۆتىنچى باب

## پۇشايمان

### 1

كۈنلەر ۋە ئايلار ئۆتۈپ يازمۇ كەلدى. بۇ جەرياندا ئېرشات-نىڭ كۆز ئالدىدىن ۋاپادار ئايالى ئايىمىنىڭ سىماسى زادىلا كەتمە-گەن بولسىمۇ، مېھرىبان ئانىسىنىڭ ئانىلىق مېھرى شۇنداقلا ئىككى بالىسىنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا خېلىلا تەسەللى بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا «ئايىمىنىڭ كېسىلىنى نېمىشقا بالدۇرراق سەزمىگەندىمەن، ئۇنى نېمىشقا ئېغىر ئەمگەك-لەرگە سالغاندىمەن. ئالدىنئالا سەۋەب قىلغان بولسام ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بولاردى» دەپ پۇشايمان قىلاتتى.

بەزىدە ئۇنىڭ ئىچى سىقىلاتتى، ئايىم بىلەن ئۆتكەن مەنى-لىك تۇرمۇشىنى ئېسىگە ئالسا، ئۆزىنى نەگە قويارىنى بىلمەي قالاتتى. شۇڭا ئۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن پات - پات ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان بولۇۋالدى. راستىنى ئېيتقاندا، شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ مىسكىن كۆڭلىگە تەسەللى بېرىدىغان بىرەر كۆيۈمچان دىلكەش كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەقى-قىي دوستلار كۈنسېرى ئازىيىپ بارغاندەك سېزىلەتتى. شۇڭا ئۇ بەزىدە يەككە - يېگانە ھالدا ھاراق ئىچىپ يۈرىكىدىكى دەردلىرىگە تەسەللى تاپماق بولاتتى.

بىر كۈنى ئۇ ھاراق ئىچىۋېتىپ بىر نەچچە يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قالدى. باشتا ئۇ بۇ يىگىتلەرنى ئانچە چۈشەنمىسىمۇ ئۇلار بىلەن دوست بولۇپ قالدى. ئۇلارنى چۈشەنگەندە ئۆزىنى قاچۇرۇپمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالغانىدى. ئۇلارنىڭ بىرى:

— مېنىڭ ئىسمىم ئابلاجان، — دېدى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — مېنىڭ بۇرۇتۇم ياپونلۇقلارنىڭ بۇرۇتىغا ئوخشىغاچقا، كىشىلەر مېنى «ئابلا بۇرۇت» دەپ ئاتايدۇ. ماۋۇ ئاغىنەمنىڭ ئىسمى نەمەتجان، بۇ ئاغىنىمىز بەزىدە نامەردلىك قىلىدىغان مىجەزى بولغاچقا، بۇنى «نامەرد» دەپ ئاتايمىز. سېنىڭ مىجەزىڭ بىزگە يېقىپ قالدى ئاداش. گېپىڭگە قارىغاندا، ئۆلۈپ كەتكەن ئايالىڭنىڭ ئارمىنىنى يەپ يۈرۈپسەن. ئوغۇل بالا دېگەننىڭ بېشىغا نى - نى كۈنلەر كېلىدۇ. ئۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. مانا مەن سەككىز خوتۇن ئېلىپ قويۇۋەتتىم. مىجەزىمەگە ياقمىسا ئۇنىمۇ قويۇۋېتىپ، ئونىغا يەتكۈزەي دەۋاتىمەن. خوتۇن دېگەن ئۆلۈپ كەتسە قىرىق كۈندىن كېيىنلا خوتۇن ئالساڭ بولىدۇ، ئاجرىشىپ كەتسەڭ ئەتىسىلا بىرنى ئالساڭ بولىدۇ، بىز ساڭا ياردەم قىلىمىز ئاداش! — دەيتتى ئابلا بۇرۇت.

ئابلا بۇرۇت بۈگۈنمۇ ئاپتوبۇس بېكىتىدە تۇراتتى. شەھەردىن باغ سەيلىسىگە چىقىدىغان كىشىلەرمۇ كۆپ ئىدى. ئاپتوبۇس بېكەتكە كېلىپ توختىدى. ئاپتوبۇستىن چۈشكەنلەر ئىچىدە ئالاھىدە ياسىنىۋالغان زىلەيبۇۋىمۇ بار ئىدى.

ئابلا بۇرۇت زىلەيبۇۋىنى تەستە تونۇدى - دە، ئۇنىڭ كەينىگە چۈشتى. زىلەيبۇۋى كۆچىتلەر ئارىسىغا ئۆتۈپلا كىچىككىنە سومكىسىدىن ئەينىكىنى ئېلىپ يۈز - كۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ ياسىنىۋالدى.

— تونۇماي قالغىلى تاس قاپتىمەن سېنى، ھە! قانداقراق تۇردۇڭ؟ — دېگىنىچە ئابلا بۇرۇت ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. زىلەيبۇۋى يېنىغا بۇرۇلۇپ قاراپ قىسقىلا ئامانلاشتى.

— بۇگۈن بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن. جۇرە ئۆيگە بارايلى، — دېدى ئابلا بۇرۇت.

— ياق، بۇ قېتىمقى ئالغان خوتۇنىڭىزدىن قورقىمەن…

— جۇرە ئەمىسە بازاردىن تاماق يەپ باغقا كېتەيلى.

— بۇ گېپىڭىز بولىدۇ. شەھەر ئىچى بەكلا ئىسسىپ كەتتى. ھاۋا يەپ كېلەي دەپ چىققانىدىم. ئەمما…

— ھە، نېمە ئەمما؟

— ئايالىڭىز كۆرۈپ قالسا، چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ. شۇڭا سىز بىلەن ئەمدى ئارىلاشماي دەپ ئويلىغانىدىم.

— ئۇنداق كۆنلەمچى خوتۇننى قويۇۋېتىمەن! — دېدى ئابلا بۇرۇت مەيدىسىنى كېرىپ، — ھە، راست، بىر مۇھىم گەپ بار ئىدى تېخى.

— نېمە مۇھىم گەپتى ئۇ؟

— مەن ساڭا بىر يىگىت تېپىپ قويدۇم، بەلكىم ئۇ بۈگۈن بازارغىمۇ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ قالساڭ ئۆي تۇتۇپ قالىسەن تېخى، ئۇنداق بولغاندا بىز پات - پات ئۇچرىشىپ تۇرىمىز.

زىلەيبۇۋى خۇشال بولۇپ كۈلۈپ كەتتى، قانداقراق يىگىتكىنتاڭ؟

— ئۆيدە ياشىنىپ قالغان ئاتا- ئانىسى بىلەن ئىككى بالىسى باركەن. ئايالى ئۆلۈپ كەتكىلى ئانچە ئۇزاق بولمىسا كېرەك، ئايالىنىڭ دەردىدە ساراڭ بولاي دەپ قاپتۇ. بىز بىلەن تونۇشقاندىن بۇيان ئىچىپلا يۈرىدۇ. ئۆزى مەرد يىگىتتەك قىلىدۇ، - ئۇنىڭ گېپى شۇ يەرگە كەلگىنىدە، ئېرشات ۋېلىسىپىت بىلەن يولىنىڭ چېتىدىن ئۆتۈپ كەتتى، — ئەنە كەپتۇ، دېگەندەك كەپتۇ، — دېدى ئابلا بۇرۇت ئېرشاتنى كۆرسىتىپ.

— خېلى قامەتلىك يىگىتكەن، — دېدى زىلەيبۇۋى.

ئېرشات دائىم تاماق يەيدىغان ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ

ۋېلىسىپىتكە قوٚلوٚپ سېلىۋاتقىنىدا، مۇرىسىگە يوغان بىر قول چوٚشتى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئابلا بۇرۇت بىلەن قىزغىن سالام-لاشتى.

— بۇگۈن ساڭا بىر خوٚش خەۋەر ئېيتىمەن ئاداش، ئالدى بىلەن مېھمان قىل!

— بولىدۇ، مېھمان قىلاي، — دېدى ئېرشات. ئۇ كۇتكوٚچە-گە ئىككى قورۇما بىلەن بىر جىڭ ھاراق بۇيرۇدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە زوقى كەلگەن ئابلا بۇرۇت:

— ئاداش، ئۆتكەنكىگە قارىغاندا چىرايىڭ ئوڭشىلىپ قاپتۇ جومۇ؟ — دېدى.

— سېنىڭ گەپلىرىڭنىڭ ئورۇنلۇق يەرلىرىمۇ بارىكەن، ھاراق دېگەن نەرسە بىر ئاز بولسىمۇ ئوي - خىياللاردىن خالىي قىلىدىكەن ئەمەسمۇ!

— ھا، ھا، ھا… ئۆتكەندە نامەرد ئىككىمىزنىڭ قىلغان گەپلىرى تەسىر قىپتۇ جومۇ؟! تۇت كۇنلۇك جاھاندا: «ئايالىم ئۆلۈپ كەتتى، ۋاپار ئايال ئىدى» دەپ ھەسرەتلىنىپ يىغلاپ يۈرگىنىڭنى قارىمامدىغان، بىزنىڭ بۇ تاقىر باشقا نېمە ئىشلار كەلمىگەن. ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا، بىر كۇننى بولسىمۇ خوٚ-شال ئۆتكۈزۈشنى ئويلا، بىزمۇ ئۆلۈپ كېتىمىز. قويە ئاداش ھارىقىڭنى…

ئېرشات ھاراق قۇيۇشقا باشلىدى. ئۇ بىر رومكا ئىچىۋې-تىپ:

— ھە ئاداش، بايامقى خوٚش خەۋىرىڭنى ئەمدى ئېيتاما-سەن؟ — دېدى.

— ساڭا بىر لايىق تاپقاندىم

— ئا…ھا، شۇ گەپمىدى؟ ئايالىمنىڭ يىلى توشماي تۇرۇپ مەن ئۆيلەنمەيمەن. يەنە كېلىپ ئىككى بالام بار تۇرسا…

— يارىسا ئالىسەن، يارىمىسا ئويناپ يولىغا سالى-

سەن. ساڭا چاپلىشىۋالامتى، خوتۇنسىز ئۆي، ئۆي بولامتى؟ بالىلىرىڭنىڭ تەلىيى بولسا، بىر ياخشى ئانىغا ئىگە بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئېرشات ئاخىرقى رومكىنى ئىچىپ، چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

— قانداقراق ئايالكەن ئۇ؟ — دېدى ئارانلا.

— ھېلى كۆرىسەن، ئەمما بەك سەتەڭ. ئۇ سېنى كۆردى. تاماق يەۋېلىپ چوڭ كۆۋرۈكتە سېنى ساقلاپ تۇرماقچى بولغان.

— ھە...توغرىلاپ قويۇپتىكەنسەندە؟ گېپىڭ راست بولسا يەنە يېرىم جىڭ ئىچەيلى، ئاندىن ...

— بولدى ئاداش، ھېلىمۇ ئوبدانلا تەڭشىلىپ قالدۇق. مەن سېنى ئۇ قىز بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويۇپ كېتەي، — دېدى ئابلا.

ئېرشات ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ، سەنتۈرۈلۈپ ماڭاتتى. ئۇلارغا ئۇدۇل كېلىپ قالغان كىشىلەر نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن ئالىيىپ قويۇپ يول بېرەتتى.

زىلەيبۇۋى راستىنلا ئۇلارنى كۆۋرۈك بېشىدا كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ يىراقتىنلا ئۇلارنى كۆرۈپ، ئابلا بۇرۇتقا قاراپ «سەن كېتىۋەر» دېگەن ئىشارەتنى بەردى. ئابلا بۇرۇت ئەھۋالنى چۈشىنىپ، ئېرشاتنىڭ مۈرىلىرىنى قېقىپ:

— ئە...ئە ئاداش، ئاشۇ قىز شۇ، يېنىغا بېرىپ تارتىنمايلا گەپ قىلىۋەرگىن، — دېدى.

ئېرشات زىلەيبۇۋىگە كۆز تاشلىدى. چېچىنى گۈل شەكلىدە قىلىپ يېرىم بۇدۇر قىلغان. ئېگىز بوي، ئۇچىسىغا قىممەت باھالىق ئۇزۇن كۆڭلەك. پۇتىغا ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيگەن، مۈرىسىگە كىچىككىنە سومكا ئېسىۋالغان بۇ ئايال ئېرشاتنىڭ كۆزىگە بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

ئېرشات ۋېلىسىپىتىنى مىنگىچە ئۇدۇل زىلەيبۇۋىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تورمۇزلىدى، يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. ھاراق-

ىنىڭ كەيپى بارغانسېرى تۈتۈۋاتاتتى. زىلەيبۇۋى ئۇنى تونۇپ قالدى: «دەل شۇ ــ دەل شۇ» دەپ خۇش بولدى كۆڭلىدە.
— مەست بولۇپ قالمىغانسىز؟ — دېدى ئۇ نازلىنىپ.
ئېرشات ئۇنىڭ تارتىنماستىنلا ئالدىن سۆز ئاچقانلىقىغا خۇش بولۇپ، ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلدى ــ دە:
— ياقەي، بىر ئاز كەيپ بولۇپ قالدۇقتە… — دېدى.
ئۇ زىلەيبۇۋىگە سىنچىلاپ قاراپ ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا ھېس قىلدى.
— مەن سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەنغۇ؟ — دېدى.
— ھى… ھى… سىزمۇ تونۇپسىز ــ دە؟ مەن سىزنى بىر كۆرۈپلا تونۇۋالدىم… ئۇ چاغدا مەندىن رەنجىپ كەتتىڭىز ــ ھە؟
— ياق، ياق سىزدىن رەنجىمىدىم، ئاكىڭىزدىن.
— ئاكامنىڭ مىجەزى شۇنداق، ئۇنىڭ قىلىقلىرى ماڭىمۇ ياقمايدۇ. ئۇ چاغدىكى ئىشلار توغرىسىدا سىزدىن كەچۈرۈم سو- رايمەن. قانداق كەچۈرۈۋېتەمسىز؟
— كەچۈرىمەن، كەچۈرۈۋېتىمەن.
— شۇ ئالمىڭىز بۇ يىلمۇ پىشقاندۇ؟ — سورىدى زىلەيبۇۋى نازلانغان ھالدا.
— پىشتى، پىشتى، گەپ ئىككىمىزنىڭ گېپىنىڭ پىشىشىدا.
— ئەمىسە بېغىڭىزغا باشلاڭ، ئالمىلىرىڭىز پىشقان بولسا، گېپىمىزمۇ پىشىپ قالار.
ئېرشات ئۇ قىز بىلەن مۇنداق ئاسان چىقىشىپ قالغانلىقىغا ئانچە ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ئابلا بۇرۇتنىڭ: «يارىسا ئالىسەن، يارىمىسا يولغا سالىسەن» دېگەن سۆزى نامايان بولدى.
ئېرشات ئۇ قىزنى باشلاپ كېتىۋاتقىنىدا ئىككى ياش يىگىت ئېرشاتنى كۆرۈپ بىر ــ بىرىگە مەنىلىك قاراشتى:

— ئاپلا، — دېدى ئۇلاردىن بىرى، — بۇ ئاداش يامان يولغا مېڭىپ قاپتۇ - دە؟ ھەي، بۇ ئاداش بۇ قىزنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ قالمىغىيدى.

— نېمە؟ سەن ئۇ قىزنى تونۇمسەن؟ — دېدى يەنە بىرى.

— تونۇيمەن، «زىلەي سەتەڭ» دېگەن قىز شۇ.

— ئەمىسە ئېرشاتنى ماڭغان يولىدىن قايتۇرۇۋالايلى.

— قانداق قايتۇرىسەن؟ ئۇ مەست تۇرسا. مۇشۇ تاپتا ئۇنى «سەن باغقا ئەمەس، دوزاخقا كېتىپ بارىسەن!» دەپ تۇتۇۋالساڭمۇ بىكار!

— بوپتۇ ئاداش، ئۆزىنىڭ شورى. ئۇمۇ خوتۇنسىراپ كەتكەندۇ. ئىچى سىقىلغاندۇ، يورە يولىمىزغا ماڭايلى.

ئىككىسى ئېرشاتقا ئىچ ئاغرىتقان ھالدا كېتىپ قالدى.

ئېرشات بىلەن زىلەيبۇۋى باغ ئارىلاپ مۇڭدىشىپ ئۆيگە بارغۇچە گۇگۇم چۈشۈپ قالغانىدى.

تاڭ سەھەر. زىلەيبۇۋى ئۇيقۇدىن ئويغاندى. ئۇنىڭ يېرىم يالىڭاچ بەدىنىگە يوغان بىر قول ئارتىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئېرشاتنىڭ قولىنى ئاستا ئېلىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى.

ئۇ دېرىزىدىن ئاستا سىرتقا قاراپ، بامدات نامىزىنى ئۆتەش ئۇچۇن مەسچىتكە ماڭغان ئېلاخۇن ئاكا بىلەن چۆگۈن كۆتۈرۈپ تەرەت ئالغىلى ماڭغان گۆھەرخان ئانىنى كۆردى.

ئۆزۈم باراڭلىق ئازادە ھويلىلار ئالاھىدە پاكىز ۋە كۆركەم كۆرۈنۈپ تۇراتتى. زىلەيبۇۋى ئۆزىنى بەكمۇ راھەت ھېس قىلدى. ئۇ بۇ سەھەرلىق ئانچە قورۇق قول ئەمەسكەن. ئاۋۇ ئىككى ساندۇقنىڭ ئىچىمۇ ئانچە قورۇق ئەمەستۇ. بۇنىڭ ئۆپكىسى يوق دادىسى بىلەن قېرى ئانىسى بارىكەن. بۇلار قانچىلىك ئۆمۈر كۆرەتتى، ھېلىقى ئىككى كۈچۈكى مېنىڭ مالىيىم. ھازىردىن باشلاپلا بۇنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتاي، بولمىسا تۆت ئەرگە تەگكىنىمنى بىلىپ قالسا ئىش چاتاق. كاللا ئىشلىتىپ تەدبىر قوللى-

نىدىغان بولسام، بۇنىڭ ھەممە نەرسىسى ئۆزۈمنىڭ بولىدۇ. دېگىنىمنى قىلىپ، دېگەن يېرىمدىن چىقسا ئۆي تۇتۇپ قالىمەن. بولمىسا مۇنداق سەھرالىقنى ئاخىر سويغان پىيازدەك قىلىۋېتىپ يولۇمغا ماڭىمەن. يېقىندىلا مەنمەن دەپ يۈرگەن ھېلىقى شەھەر-لىكنى داد - پەرياد دېگۈزۈۋەتكەنىدىم. ئۇنىڭ ئالدىدا بۇ نېمە ئىدى... دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

ئېرشاتنىڭ سەل مىدىرلاپ قويۇشى، ئۇنىڭ يەنە داۋام قىل-ماقچى بولغان خىياللىرىنى بۇزۇپ قويدى...

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ زىلەيبۇۋى ھەپتىدە ئىككى قېتىم ئېرشاتنىڭ ھۇجرىسىدا قونۇپ قالىدىغان بولدى...

2

بىر كۈنى كەچكە يېقىن زىلەيبۇۋى ئۇدۇللا ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ گۆھەرخان ئانىغا ئىككىنچى قېتىم كۆرۈنۈشى ئىدى. ئۇ تولىمۇ بىچارە كۆرۈنۈشكە كىرىۋالغانىدى، پەقەت گۆھەرخان ئانىلا ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىدىغاندەك مىسكىن كۆرۈش-تى، چۈنكى شۇ كۈنلەردە ئېرشات ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنى چاندۇرۇپ خىيالغا چۆكۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇ كۆرۈنۈشى زىلەيبۇۋىنى ئەندىشىگە سېلىپ قويغانىدى.

ئاق كۆڭۈل ئانا بىر ئاز يۇمشاق قالدى بولغاي:

— كېلىڭ قىزىم! — دەپ قارشى ئالدى. زىلەيبۇۋى ئۆيگە كىرىپ بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئولتۇردى. ئېرشاتنىڭ ئىككى بالىسى زىلەيبۇۋىنى كۆرۈپ، مومىسىنىڭ كۆڭلىكىنى قالقان قىلىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى. ھەتتا زىلەيبۇۋى تەڭلىگەن كەمپۈتلەرنىمۇ ئالمىدى.

گۆھەرخان ئانا داستىخان سېلىۋېتىپ:

— مەن ئېرشاتقا ئېيتاي قىزىم، ئاڭلىسام سىز بىر يېتىم

قىزكەنسىز، ئېرشاتنى ياخشى كۆرمىگەن بولسىڭىز ھەرگىز كەلمىگەن بولاردىڭىز. قولۇم - قوشنىلارمۇ سۆز - چۆچەك قىلىشىۋېتىپتۇ، بۇپتۇ قىزدىم، نىكاھلىنىپ ئالساڭلار ئېلىڭلار، — دېدى. زىلەيبۇۋى خۇشاللىقىدىن ئۇلۇغ — كىچىك تىنىپ قويدى.

3

ئېرشات بىلەن زىلەيبۇۋى نىكاھلىنىپ تۆت - بەش ئاينى خېلىلا كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن زىلەيبۇۋىنىڭ كونا كېسىلى قوزغىلىپ، ئۇنىڭدىكى بىچارىلەرچە تەلمۈرۈشلەر ھىيلە - مىكىرگە ئايلىنىشقا باشلىدى.

ئۇ ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن گۆھەرخان ئانا بىلەن يوقىلاڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ جېدەللەشتى. ئېرشات كەلگۈچە يوغان سومكىسىغا ئالىدىغان مۇھىم نەرسىلەرنى سېلىپ شەھەرگە يولغا چۈشتى.

ئېرشات بۈگۈن ئېتىزدىن بەكمۇ كەچ كەلدى. ئۇنىڭ روھى بەك چۈشكۈن ئىدى. چۈنكى بۇ يىل ئۇ ئېتىزغا ئوبدان ئىشلىيەلمىگەچكە بۇغدايلىرى ئاينىماي، قوناقلىرى بولسا چۆپ بېسىپ كەتكەنىدى. بۇ يىلقى دارامەت يەر بېجى، سۇ بېجى، مەجبۇرىيەت دېگەنگە ئوخشاش باجلارغىلا كېتىدىغان ئوخشايدۇ...دەيتتى ئۇ كۆڭلىدە غەش بولۇپ.

ئۇ ھويلىغا كىرگەندە، ئۆيلەرنىڭ جىمجىت، ھويلىنىڭ ئىچى سۆرۈن كۆرۈنۈپ بىرەر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ بولغىنىنى سەزگەن ئېرشات:

— ئاپا! تاماقمۇ يېمىدىڭلارمۇ نېمە؟! — دېگەن سوئالنى ئارانلا سورىدى. گۆھەرخان ئانا ئۆينىڭ ئىچىدە ئىككى نەۋرىسىنى يېنىغا ئېلىپ، بېشىنى ياغلىق بىلەن تېڭىپ ياتاتتى. ئۇ چىراي-

نىمۇ ئاچماي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلۇغ — كىچىك تىنىدى. ئۇ
سوغۇق ئاۋازدا:
— ھە...تاماق يېدۇق، ئاغزى - بۇرنىمىزدىن ئاشقۇدەك
يېدۇق، سەن كېچىكىپ قالدىڭ، بولمىسا سەنمۇ ئېغىز تېگەر
ئىدىڭ! — دېدى.
ئەھۋالنى چۈشەنگەن ئېرشات ئۆيگە كىرىپ:
— ئۇ قېنى؟! — دەپ ۋارقىرىدى.
— كەتتى...يوغان سومكىنى ئاران كۆتۈرۈپ قاياققىدۇر
يوقالدى.
ئېرشات شۇ زاماتلا: بولدى، كۆڭلۈممۇ سەزگەن...ئۇ ساند-
دۇقلاردىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كەتتى
تايىنلىق... دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.
— ئاپا، زادى نېمە ئىش بولغان؟
— نېمە ئىش بولاتتى، ئۆستەڭدىن بىر چېلەك سۇ ئەكەلگەن
ئارىلىقتا ئىككى بالىنى ئۆيگە سولىۋېلىپ، ئىشقا بۇيرۇسام نې-
مىشقا ماڭمايسەن، دەپ قۇلاقلىرىنى سوزۇۋېتىپتۇ. بالىلارغا
چىدىماي يۈگۈرۈپ كېلىپ: «سەۋر قىلىڭ قىزىم، بالىلارنى
قورقۇتماڭ» دېيىشىم بىلەنلا: «ھە، ئۆلمەيدىغان جەددال، بۇ
بالىلارنى مېنىڭ باشقۇرۇشۇمغا ئارىلاشما، ھەممە ئىشىمىزغا
ئارىلىشىۋالىدىغان بولدۇڭ، بىزنى ئۆي تۇتقىلى قويامسەن -
يوق؟» دەپ ۋارقىراپ تىللاپ توۋامغا تاياندۇردى. ساقچىغا دەم-
دۇ، سوتقا دەمدۇ، دەۋا قىلىمەن دېگەن گەپلىرىمۇ بار تېخى،
ئۇنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراشلىرىنى ئاڭلىغان قولۇم - قوشنىلار
ھويلىغا يىغىلدى. كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالدى. ئارد-
لاپ ياقىسىنى تۇتۇپ تۇرغان كىشىلەرنى كۆرۈپ قالدىم. نېمىدې-
گەن رەسۋاچىلىق، ئاغزىدىن چىققان گەپلەرگە چىدىغىلى بولماي-
دۇ. بىر كەمدە يوغان سومكىنى كۆتۈرۈپ ماڭغىنى كۆزۈمگە
چېلىقتى شۇ...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئىرشاتنىڭ ۋۇجۇدى غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. لېكىن يەنىلا «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرۇپ قالدى...

4

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتتى. بىر كۈنى كەچتە زىلەيبۇۋى خۇددى ئۆزى قىلغان گۇناھىنى تونۇپ، ئىرشاتتىن كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن كەلگەن قىياپەتتە ئىشىكتىن ئاستا كىرىپ كەلدى.

كارىۋاتتا خىيال سۈرۈپ ياتقان ئىرشات، ئۇنى سوغۇقلا قارشى ئالدى. ئۇلار خېلى ئۇزاق تاكاللىشىپ، ئاندىن جىمىپ قېلىشتى. ئىرشاتنىڭ كەچۈرۈمچىل مىجەزىگە زوقى كەلگەن زىلەيبۇۋى ئىرىپ كېتىپ، ئۇنىڭ لەۋلىرىگە لەۋلىرىنى تەگكۈزدى...

ئۇلار كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ ئەمدىلا ياتايلى دەپ تۇرغاندا، دەرۋازا قېقىلىپ، ئىرشاتنى چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئىرشات: «بۇ كېچىدە كەلگەن كىمدۇر؟» دېگىنىچە دەرۋازىنى ئاچتى. دەرۋازا ئالدىدا ئابلا بورۇت بىلەن نامەرد چالا كەيپ ھالدا ئامانلاشتى.

— ئاداش، سېنى بىز ئىزدەپ كەلمىسەك سەن ئىزدەپ بارمايدىكەنسەن. سەن بىزنى تاشلىۋەتتىڭ، ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك. زىلەيبۇۋى بىلەن توخۇم بېسىپ قالمىغانسەن؟! — دېدى ئابلا بورۇت چاقچاق قىلىپ.

ئۇلار تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. ئىرشات مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. زىلەيبۇۋى ئالتۇن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ قارشى قالدى...

— ئاداش ئىرشات، — دېدى ئابلا بورۇت تۆردىن ئورۇن

ئېلىپ ئۇلتۇرۇپ، — بۈگۈن بازاردىكى ئىش - ئوقىتىمىز خېلى ئوبدان بولغانىدى. شۇڭا ئاشخانىدا ئويناپ قالدۇق. ئاخىرى سېنى يادىمىزغا ئېلىپ كەچ بولسىمۇ سېنىڭ بىلەن بىردەم مۇڭ-دىشىپ كېلەيلى، دەپ ئاز بولسىمۇ «ماۋۇلارنى» ئالغاچ كەل-دۇق، — دەپ ئىككى بوتۇلكا ئاق ھاراقنى قوينىدىن چىقاردى. ئېرشات ھاراقنى كۆرۈپ:

— ئاۋارە بوپسىلەر، بۈنى يالغۇز ئىچمەيلى، مەن بىر - ئىككى سازەندە ئاغىنەمنى چاقىراي. زىلەيبۈۋى قورۇما قورۇ-سۇن، — دەپ مېڭىشىغا، زىلەيبۈۋى قوشۇلمىدى:

— بۇ كېچىدە باشقىلارنى چاقىرىپ ئاۋارە بولمايلى، — دېدى. ئابلا بۆرۈتمۇ زىلەيبۈۋىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى:

— ئۆزىمىزلا پەيزى قىلايلى. ئەكەل رومكاڭنى، قورۇما تەييار بولغۇچە بىر - ئىككى رومكا قاققاچ تۇرايلى.

قورۇمىلارمۇ تەييار بولدى. قىزىق پاراڭلار بىلەن رومكىلار ئايلىنىشقا باشلىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئېرشات بۈگۈن تېزلا كەيپ بولۇپ قالدى. ئۇ ئەدەپكە چىقىپ كەتتى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئابلا بۆرۈت رومكىغا لىق ھاراق قويۇپ زىلەيبۈۋىگە تۇتتى.

زىلەيبۈۋىنىڭمۇ ھاراق ئىچكۈسى كېلىپ نەپسى تاقىلداپ تۇراتتى. ئۇ ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويۇپ، ئارقا - ئارقىدىن ئىككى رومكا ئىچىۋەتتى.

ئىچىش، چېكىش، قۇرۇق پاراڭ سېلىش بىلەن ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى. بىر كەمدە ھاراق ئاخىرلىشىپ قالدى.

— ھەي... ي... — دېدى نامەرد تىلىنى كالۋالاشتۇ-رۇپ، — ئۇلتۇرۇش ئەمدى قىزىۋاتقىنىداھاراق تۈگەپ كەتكىنى-نى قارىمامدىغان...

— شۇنى دېگىنە، يەنە بىر جىڭ بولغان بولسا تاڭمۇ ئاتاتتى، — دېدى ئابلا بۆرۈت.

يەنە ھاراق ئىچىش ئېرشاتقا بىر ئاز ئېغىر كېلىۋاتقان بول-

سىمۇ، يەنىلا ئوغۇلبالىچىلىق قىلىپ:
— ئاغىنىلەر، شۇنچە يەردىن مېنى دەپ كەپسىلەر، سىلەر بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇڭلار، مەن دۇكانچىنىڭ ئۆيىدىن هاراق تېپىپ كېلەي، — دېدى.
— بولىدۇ، كۆڭۈلدىكىنى تاپتىڭ ئاداش! — دېدى نامەرد كۈلۈپ تۇرۇپ.
ئېرشات ئورنىدىن تۇرۇپ دەلدەڭشىگىنىچە چىقىپ كەتتى.
زىلەيبۇۋى نامەردكە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى:
— بەك يامان بالىكەنسىز... خوتۇن - بالىلىرىڭىز ئۆيدە باردۇ؟ — دەپ سورىدى. نامەرد دەرهال جاۋاب بېرەلمەي تۇرغاندا، ئابلا بۇرۇت گەپكە ئارىلاشتى:
— نەدىكىنى دەيسەن، بۇمۇ خوتۇن - بالىلىرىنى يېتىملار كوچىسىغا تاشلىۋېتىپ، باشقىلاردىن خۇشاللىق ئىزدەپ يۈرگەنلەرنىڭ بىرى، — دېدى.
نامەرد ئۇنىڭ گېپىگە كۈلۈپ قويۇپ ئولتۇرۇۋەرگەندى، ئابلا بۇرۇت ئۇنىڭغا ئاچچىقلاندى:
— يەنە ئولتۇرسەنغۇ؟ ماڭە بىردەم تالادا قاراپ تۇر، زىلەيبۇۋىگە دەيدىغان گەپلىرىم بار، — دېدى.
نامەرد غۇدۇڭشىغىنىچە تالاغا چىقىپ كەتتى...
ئېرشات تۆت چاقىرىمچە يول يۈرۈپ دۇكانچىنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپ ئويغاتتى ھەم ئىككى بوتۇلكا هاراق ئېلىپ ئۆيگە قايتتى. ھەممە تاتلىق ئۇيقۇدا، پەقەت ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى بىلەن خورازلارنىڭ چىللاشلىرى بۇ كېچە جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.
ئېرشات ئۆيگە كېلىپ سۇپىغا چىقىۋاتقاندا، دالان ئۆيدىن زىلەيبۇۋىنىڭ نازلىنىپ سۆزلەۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى... ئېرشات بىر ئاز ئەجەبلىنىپ تۇرغاندا، بىر بوم ئاۋاز ئاڭلاندى:
— راستىنى ئېيتسام، سېنى سېغىنىپ كەلگەندىم...

— ئەمدى مېنى ئۇنتۇپ كەت، مەن بۇ سەھرالىقنى ياقتۇرۇپ قالدىم. بىزنى خاتىرجەم ئۆي تۇتقىلى قوي…

ئېرشات ئەھۋالنى چۈشىنىپ بولغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ تاقىتى قالمىدى. غەزەپ بىلەن ئىشىكنى تېپىپ ئېچىپ ئۆيگە كىردى ـ دە، قولىدىكى بوتۇلكىلارنى ئالدىدىكى قارا گەۋدىگە بىر ـ بىرلەپ ئاتتى. بىرى قارا گەۋدىگە تەگدى، يەنە بىرى يەرگە چۈشۈپ چېقىلدى. ئۇ قارا گەۋدىگە يولۋاستەك تاشلىنىپ ئىككى مۇشت بىلەن تىك موللاق ئاتقۇزدى، ئاندىن گەجگىسىدىن قامال-لاپ ھويلىغا ئىتتىرىپ چىقاردى.

ئابلا بۇرۇت ئۆزىنى ئوڭشىيالماي تۇرغاندا، سىرتتىن نامەرد كىرىپ كەلدى. ئېرشات ئۇنىمۇ ئىككى مۇشت بىلەن ئۆرۈۋەتتى. قوشنىلار ئويغىنىپ ئىزاغا قېلىشىدىن قورققان ئابلا بۇرۇت بىلەن نامەرد بىردەمدە ھويلىدىن غايىب بولۇشتى. ئابلا بۇرۇت ئاچچىقىنى نامەردتىن ئالماق بولۇپ:

— سەن يارىماس كۆزەتچىلىكنىمۇ قامالاشتۇرۇپ قىلالمىدىڭ، — دەپ نامەردكە ۋارقىرىدى.

— ئۇنىڭ باغ تەرەپتىن كېلىشىنى مەن نەدىن بىلەي! ھەي مەن مەست بولۇپ قالمىغان بولسام…

— قېنى كۆرىمىز، ئۇ گۆي ناھىيە بازىرىغىمۇ بارار!

— بولدى ئاداش، ئۇنىڭغا ئۆزۈم تېتىيمەن! — دېدى نامەرد قوللىرىنى شىلتىپ.

ئۇلارنىڭ كەينىدىن زىلەيبۇۋى يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۇلارنى ئەيىبلەپ:

— مېنىمۇ ئىسسىق ئۆيۈمدىن ئايرىدىڭلار، ئۇنىڭغا شۇنچە يالۋۇرساممۇ قوغلاپ چىقاردى…

— بۇ ئىشتىن ئانچە قورقۇپ كەتمە زىلەيبۇۋى، — دېدى ئابلا بۇرۇت، — بۇ ئىشتا ساڭا يول كۆرسەتكۈچىلىكىم بار. نامەرد ئىككىمىز سېنىڭمۇ تاياق يېگەنلىكىڭگە گۇۋاھچى بولىمىز…سەن

خاتىرجەم بول…

ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتتى. ئېرشات ئېتىزنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ ئەمدىلا بىردەم ئارام ئالاي دەپ تۇرۇشىغا موتىسكلىتلىق بىر ساقچى ئۇدۇل ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئېرشاتنىڭ يۈرىكى بىر يامانلىقتىن بېشارەت بەرگەندەك ئەنسىز دۈپۈلدەپ كەتتى.

ساقچى قىسقىلا سالاملىشىپ:

— ئېرشات دېگەن سىز بولامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە! مەن.

ساقچى ئۆزىنىڭ كېلىش سەۋەبىنى ئېيتتى. ئېرشات گەپ قىلماي موتىسكلىتنىڭ كەينىگە مىندى. ئېتىزلىقتا ئۇ يەر - بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان كىشىلەر ھەيران بولۇپ قارىشىپ قېلىشتى.

ئېرشات موتىسكلىتنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ: ئەجەب بۇ بالا - قازا خوتۇنغا يولۇقۇپ قالدىمغۇ - تاڭ… دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ پۇشايمان ئىچىدە تولغىنىپ قويدى.

موتىسكلىت ئۇچقاندەك مېڭىپ بىردەمدىلا سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ئېرشاتنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ بۈگۈنگە قەدەر سوت ۋە ساقچى ئىدارىلىرىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ باقمىغان، بولۇپمۇ چوڭ يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا پوستا تۇرغان قوراللىق ساقچىلار بەكمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. بايىقى ساقچى يىگىت:

— 10 - نومۇرلۇق ئۆيگە كىرىڭ ئاكا، — دەپ قويۇپلا كېتىپ قالدى.

ئېرشات ئونىنچى نومۇرلۇق ئۆيگە كېتىۋېتىپ، زىلىيۇۋۈنى چالا - بۇلا كۆرۈپ قېلىپ: «ھۇ، نومۇسسىز، تېخى مەندىن بۇرۇن كېلىپ سوتقا ئەرز قىلغىنىنى قارىمامدىغان» دېدى كۆڭ-

لىدە. ئۇنىڭ يادىغا بايامقى ئېتىز بېشىدا بىر دېھقاننىڭ تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ ئېيتقان گەپلىرى ئاڭلانغاندەك بولدى: «ھەي ئۇكام، يامان كۈندە قالدىڭ، ئۇنداقلار قىلالىغان ئىشنى سەن قىلالمايسەن، سەن بايقىماي ئۇنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ قالدىڭ، ئۇنداقلار بەك سەزگۈر كېلىدۇ. تېخى ساقچى، سوتچى دېگەنلەر بىلەنمۇ تىل بىرىكتۈرۈۋالغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولسا ئۇ-نىڭدىن قۇتۇلۇش ئاسانغا توختىمايدۇ. سەن قانداقلا بولمىسۇن مال - دۇنيايىڭدىن ئايرىلساڭمۇ مەيلى، بالىلىرىڭنىڭ بەختى ئۈچۈن جېنىڭنى قۇتۇلدۇرۇپ قال...»

بۇ گەپلەر ئېرشاتنىڭ كۆڭلىدىن ئۆتكەندە، ئۇ خۇددى ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن گۇناھكاردەك بىچارە ھالەتكە كەلدى. بۇ كۈتۈلمىگەن پاجىئەلەر ئۇنىڭ ھازىرغىچە ھېچقانداق ئازار يېمە-گەن يۈمران قەلبىنى ئىختىيارسىز ئەزمەكتە ئىدى. ئۇ ھايات يولىدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىگە پۇشايمان يەپ، ئەلەم بىلەن «ئۇھ» تارتىپ قويدى.

ئۇ تۈرلۈك خىياللار بىلەن 10 - نومۇرلۇق ئۆيگە قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. ئىككى نەپەر سوتچى ئۇنىڭ كۆزىگە بەكمۇ سۇرلۇك كۆرۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىش ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن باشقىچە بولۇپ چىقتى.

— ھە، كىرە، ئېرشات ئېلاخۇن دېگەن سەن بولا-سەن؟ — دېدى بىر سوتچى قاسقان شەپكىسىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ.

— ھەئە!

— ئايالىڭ ئۈستۈڭدىن ئەرز قىلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، سەن ئۇنى ھەددىدىن ئارتۇق كونلەپ، ئورۇنسىز تىللاپ ئۇرىدى-كەنسەن. ئۇ ئىشلار كۆپ قېتىم تەكرارلىنىپتۇ. بۇ نۆۋەت ئۇنىڭ بەدىنىدە كۆك بارلىقى ئىسپاتلاندى. بۇ راستمۇ؟

— بۇ...مۇنداق ئىش، — دېدى ئېرشات چۈشەندۈرمەكچى

بولۇپ. لېكىن سوتچى:

— بولدى قىل، سەن مېنىڭ سوئالىمغىلا جاۋاب بەرگىن. پاكىت ئالدىدا سەن يەنە گەپ يورغىلاتما. ئانا - بالىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن بولىدۇ. ئەسلىي ساڭا ئون بەش كۈن تۇتۇپ تۇرۇش جازاسى بېرىشنى قارار قىلغاندۇق، لېكىن سەن بىر چوڭ ئائىلىدە يالغۇز ئەمەس، ئىككىنچى بولغاچقا، ئىككى كۈننى كېمەيتىپ قويدۇق، — دېدى سوتچى.

— ئۇرغىنىم راست، — دېدى ئېرشات، — لېكىن ئۇنىڭ سەۋەبى بار…

— ئۇ ئەھۋالىمۇ ئايالىڭ ئېيتتى، سەن بەكمۇ گۇمانخور ئىكەنسەن. ئۆزۈڭنىڭ ئاغىنىلىرىڭ ئىكەن. ئايالىڭنىڭ پاك ئىكەنلىكى توغرىسىدا گۇۋاھچىمۇ بارىكەن. ئۇنداق قىلماي خاتالىقىڭنى تونۇپ، ئۆيۈڭنى تۇتقىن.

— مەن خاتا قىلمىدىم، ئۇ مېنىڭ ئەرلىك غۇرۇرۇمنى يەرگە ئۇردى. ئۇ بۇزۇق خوتۇندىن مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېتىڭلار. مەن ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا بۇ خوتۇننىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ قاپتىمەن. ماڭا ياخشىلىق قىلىپ قويۇڭلار…

ئېرشات ئۆز ئاغزىدىن بۇ گەپلەرنى چىقارغانلىقىدىن خۇشال بولدى. سوتچى زىلەيبۇۋىنى چاقىرتتى. زىلەيبۇۋى ئاستا كىرىپ كەلدى.

— يولدىشىڭىز گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمىدى. ئەمما بەدىنىڭىزدىكى كۆك ئەمەلىي پاكىت. ئەھۋالدىن قارىغاندا، سىلەرنىڭ ئەر - خوتۇنچىلىق مېھرىڭلار بۇزۇلغان ئوخشايدۇ. داۋالىنىش پۇلىنى يولدىشىڭىز تۆلەيدۇ. يولدىشىڭىز «ئاجرىشىپ كېتىمەن» دەيدۇ، سىز «ئاجراشمايمەن» دەۋاتىسىز. مۇنداق بولغاندا، سىلەرنى يېرىم يىل سىناقتا قويىمىز. ئامال بار چىرايلىق ئۆي تۇتۇپ قېلىڭلار. بولمىسا يېرىم يىلدىن كېيىن بىر تەرەپ

قىلايلى، بولامدۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان زىلەيبۇۋى يەنە يىغلاپ تۆكۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن ئاجرىشىپ كېتىدىغانلىغا تەگكەن ئەمەس! ئەردىن چىقىپ ئەرگە تېگىشنى خالىمايمەن. ئەگەر قەتئىي ئۆي تۇتمايمەن دېسە، ئالدى بىلەن خەلقئالەم ئالدىدا مېنى ئاقلاپ بەرسۇن، ئىككىنچىدىن مەن رازى بولغۇدەك راسخوت بەرسۇن.

زىلەيبۇۋىنىڭ يىغلاشلىرى سوتچىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىدى بولغاي، ئۇلار ئېرشاتقا نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن قاراپ قويدى.

ئېرشات زىلەيبۇۋىنىڭ مۇنچىۋالا گەپدان ئىكەنلىكىگە قاراپ ھەيران قالدى...

5

ئارىدىن تۆت ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بۇ كۈنلەرنى ئېرشات پۇشايمان ۋە قايغۇ بىلەن ئۆتكۈزدى. ئېلاخۇن ئاكىنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇشى ئېرشات ئۈچۈن بىر چوڭ زەربە بولدى. ئۇ بىراقلا ئون ياش قېرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا قارىسا، ئۇ يەرگە قارايتتى. ئۇنىڭ بىر ئادەمنىڭ يېنىدا تۇرغۇسىمۇ كەلمەيتتى. ئۇ ئۆيگە كەلسە ئىككى بالىسى بىلەن كېسەلچان ئاپىسىنىڭ روھىي ھالىتى ئۇنى تېخىمۇ ئازابلايتتى. بەزىدە ئىچى سىقىلىپ، يۈرىكىنى قۇرت غاجىلاۋاتقاندەك بىئارام بولاتتى.

ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ۋېلسىپىت بىلەن ناھىيە بازىرىغا يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ بىر سېتىقچىدىن تاماكا ئېلىپ، كۆڭلى تارتقان بىر ئاشخانىغا كىرىپ تاماق بۇيرۇتتى. بىردىنلا ھاراق ئىچكۈسى كەلدى بولغاي، كۇتكۇچىگە يېرىم جىڭ ھاراق بۇيرۇتتى. ئۇ

ئەمدىلا ئىككى رومكا ئىچىپ تاماقتىن بىر چوكا ئېلىپ تۇرۇشى-غا، خۇددى چاقىرىپ قويغانداك ئابلا بۇرۇت بىلەن نامەرد پەيدا بولدى.

— ھە! قانداقراق نوچى ئاغىنە؟ — دېدى ئابلا بۇرۇت.

— يامان ئەمەس، كېلىڭلار، ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ئېر-شات. ئۇلارمۇ شۇ جاۋابنى كۈتكەندەك دەرھاللا جوزىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇشتى. نامەرد ئېرشاتقا قاراپ:

— بۇ ئېلىخودا كىم «ئاشخانىغا يۇر» دېسە پۇلنى شۇ خەجلەيدىغان قائىدىنى بىلىدىغانسەن ئاداش؟ — دېدى.

— بىز ئېلىخولۇقلار پۇلنى دوست تۇتمايمىز، دوستلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يانچۇقتا بارىنى ئاتايمىز، — دېدى ئېرشات.

شۇ ئارىلىقتا نامەرد كۈتكۈچىگە:

— ئۇستام، بىزگە بىر بوتۇلكا ھاراق بىلەن ئىككى ئاش - سەي كەلتۈرۈڭ! — دەپ ۋارقىرىدى.

— ھە، مانا ھازىر!

بىردەمدىلا ئابلا بۇرۇت بىلەن نامەرد قورساقنى راسا تويغۇ-زۇپ، ئاندىن ھاراق ئىچىشكە باشلىدى. بىر كەملەردە ئېرشات خېلىلا كەيپ بولۇپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن نامەرد ئابلا بۇرۇتقا قاراپ: «قاچان قول سالىمىز؟» دېگەندەك شەرەتنى قىلدى. ئابلا بۇرۇت «ئالدىرىما، سىرتقا ئې-لىپ چىقىپ قول سالىمىز» دېگەن جاۋابنى بەردى.

ئېرشاتنىڭ سول قاپىقى بىر يامانلىقتىن بېشارەت بەرگەن-دەك پات - پات لىپىلداپ قوياتتى. ئۇ بىرەر تونۇشىنىڭ كېلىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن بىرمۇ تونۇش كۆرۈنمەيتتى.

نامەردنىڭ تاقىتى قالمىدى بولغاي، ئېرشاتنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلىشقا باشلىدى:

— ئاداش ئابلاجان، بۇ... ئېرشات دېگەن لاتا پەقەت سېنىڭ ئۈچۈنلا تۆرۈلۈپ قاپتىكەن، ئاشخانىدا تاماق يەپ ھاراق ئىچسەڭ

پۇلىنى تۆلىسە، ئۆيگە بارساڭ خوتۇنى سېنىڭ بولسا، بۇ...بۇ نېمىدېگەن ئامەت ـ ھە؟! ھا، ھا، ھا...

بۇ مەسخىرىلىك كۈلكىلەر ئېرشاتنىڭ غۇرۇرىغا ئوبدانلا تەگدى. ئۇنىڭ ئاچچىقى غەزەپكە ئايلاندى. شۇڭا ئۇ «ئوبدان» گەپتىن بىرنى قىلىۋەتتى.

— مەن ئۇ جالاپنى ئالىلقاچان ئەمرىمدىن چىقىرىۋەتكەن. بەزىدە ئىت ـ ئىتنى كۆرسە بىر ـ بىرىنى پۇرايدۇ. ئېشەك ـ ئېشەكنى كۆرسە ھاڭرايدۇ ھەم بىر ـ بىرىنى ھاياسىزلارچە قوغلىشىپ كېتىدۇ. دېمەك، ھەركىم ئۆز خىلى بىلەن يۈرۈيدۇ ـ دە!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئابلا بۇرۇتمۇ ئورنىدىن دەست تۇرۇپ كەتتى:

— ھوي لامزەللە! سەن تېخى بىزنى ئىت ـ ئېشەككە ئوخشىتىۋاتامسەن ـ ھە؟! ماۋۇ ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ گەپ قىل جۇمۇ؟! — دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا نوقۇۋەتتى. ئېرشاتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا، نامەرد ئۇنىڭ ئاغزىغا مۇشت بىلەن بىرنى سالدى.

ئېرشات ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ ئۇلار بىلەن ئېلىشماقچى بولدى. لېكىن، ئىككىسىگە تەڭ كېلەلمىدى. ھارام يەپ كۆپچىيىپ كەتكەن مۇشتلار ئۇنىڭغا توقماقتەك تەگكىلى تۇردى. ئاشخانا ئىچى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلار ئۆرۈلۈپ، چىنە ـ تەخسىلەر جاراڭشىپ چېقىلدى. ئاشپەزلەر ئۇلارنى ئاشخانىدىن ھەيدەپ چىقاردى. ئېرشات تالاغا چىقىپ:

— چىقىشە ئاناڭنى...بۇگۈن يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم! — دەپ ئابلا بۇرۇتنى بىر مۇشت ئۇرۇپ يىقىتتى، لېكىن ئۆزى ئېرىقتىكى پاتقاقا تېيىلىپ يىقىلدى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان نامەرد ئۇنى ئېرىق ئىچىدە راسا دۇمبالىدى. توپلانغان كىشىلەر ئېرشاتقا ئىچى ئاغرىپ:

— بولدى، بولدى قىلىڭلار! — دەپ ۋارقىراشتى.

ئابلا بۆرۆت بىلەن نامەرد ئېرشاتنى ئېرىقتىكى پاتقاققا مىدەلەپ ئۇرۇپ - دەسسەپ ئۇنى خوددى بىر جانسىز لاي قورچاققا ئايلاندۇرۇۋېتىپ، قاياققىدۇر غايىب بولۇشتى...

ئادەتتە بۇ ئاشپەزلەر ئابلا بۆرۆت بىلەن نامەردنى ئوبدان تونۇيتتى. بىر قانچە قېتىم تاماق يەپ، هاراق ئىچىپ ئاخىرىدا باشقىلار بىلەن جېدەللىشىپ پۇل بەرمەي كېتىپ قالاتتى. ئاشپەزلەر ئۇلارنىڭ خوي - پەيلىدىن قورقۇپ گەپ قىلالمايتتى. ئاشخانىغا بىرەر كادىر ياكى ساقچى كېلىپ تاماق يەپ قالسا، شۇلارغا بىر ئاز دەردىنى تۆكۈۋالاتتى. لېكىن بۇ نۆۋەت ئۇلار زىياننى پاتقاقتا ياتقان ئېرشاتتىن تۆلىتىۋالماقچى بولۇشتى. ئاشپەز ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىپ:

— هە، قوپۇپلا كېتىپ قالما جومۇ؟! يېگەن تاماق بىلەن چېقىلغان نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىپ كەت! بولمىسا ساقچىغا تۇتۇپ بېرىمىز، — دەيتتى.

ئېرشات ئورنىدىن ئاران تۇرۇپ ئەتراپقا قاراپ:

— قېنى هېلىقى گۈيلار؟! — دېدى. شۇ تاپتا ئادەملەرمۇ خېلى كۆپ توپلاشقانىدى. دەل شۇ چاغدا كىشىلەر توپىنى يېرىپ بىر مويسىپىت بوۋاي ئالدىغا ئۆتتى. ئۇ ئېرشاتنىڭ قان بىلەن لايغا مىلەنگەن ئاغزىنى سۈرتۈپ، كىيىملىرىنى تۈزەشتۈردى. هەممە ئادەمنىڭ دىققىتى بوۋايغا بۆلۈندى. بوۋاي كۆپچىلىككە قاراپ:

— بۇ بالىمىزنىڭ بېشىغا دەرد - ئەلەملەر كەلگەچكە دەردىنى هاراقتىن ئېلىپ بۇ ئەهۋالغا يولۇققان ئوخشايدۇ. بۇ بالىنى كەچۈرۈڭلار. ئاشخانىغا بولغان زىياننى مانا مەن تۆلەتىۋېتەي، — دەپ يانچۇقىدىن بىر مۇنچە پۇلنى چىقىرىپ ئاق چاپانلىق كىشىگە تەڭلىدى. ئاشپەز نېمە دېيىشنى بىلەلمەي دۇدۇقلاپ، قانداقتۇر خىجالەت بولغاندەك تۇرۇپ قالدى.

— ئېلىڭلار بالىلىرىم، ئېلىڭلار! قانچە ئالساڭلار ئېلىڭلار، — بوۋاي ياش ئاشپەزگە پۇلنى تەڭلىدى. ئاشپەز:

— ئالمىساق بولماس چوڭ دادا، ئازراق ئالايلى، — دەپ ئون سوملۇق پۇلدىن ئىككىنى سۇغۇرۇۋېلىپ رازىلىق بىلدۈردى.

ئېرشات ماناپ بوۋاينى كۆرۈپ بىر ئاز روھلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن نومۇس كوچىدە لېۋىنى چىشلەپ، ۋېلىسىپىتى- نى سىڭايان يېتىلەپ يولىغا راۋان بولدى. ئۇ يول بويى ئۆزىگە نەپرەت بىلەن قاراۋاتقان كىشىلەردىن خىجىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ماناپ بوۋايدىن بەكمۇ ئۇيالغانىدى.

ماناپ بوۋاي بىلەن توپلاشقان كىشىلەر ئېرشات ھەققىدە پاراڭ قىلىشقا باشلىدى:

— «پولۇ يېگەن قۇتۇلۇپ، تاۋاق يالىغان تۇتۇلدى» دېگەن مۇشۇ - دە!

— شۇنداق بۇ بالا تاياقنى تازىمۇ يەپ كەتتى، — دېدى يەنە بىرى.

— ئابلا بۇرۇت بىلەن نامەرد يەنە ھەددىدىن ئاشقىلى تۇردى...

— شۇنداق! بۇلاردىن ساقچىلارمۇ قورقامدۇ - نېمە؟ نې- مىشقا تاناۋىنى تارتىپ قويمايدۇ؟! — دېدى كۆپچىلىك بىردەك.

توپلاشقان كىشىلەر شۇنداق دېيىشكىنىچە بىر - بىرلەپ تارقىلىپ كېتىشتى.

## 6

يولدا ئاران - ئاران كېتىۋاتقان ئېرشات: بۇ ھالىتىم بىلەن ئۆيگە بارسام بولماس، مۇشۇ كۈنلەردە بىچارە ئاپامنىڭمۇ دەردى ئۆزىدىن يېتىپ ئاشىدۇ...ئەڭ ياخشىسى بۇ ھالىتىمنى ئۇنىڭغا سەزدۇرمەي. ساي بويىدا يۈز - كۆزلىرىمنى يۇغاچ بىردەم ئارام ئېلىپ كۈن پاتقاندا كېتەي، دەپ ئويلاپ ساي بويىدىكى ئورمانلىق

ئىچىگە بۆرۈلدى.

ئۇ دائىم هاراق ئىچسە ياكى بۇ ئورمانلىققا كېلىپ قالسا، مەرھۇم ئايالى ئايىمنى ئەسلەيتتى، ئۇنى سېغىناتتى. شۇڭا ئۇ يوزلىرىنىمۇ يۇيۇشنى ئۇنتۇغان هالدا هېلىقى مەجنۇنتالنى نىشانلاپ ماڭدى.

يوپۇرماقسىز مەجنۇنتال ئۇنىڭغا خۇددى ئايىمغا مۇسىبەتتە تۇرغاندەك كۆرۈندى. مەجنۇن دەرىخىنىڭ بۇ هالىتىنى كۆرگەن ئىبرشات ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتتى ـ دە، ئۇنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى:

— ئەي مەجنۇنتال، سەن بىزنىڭ هەقىقىي پاك مۇھەببىتىمىزنىڭ گۇۋاهچىسى! مەن ئاشۇ ۋاپادار ئايالىم ئايىمدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالدىم. بۇنى بىلگەنسەن؟! ئايىم ئىككىمىز تالاي ـ تالاي شېرىن كېچىلەرنى سېنىڭ يېنىڭدا ئۆتكۈزگەن ئىدۇقفۇ. ئايىم سېنىڭ يېشىل لېنتىدەك يوپۇرماقلىرىڭنى ئالدىغانلىرىغا ئېلىپ ئويناپتىغۇ ـ هە؟! — ئۇ ئىسەدەپ يىغلىغىنىچە، بىردىنلا ماغدۇرسىزلانغاندەك دەرەخنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى ئاستا ـ ئاستا پەسكە قاراپ سىيرىلدى...

ماناپ بوۋاي هەر بازار كۈنى ئالما ساتقىلى كېلەتتى. ئۇ بۈگۈن ئالمىسىنى كىنوخانا ئالدىدا سېتىپ ئاران تۈگىتىپ كەچرەك قايتتى. ئۇ چوڭ كۆۋرۈك يېنىغا كەلگەندە: هوي، ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەنا... ئىبرشات بايام مۇشۇ ئورمانلىق تەرەپكە ماڭغاندەك قىلىۋېدى، قاراپ باقاي جۇمۇ... دەپ ئويلاپ هارۋىنى بىر چەتكە توختاتتى ـ دە، ئازراق ماڭدى: «مانا ۋېلىسىپىت بۇ يەردە ياتىدۇ، بۇ بالا نەگە كەتكەندۇر ـ هە؟...»

بوۋاي بىر ئاز ئەنسىرەپ ساي بويىغا كەلدى. ئۇ چوڭ مەجنۇنتال تۈۋىدە ئىبرشاتنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ بىر ئاز خاتىرجەم بولدى، لېكىن: ۋاي نېمىدېگەن خەتەرلىك ـ هە؟ بىرلا دومىلىغان بولسا ساينىڭ سۈيىدە ئېقىپ كېتەتتىكەن... پاھ،

بۇگۈن بۇ سايغا يەنە كەلكۈن كەپتۇ. بۇ كەلكۈن يەنە قانچە يۈز مو يەرگە زىيان سالاركىن؟... دېدى بوۋاي كۆڭلىدە.

ئۇ ئاستا كېلىپ ئېرشاتنىڭ مۈزلاپ كەتكەن پېشانىسىنى سىلىدى. ئېرشات خۇددى جانسىز ئادەمدەك ياتاتتى. بوۋاي ئۇنى ئويغاتتى:

— تۇر بالام، تۇر!

ئېرشات ئاستا مىدىرلاپ ئويغاندى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاپ-ئاق ساقاللىق بىر بوۋاي نامايان بولدى. ئۇ بوۋاينى تونۇپ بېشىنى كۆتۈردى.

— ماناپ بوۋامغۇ سەن، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟ كەچ بولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ - ھە؟ — دېدى.

— خۇداغا شۈكۈر، بىر ئاز سەگىپ قاپسەن بالام، جۇر كېتەيلى. كىيىملىرىڭ ھۆل، بەدەنلىرىڭ مۈزلاپ كېتىپتۇ.

— رەھمەت بوۋا، سەن كېتىۋەرگىن، مەن بۇگۈن ھېلىقى زىلەيبۇۋى دېگەن نومۇسسىز بىلەن ئابلا بۇرۇت. نامەرد دېگەن خۇمسىلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن بىراقلا كېتىمەن. — دېدى ئېرشات غەزەپتىن تىترەپ.

— ھەي بالام، ئۇنداق نادانلىق قىلما! «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دېگەن گەپ بار، — دېدى بوۋاي. ئۇ يەنە بىردەم تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، ئېرشات جىمىپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ:

— بوۋا، بۇ دەرەخنى، ئاۋۇ قېرى ئۆرۈكلەرنى ئايىمنىڭ بوۋىسى تىككەن كۆچەتلەر ئىكەن...بايام مەن مۇشۇ مەجنۇنتالنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. چۈشۈمدە ئايىمنى غىل - پال كۆ-رۈپ قالدىم. مەن ئۇنى... — ئېرشات سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

بوۋاي ئۇنىڭ گېپىدىن بىر نەرسىلەرنى چۈشەنگەندەك

بولدى··· دەل شۇچاغدا جىرەن بايتالنىڭ ئەنسىز كىشنىگەن ئاۋا-
زى ئاڭلاندى. بوۋاي ئەنسىرەپ ئورنىدىن تۇردى. ئىبرشاتمۇ ماغ-
دۇرسىزلانغان گەۋدىسىنى ئاران كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى:
«ئىككىنچى هاراق ئىچىدىغان بولسام! ···» دەيتتى ئۇ پىچىرلاپ.
ئۇ ۋېلىسپىتنى هارۋىنىڭ كەينىگە باغلاپ هارۋىغا چىقىپ ياتتى.
رېزىنكە چاقلىق هارۋىنىڭ يېنىك تەۋرىنىشى بىلەن تەڭ، ئۇ يەنە
ئۇيقۇغا غەرق بولدى···

ئاق كۆچۈكنىڭ كوچىغا قاراپ ئەنسىز قاۋىشى، چالا ئۇيقۇدا
ياتقان سائادەتخان موماينى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ ئىلدام كېلىپ دەر-
ۋازىنى ئاچتى - دە، بوۋايغا كايىپ كەتتى:

— شۇنداقمۇ كەچ كەلگەن بارمۇ، ئادەمنىڭ ئەنسىرىتىپ!

بوۋاي ئاستا موماينىڭ يېنىغا كېلىپ پىچىرلاپ ئىبرشاتنىڭ
ئەھۋالىنى چۈشەندۈردى··· ئىبرشات ئويغىنىپ بېشىنى كۆتۈرۈپلا
ماناپ بوۋاينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنى بىلدى.

ئۇ بىر ئاز ئۇيالغان هالدا:

— بوۋا مەن··· ئۆز ئۆيۈمدە قالسام بوپتىكەن، — دېدى.

— هە، بۇ ئۆي ئۆزۈڭنىڭ ئۆيىگە ئوخشىمامدىكەن؟ — دېدى
بوۋاي.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى سائادەتخان موماي سۆز قىستۇ-
رۇپ.

— موماڭ ئىسسىق سۇ هازىرلاپ بەرسۇن، سەن ئىبرىنمەي
يۇيۇنۇپ ئاندىن تامىقىڭنى يەپ ئارام ئالغىن، — دېدى بوۋاي هار-
ۋىسىنى جابىغا توختىتىپ.

— رەھمەت بوۋا، كۆڭلۇم تاماق تارتمايدۇ، يۇيۇنۇپ ئارام
ئالاي، — دېدى ئىبرشات هارۋىدىن چۈشۈپ. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا
يۇيۇنۇشمۇ ئېغىر كېلىۋاتاتتى، شۇنداق بولسىمۇ يۇيۇنۇپ ئاندىن
موماي سېلىپ قويغان ئىسسىق يوتقانغا كىردى - دە، ئۇيقۇغا
كەتتى.

سائادەتخان موماي ئايمىنىڭ روھىنى خۇش بولۇپ قالسۇن، دېگەنلەرنى ئويلاپ ئېرىنمەستىن ئېرشاتنىڭ بەتبۇي ھاراق پۇراپ تۇرغان كىيىملىرىنى يۇيۇپ، مەشىنىڭ يانلىرىغا يېيىپ قويۇپ، ئاندىن ئارام ئالدى.

ئېرشات يۇمشاق كۆرپىدە يېتىپ ئۇخلاپ خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ يېنىغا ئەكىرىپ قويغان پاكىز كىيىملەرنى كۆرۈپ، خىجىللىق ئىچىدە كىيدى. ئۇ كۆڭلىدە گەپ قىلمايلا ئاستا ئۆز ئۆيىگە كەتمەك بولۇپ تالاغا چىققاندا، ئاتقا يەم بېرىۋاتقان بوۋاي ئۇنى كۆرۈپ قالدى.

— تۇردۇڭمۇ بالام؟ يۈز - كۆزۈڭنى يۇيۇۋاله، — دېدى.

ئۇلار چاي ئىچكەچ پاراڭلىرىنى باشلىۋەتتى:

— ...مەن ئۆز داداڭنىڭ ئورنىدا بىر - ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلىپ قوياي بالام، — دېدى بوۋاي ئېرشاتنىڭ غەمكىن ھالىغا قاراپ، — كۆڭلۈڭگە ئالمىغىن بالام، سەن ئىككىنچى تۇرمۇشۇڭنى باشلاشتا قەدىمىڭنى خاتا بېسىپ قويدۇڭ. ھەرقانداق ئىشنى قىلىش ئۇچۇن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاش كېرەك. خەير، ئەمدى قانچە پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ... يەنە كېلىپ ئۆزۈڭگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان ئۇنداق ئاغىنىلەرنى نەدىن تېپىۋالدىڭكىنتاڭ؟ ئۇلارغا ئارىلىشىپ قويۇۋېرىدىڭ، مانا ئاقىۋەت نېمە بولدى؟ ئاغزى - بۇرنۇڭ قان بولدى - شۇ...بولۇپمۇ بۇنداق قارا قورساقلارنىڭ كۆڭلى قارا ۋە رەزىل كېلىدۇ، شۇڭا ئۇلار باشقىلارغا ئۇۋال قىلىشتىنمۇ قورقمايدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە، ياخشىلىقنى ئەھلى ئادەملەردىن ئىزدە... — بوۋاي سۆزىگە ئۇلاپلا مەرھۇم ئايىم ھەققىدە قىسقىلا بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى، — ئۇ بالا مېنى ۋە موماڭنى ئۆز ئاتا - ئانىسىدەك كۆرەتتى. بىر كۈنى ئۇ قۇچاقتىكى بالىسىنى كۆتۈرۈپ بىزنىڭ ئۆيگە كەپتۇ. روزى ھېيت يېقىنلاپ قالغان مەزگىل ئىدى. «ئۆيدە ئازراق ھاك ئېشىپ قاپتۇ، سىلەرنىڭ

ئۆينى ئاقارتىپ بېرەي دەپ كەلدىم» دېدى ـ دە، خالتىدىكى ھاكنى سۈپىغا قويدى.

موماڭ ئىككىمىز بەكلا خۇشال بولدۇق. دەرھاللا قولىدىكى بالىنى ئالدىم. موماڭ ئىككىسى ئۆيدىكى نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ساراي ئۆيگە كىرىپ بىر مەھەل جىمىپلا كەتتى. مەن كۆتۈرۈشۈپ بەرگۈدەك نەرسىلەرنى بولسا ياردەملىشەي دەپ كىرسەم، ئۇ كىتابلارنى ۋاراقلاپ كىرىشىپلا كېتىپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ خىجىل بولدى بولغاي، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى، مەن: «كىتابقا ئامراق ئىكەنسىزدە قىزىم» دېگەندىن كېيىن ئۇ خىجىللىقىنى يوقىتىپ: «سىزدە مۇنچىۋالا كىتابلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەپتىمەن» دەپ ئۆكۈندى. «ھېلىمۇ ئاپىرىپ ئوقۇڭ قىزىم، مەن كىتاب ئوقۇغان ئادەمنى ياخشى كۆرىمەن. ئەپسۇس، مېنىڭ بالىلىرىم ۋە نەۋرىلىرىم كىتاب كۆرمەيدۇ. مەن ئۇلارغا «ھەممە ئادەم سەنلەردەك بولۇپ كەتسە، بۇ جاھان قاراڭغۇلۇقتا قالامدۇ؟!» دەپ تىللاپ كېتەتتىم، دېسەم ئۇ كۈلۈپ كېتىپ: «مېنىڭ بوۋام سىزگە ئوخشاش كىتاب خۇمار ئادەمكەنتۇق، ئۇ نۇرغۇن كىتابلارنى ئاپامغا قالدۇرغانىكەن. بىراق ئۇ كىتابلارنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا دادام تاپشۇرۇپ بېرىۋەتكەن. سىز بۇ كىتابلارنى شۇ يىللاردا قانداقمۇ ساقلاپ قالغانسىز؟» دېدى.

«ۋاھ قىزىم، مېنىڭ كىتابنى كۆپ ئوقۇيدىغانلىقىمنى بىلىدىغان مىنبىگلار خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك ئۈچ نۆۋەت ئاختۇردى. مەن ئازغىنە كىتابلارنى چىقىرىپ قويۇپ، قالغانلىرىنى يەر ئاستىغا كۆمۈۋەتتىم» دېدىم، ئايىم: «بۇ ئىشىڭىز ناھايىتى ياخشى بوپتىكەن. ھازىر بۇ كىتابلارنىڭ بىر قىسمى قايتا نەشر قىلىنىۋاتىدۇ...شۇ قارغىش تەگكۈر يىللار، مېنىڭمۇ يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇش ئارزۇيۇمنى بەربات قىلىۋەتمىگەن بولسا، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇۋالغان بولاردىم. ۋاقتىنىڭ

ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئويلىسام ئازابلىنىمەن» دېدى.

كۆردۈڭمۇ بالام، بۇ گەپلەر ئايىمىنىڭ چىن قەلبىدىن چىق- قان گەپلەر ئىدى... ئۇنىڭ بىلەن بۇ ئايالىڭنىڭ ئارىلىقىدا نەقەدەر پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى ئەمدى بىلگەنسەن؟ بىز ئۇيغۇرلار ئەخلاق - پەزىلەتكە چوڭقۇر ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىدۇق. ئىنسان دېگەندە ئەدەپ - ئــەخلاق بولمىسا، هايۋاندىن نېمە پەرقى...هازىر بىر قىسىم ياشلاردا ئەخلاق جەھەتتە زور بۇزۇلۇش بولۇۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىناق ئائىلىلەر بەزى بىر ئەخلاقسىزلارنىڭ كاساپىتىدىن ۋەيران بولۇپ، ئالتۇندەك باللىرىنىڭ ئوتلۇق مېھرىدىن كې- چىپ، ئۆيىنى تاشلاپ، باشقىلاردىن يــاخشىلــىق ئىــزدەپ قاڭ- قىپ كېتىۋاتىدۇ... مانا مۇشۇنداق شارائىتتا ئايىمدەك ۋاپادار ئايالنى قايتا تېپىشىڭ تەس... بىز مۇسۇلمانلار: «ھەممە ئىش خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ» دەپ قارايمىز، لېكىن ھەر ئىشقا سەۋەب قىلىش كېرەكتە! خەير بالام، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر. شۇڭا سەنمۇ پۇرسەت بولسىلا ئايىم ئوقۇغان ۋە كۆرگەن كىتابلارنى ئاپىرىپ ئوقۇغىــن بــالام، — بــوۋاي كىتــابــلارنــى ئېرشاتقا بېرىپ، — ئەقىللىق ئــادەم بــولاي دېسەڭ، كىتــاب كۆرگىن بالام، —دەپ ئۇنى يولغا سېلىپ قويدى.

مانا شۇنىڭدىن بۇيان ئېرشات كۈندۈزى ئېتىزدا ئىشلىسە، كېچىسى كىتاب كۆرىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ كىتابلارنى ئوقۇغانسې- رى، بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلىرىغا ئۆكۈنىدىغان بولۇپ قالدى...

## 7

زىلەيبۇۋى بىر كۈن شەھەردە يۈرسە، تۆت كۈن ئۇ يەر بۇ يەردە يۈرۈپ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئاغرىقچان بولۇپ قالغان «ئەقىللىق» ئانىسى بۈگۈن زىلەيبۇۋىنىڭ غېمىنى يەپ

قالغانىدى. شۇڭا قىزنى كارىۋىتىنىڭ يېنىغا چاقىردى.
زىلەيبۇۋى خۇشياقمىغاندەك مىڭىپ، ئاپىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.
— بىزنىڭ بۇ ئۆي تېخىمۇ سۆرۈنلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئاكاڭ بىلەن يەڭگەڭ جېدەللىشىپ ئاجرىشىپ كېتىدىغان بولدى. شۇڭا. يەڭگەڭ كېتىپ قالدى. ئاكاڭمۇ چوڭقۇر غەمگە پېتىپ يۈرۈيدۇ. بەلكىم ئۇنىڭمۇ يېتىپ ئاشقۇدەك گۇناھلىرى باردۇر. سېنىڭ غېمىڭ ماڭا ئايان، — موماي سەل سوغۇق تەرلىگەن بېشىنى لۆڭگىسى بىلەن سۈرتۈپ، سۆزىنى داۋام ئەتتى، — مەن مۇشۇ كۈنلەردە ئۇخلىسام قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپ، ئويغانسام ھاياتىمدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى تەن ئالىدىغان بولۇپ قالدىم، سەن تېخى ياش، مېنىڭ كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتساڭ بولاتتى. ھازىر بىزنى تونۇيدىغانلار ھەتتا قوشنىلارمۇ بىزدىن قاچىدۇ. مەنمۇ تۇل، سەنمۇ تۇل، ئەمدى ئاكاڭمۇ بويتاق بولۇپ قالسا، بىزنىڭ تالا - تۈزگە چىقىدىغان يۈزىمىزمۇ قالمايدۇ... بالام، مەن مۇنداق ئويلاپ قالدىم، «ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەيتۇ» دېگەن گەپ بار. شۇڭا بۈگۈن مېنى ئاشۇ سەھرادىكى قۇدىلارنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بارغىن، مەن ئۇلارغا دەرد - ئەھۋالىمنى ئېيتىپ سېنى ئۇلارغا تاپشۇراي. ئۇ يەردىكى گەپلەرنى ماڭا قويۇپ بېرىپ، ئۆزۈڭ گەپ قىلماي مۇلايىملىق بىلەن يەرگە قاراپ جىم ئولتۇرغىن. «ياخشى سۆز تاشنى ئېرىتىدۇ»، بۇ گەپلىرىمنىڭ تېگى - تەكتىگە چۈشەندىڭمۇ، قىزىم؟
— چۈشەندىم، — دېدى زىلەيبۇۋى بىر ئاز تېتىكلىشىپ، — مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم، جۈرە ئاپا، ھازىرلا ماڭايلى.
ئانا - بالا ئىككىسى سەھراغا قاراپ يولغا چىقتى.
گۆھەرخان ئانا ئىككى نەۋرىسىنى ئېلىپ، قىزى قەمەرنىڭ ئۆيىدە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەچكە، بۇ

ھويلىدا ئېرشاتتىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. ئۇ قاق سېلىش ئۈچۈن كېسىپ قويغان ئالمىلارنى ئۈگزىگە ئاچىقىپ بورىغا يې- يىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھويلىدا بىر كىمنىڭ گۇدۇڭ - گۇدۇڭ قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ: «بۇ كىمدۇر؟» دەپ پېشايۋان لېۋىگە كېلىپ ئۈزۈم يوپۇرماقلىرىنى ئاستا قايرىپ تۇرۇپ، ھويلىغا سەپسالدى.

ئېرشات ئۇلارنى كۆرۈپ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلگەن بولسى- مۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ: توختا بۇلار نېمە ئىشلارنى قىلاركىن، دەپ ئويلىدى. زىلەيبۇۋى چوڭ ئۆينىڭ ئىشىكىگە قاراپ:

— ئاپا! — دەپ ۋارقىرىدى. ئۆيدىن ھېچقانداق سادا چىقمى- غاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا ۋە باغلارغا بىر قۇر سەپسې- لىپ كۆردى. ئەتراپ يەنىلا جىمجىت ئىدى.

زىلەيبۇۋى ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كې- يىن، ئاپىسىنى سۇپىغا چىقىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. موماي سۇپىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردى.

زىلەيبۇۋى ئۆزىنىڭ ئاز كۈن بولسىمۇ ئۆي تۇتقان بۇ ھويلى- لارنىڭ پاكىز ۋە سەرەمجان تۇرغىنىدىن خورسىنىپ قويدى. ئۇ مۇندىن ئالتە ئاي بۇرۇنقى ئىشلىرىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شۇ چاغدىكى ئېرشاتنىڭ ئەلپازى نامايان بولدى. ئۇ بىردىنلا ئۇمىدسىزلەندى:

— ئاپا، سەن يۇمشاق گەپلەر بىلەن ئاپىسىنى ئېرىتمەن دېگىنىڭ بىلەن، ئېرشاتنى ئېرىتەلمەيسەن. مەن ئۇنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىغا تەگدىم. ئۇ باشقا يۇمشاق باش سەھرالىقلارغا ئوخشى- مايدۇ، باشقا گەپنى قويۇپ، ھېلىقى ئامالىڭنى بىر ئىشلىتىپ باقساڭ دەيمەن.

— قايسى ئامالنى؟ — دېدى موماي خىرىلداق ئاۋازى بىلەن.

— سەن باشقىلارغا «ئىسسىتقۇ، سوۋۇتقۇ» دېگەن نەرسى- لەرنى تەييارلاپ بېرەتتىڭغۇ؟ بۇگۈن ماڭا ئاشۇ سېھرلەش ئاما-

لىكنى تەييارلاپ بەرگىن. ئاپا، جېنىم ئاپا، مېنى مەقسىتىمگە يەتكۈزگىن، بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەلىپىم...

سوپىخان موماي گەپ قىلمىدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ بالىغان چارە ـ ئاماللىرى بىلەن قانچىلىغان نادان كىشىلەرنى ئالدىدى، ئۇلارنىڭ قانچىلىك پۇللىرىنى خەجلىدى. بۇ ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇ تۇيۇقسىزلا:

— ياق! مەن ئۇنداق ئادەم سېھىرلەشنى بىلمەيمەن.

— سەن قاقۋاش بىلمەي قالامدىڭ؟! — دېدى زىلەيبۇۋى ئاچ-چىقلاپ. موماينىڭمۇ ئاچچىقى كەلدى:

— راست دەيسەن! مەن قاقۋاش. سېنىڭ داداڭمۇ قاقۋاش ھەم ھىيلىگەر ئادەم ئىدى، ئاكاڭمۇ ھىيلىگەر، سەنمۇ قاقۋاش! مەن ئۆز ئۆمرۈمدە ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى ئويلىسام، پۇشاي-مان ئوتىدا ئۆرتۈنۈپ كېتىمەن. مەن ئەمدى خۇدادىن گۇناھلى-رىمنى كەچۈرۈۋېتىشنى تىلەۋاتىمەن، خۇدا گۇناھلىرىمنى كە-چۈرگەيسەن.

موماي بىردەم دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن:

— مېنىڭچە سەن يىغلاپ تۇرۇپ ئىرىڭنىڭ ئايىغىغا يىقىل، توۋا قىلىپ گۇناھىڭنى تىلە، مەن قۇدىغا ياخشى گەپ قىلاي. مەقسىتىڭگە يەتمەكچى بولساڭ بۇنىڭدىن باشقا چارە يوق!

باياتىندىن ئۆگزىدە ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ تۇرغان ئىبر-شاتنىڭ سەۋر ـ تاقىتى تۈگىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۆگزىدىن ئۇچقاندەك يەرگە چۈشۈپ:

— چىقىشە! چىقىش دەيمەن...ھوي ئىپلاسلار! سەنلەرنىڭ ئەسلىي قىياپىتىڭلار ئەمدى تېخىمۇ ئاشكارىلاندى. كۆزۈمدىن تېز يوقىلىش، — دەپ ۋارقىرىدى.

ئانا ـ بالا ئىككىسى قورققىنىدىن قانداق قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى. ئىبرشات ھەر ئىككىلىسىنى ھويلىدىن سۈرۈپ چىقاردى.

سوپىخان موماي كەلگىنىگە مىڭ پۇشايمان يەپ خۇدنى يوقاتقان ھالداقىزىنىڭ كەينىدىن قېرى كالىدەك پۇشۇلداپ ماڭ-دى. زىلەيبۇۋى بولسا ئانىسىنى يېتىلەپ بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە قاراپ:

— ئاپا، ماڭە تېزراق! شەھەرگە ماڭىدىغان ئاپتوبۇسمۇ كېلىۋاتىدۇ! سەن كېتىۋەرگىن. مەن ئەتە كىرىمەن، — دەپ ۋارقىرايتتى.

ئۇ ئاپىسىنىڭ قولنۇقىدىن يۆلەشتۇرۇپ ماشىنىغا چىقىرىپ قويدى. ئاپتوبۇس توپا ـ چاڭ چىقىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

زىلەيبۇۋى ئۇدۇل ناھىيە تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ بۈگۈنكى دەردىنى ئابلا بۇرۇت بىلەن نامەردكە ئېيتىپ، ئېرشاتنى راسا ئۇرغۇزۇپ ئۆچ ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

ئۇ ئابلا بۇرۇتنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئىككى تال چەڭزىنى غورۇ قىلىپ قويغان ھويلا جىمجىت ئىدى. ئۆينىڭ ئىشىكىگە قولۇپ سېلىقلىق تۇراتتى.

زىلەيبۇۋى ئەتراپىغا قاراپ، 11 ـ 12 ياشلاردىكى بىر قىز-نىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سوراپ باقماقچى بولدى. قىز زى-لەيبۇۋىگە ئەجەبلەنگەندەك قاراپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ قىزغا قاراپ:

— ئابلاجانلار بىر ياققا كۆچۈپ كەتمىگەندۇر؟ سىز بىلەم-سىز؟ — دەپ سورىدى.

قىز زىلەيبۇۋىنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە قاراپ:

— سىز ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، تونۇشى بولىمەن.

— ئابلاكام بىلەن نامەردكام كالا ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قاپتى-كەن، ساقچىلار كېلىپ تۇتۇپ كەتتى. ئايالى خېلى بۇرۇنلا يامانلاپ كەتكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان زىلەيبۇۋىنىڭ پېشانىسىدىن سوغۇق تەر

چىقىپ، يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. ئۇ نېمە ئىش قىلارىنى قاياقا مېڭىشىنى بىلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدى. شەھەرگە كىرىپ كېتەي دېسە، كەچ بولۇپ ئاپتوبۇسلارمۇ توختاپ كەتتى، شۇڭا ئۇ يازلاردا قونۇپ قالىدىغان باغچىغا قاراپ ماڭدى. باغچىدا ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلغۇدەك بىرەر سېخىي يىگىتمۇ ئۇچرىمىدى. ئۇ مەيۈسلەنگەن هالدا بىر تۇپ ئالمىنىڭ تۈۋىگە ئۆزىنى تاشلاپ تاڭنى ئاتقۇزماق بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يەنىلا ئىرشاتىنىڭ بايامقى غەزەپلىك قاراشلىرى نامايان بولاتتى…

رەزىل ئادەملەرنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ھەمىشەم ئەمەلگە ئېشىۋەرمىسە كېرەك، ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ئاچچىقلاپ پىچىرلايتتى: «ھەي، ئابلا بۇرۇت بىلەن نامەرد بولغان بولسا، بۈگۈن كېچە ئۇ سەھرالىق تەلۋىنى تازا بىر ئۇرغۇزۇۋەتكەن بولاردىم…ھەي، ئابلا بۇرۇت! سەن مېنىڭ ئۆيۈمنى بۇزمىغان بولساڭ، مەن بۇ چاققىچە ئۇ تەلۋىگە سەزدۇرمەي زەھەرلىك تاماق بېرىپ بارىدىغان يېرىگە يوللىۋەتكەن بولاردىم…قارا بۇ تەلۋىنىڭ يامانلىقىنى، خەلقئالەم ئالدىدا ئاپام ئىككىمىزنى رەسۋا قىلىۋەتتا…»

ئۇ شۇنداق خىياللار بىلەن ئۇيقۇغا كەتتى.

تاڭ سەھەردە بىر لالما ئىت ئاستا كېلىپ ئۇنى بىر پۇراپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ بىر قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆرگەن چۈشىنى ئەسلىيەلمىدى. كېچىچە ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى پاشا چېقىپ قاپارتىۋەتكەن بولسىمۇ، كارى بولماي يېتىۋەرگەنىدى. ئۇ قاپارغان يەرلىرىنى سىلاپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تىۋىش چىقارماي باغدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئۆزىنى تۈزەشنىمۇ ئۇنتۇغان هالدا تاغاق تەگمىگەن چاچلىرىنى پاخپايتىپ مېڭىپ، ئاپتوبۇس بېكىتىگە يېتىپ كەلدى. شەھەرگە ماڭىدىغان يولۇچىلار ئاز بولسىمۇ ۋاقىت توشقاچقا ئاپتوبۇس قوزغالدى.

يولدا ئاددىي ـ ساددا ۋە پاكىز كىيىنگەن ئىككى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئالدىراپ ئاپتوبۇسقا چىقىپ، زىلەيىۋۇنىڭ ئالدىدىكى ئىككى كىشىلىك ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئۇ قىزلارنىڭ بىرسى بۇدۇر چاچ، ئوتتۇرا بوي قىز ئىدى. يەنە بىرى ئاق پىشماق كەلگەن قىز ئىدى.

— ئىلى ھەقىقەتەن گۈزەل زېمىن ئىكەن جۇمۇ ئاداش، سەن مېنى قىممەتلىك ئەسلىمىلەر بىلەن تەمىنلەيدىغان بولدۇڭ. كىرلەر يىلى تەتىلدە مەن سېنى قەشقەر ۋە يەكەنلەرگە ئاپىرىمەن. ئۇ يەرلەردە تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر زاتلارنىڭ قەبرىلىرىمۇ بار، — دېدى بۇدۇر چاچلىق قىز.

ئاپتوبۇس بىر بېكەتتە توختىغاندا، سومكا كۆتۈرگەن بىر قىز چىقىپ، قىزلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپلا ئاق يۈزلۈك قىزنى تونۇپ قالدى:

— ھوي قەدىرىيەغۇ بۇ؟ — دەپ ئۇ قىزنىڭ تونۇشلۇق بىردىشگە قارىماي ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى.

— ھە، سەن گۈلپىيەمۇ؟ تونۇماي قالغىلى تاس قاپتىمەن، — ئۇلار بەكلا خۇشال بولۇشقانىدى، — گۈلپىيە، — دېدى قەدىرىيە، — تونۇماي قالدىم دېسەم باشقىچە چوڭىيىپ قالماي، سەل جۇدەپ قاپسەن.

— شۇ، ھەممىسى شۇنداق دېيىشىدۇ. بىراق مېنىڭ قولغا كەلتۈرگەن «نەتىجەممۇ» يامان ئەمەس دېگىنە! — دەپ چاقچاق قىلدى، — بىر دېھقان يىگىتى بىلەن توي قىلدىم. ھازىر بالىلىقمۇ بولدۇق. ھازىر ئىلمىي ئۇسۇلدا يەر تېرىپ، مال بورداپ باي بولۇشقا تىرىشىۋاتىمىز.

— ئوھو! نېمىدېگەن ياخشى، — دېدى قەدىرىيە.

ئۇلارنىڭ پارىڭى شۇ يەرگە كەلگەندە، قەدىرىيە ئولتۇرغان دوستىنى تونۇشتۇردى:

— بۇ قىزنىڭ ئىسمى گۈلمىرەم. مېنىڭ بىلەن بىر مەك-تەپتە ئوقۇيدۇ. بۇ يىل بۇ دوستۇمنى يۇرتىغا بارغۇزماي، غۇل-جىنى كۆرۈپ كەل، دەپ ئېلىپ كەلدىم.

— ياخشىغۇ، تونۇشۇپ قالايلى…بۇ دوستۇڭنى ئېلىپ بىز-نىڭ ئۆيگە بارغىن، بارمىساڭ سەندىن رەنجىپ قالىمەن جۇمۇ؟ ھە راست، تاشگۇل كەلمەپتىغۇ؟ ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرگۈسى كەلمەپتىمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ھازىر مەكتەپ بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەلا ئوقۇغۇچى. ئۇ ئۆزلۈكىدىن ياپون تىلى ۋە ئىنگ-لىز تىلى ئۆگىنىۋاتىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭ خەت ۋە خەۋەرلىرىنى مەن ئېلىپ كەلدىم. ئۇنىڭغا ھەممىمىزنىڭ ھەۋىسى كېلىدۇ. ئۇنىڭغا ئېرىشكەن…تەلەيلىك دېگىنە… — قىزلار بىراقلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ھازىر بىزنى شەھەرلىك ئىككى نەپەر ساۋاقدىشىمىز مېھمانغا چــاقىرغــان، بىز بىلەن بىرگە بارامسەن؟ — دېدى قەدىرىيە.

— رەھمەت ئاداش، رەھمەت. بۈگۈن مۇھىم ئىشىم بار ئىدى. گەپىنىڭ راستىنى ئېيتسام مۇشۇ تاپتا سىلەردىن ئايرىلغۇم كەلمەيۋاتىدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان زىلەيبۇۋىنىڭ قەلبى ھەسەت ئوتىدا ئىچى ـ ئىچىدىن ئۆرتۈنۈپ كەتتى: بۇلار نېمىدېگەن قەدىرلىك، مەن نېمىدېگەن قەدىرسىز ـ ھە؟ مېنىڭ بۇلاردەك بىرەر دوستۇممۇ يوق. مېنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمغا زادى كىم سەۋەبچى؟…

ئۇ بۇ جەھەتتىكى ئۆچىنى ئانىسى بىلەن ئاكىسىدىن ئالماق-چى بولۇپ، كــۆڭلىگە يــەنە ئــاللىقانــداق پىلانلارنى پۈكۈپ قويدى…

8

خالىق ھاجى ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايتتى: «ھېلىقى ماجۇرىن دېگەن ئالدامچىنىڭ تازا تېگى بوش بىر نېمە ئوخشايدۇ، يالغاندىن داۋالىنىمەن دەپ تيەنجىنگە بېرىۋالغىنىنى قارىمامدىغان. بۇ ھېساباتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن باغلىنىشلىق تۇرسا...» ئۇ ئۇستەل ئۇستىدە تۇرغان نۇرغۇن ھېساب دەپتەرلەرگە قاراپ، قىزىپ كەتكەن پاينەك بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

ئىشىك قوپال ئېچىلىپ، ئۆيگە زىلەيبۇۋى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرى ئاكىسىغا تىكىلدى:

— مەن بۇگۇن ئاپام ئىككىڭلاردىن ھېساب ئالىمەن! — دېدى ئۇ.

— ھۆكۈمەتنىڭ ھېسابىنى بىرەلمەي باش قېتىپ تۇرسا، ساڭا بېرىدىغان نېمە ھېسابكەن ئۇ؟

— مېنىڭ ئوقۇيالماي قېلىشىمغا ئاپام ئىككىڭلار سەۋەبچى. ئۇ چاغلاردا كىچىك ئىكەنمەن. قۇربانجان مۇئەللىم: «قىزىڭلارنى ئوقۇتۇڭلار» دەپ ئۆيگە نەچچە رەت كىرگەندە سەن ئۆزۈڭچە ئۇنى كۆزۈڭگە ئىلماي چىقىرىۋەتكەنىدىڭ. سەن نومۇسسىز تۆھمەت قىلىپ تۈرمىگە قامىتىۋەتكەن ئاشۇ جاپاكەش مۇئەللىم ئاقلىنىپ چىقىپتۇ. ئەمدى بۇ گەپمۇ تارقالماقتا... ھەممە ئادەم ساڭا نەپرەت ياغدۇرماقتا. كەڭ خەلق ئامىسى سەندىن ھېساب ئېلىشى مۇمكىن. ئەگەر مەن ئۇ مۇئەللىمنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان بولسام، ئۆزۈمگە لايىق ئىناۋەتلىك قىزلاردىن بولۇپ قالاتتىم.

— ئەمدى، ئەقلىڭگە كېلىپ قالغان ئوخشىمامسەن! — دېدى خالىق ھاجى ئۇنى زاڭلىق قىلغان ھالدا.

— مەن ئوقۇيمەن، دېگەن چېغىمدا سېنىڭ نېمە دېگەنلىكىڭ

ئىسكىدە بارمۇ؟ «سەن ئوقۇپ نەگە باراتتىڭ؟ سەن مېنىڭ قولۇمدا ئوقۇغىن. مەنمۇ كۆپ ئوقۇمىغان. بىراق كاللام ئىشلەيدۇ. مالىيە مەكتەپتە بىر يىل ئوقۇپلا خىزمەتچى بولغانمەن. شۇڭا سەن مەن ئوقۇغان مەكتەپتىلا ئوقۇساڭ بولغىنى» دېگەندىڭ. ئەمەلىيەتتە سېنىڭ ماڭا ئۆگەتكىنىڭ باشقىلارنى ئالداش، قاقتى - سوقتى قىلىش، ياشاش ئۈچۈن باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتىن ئىبارەت بولدى...

— ئاغزىڭنى يۇم! — دېدى خالىق ھاجى زەردە بىلەن ۋارقىراپ، — سەن لالما قانجۇق ئاپامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماي نەلەردە يۈرۈيسەن؟ قىز بالا دېگەننى ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش ئۈچۈن ياراتقان...

— ھە، ئەمدى مەن سېنىڭ ئالدىڭدا لالما ئىتقا ئايلىنىپ قاپتىمەندە؟ ھۇ قارا يۈز، — دېدى زىلەيبۇۋى ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ. ئۇ ئاچچىقىنى باسالماي ئاكىسىنى كېلىشتۈرۈپ بىر شاپىلاق ئۇرۇۋەتتى. بۇ شاپىلاق ئۇنىڭ يۇمۇق كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى. خالىق ھاجىمۇ دىقماق قوللىرىنى ئىشقا سېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۆينىڭ ئىچى ئۆپۈر - تۆپۈر بولۇپ كەتتى.

زىلەيبۇۋى ئۈستەل ئۈستىدىكى گۈل چىلاپ قويغان قىممەت باھالىق لوڭقىنى ئېلىپ ئاكىسىغا قارىتىپ ئاتتى. لوڭقا ئۇنىڭغا تەگمەي ئەينەك جازىغا تېگىپ كۇكۇم - تالقان بولۇپ كەتتى.

زىيانغا چىدىمىغان خالىق ھاجى زىلەيبۇۋىنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ تامغا نىقتاپ ئۇرماقچى بولغاندا:

— قولۇڭنى تارت! — دېگەن ئۈنلۈك ئاۋاز ئاڭلاندى.

خالىق ھاجى بۇرۇلۇپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، يېنىغا يان قورال ئاسقان ئىككى نەپەر ساقچى نامايان بولدى. ئۇنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. بىر ساقچى كېلىپ ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى... زىلەيبۇۋى قانداق قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالغانىدى. ئۇ بىردەم خۇشال

بولغاندەك بولاتتى، بىردەم قورقاتتى. ئۇ ھويلىغا چىققاندا، بىر موتىسكىلىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ بىر ساقچى بالا كىرىپ زىلەيبۇۋنى كۆردى:

— زىلەيبۇۋى دېگەن سىز بولامسىز؟ — دېدى.

— ھەئە، مەن شۇ.

— سىزنى ناھىيىلىك سوتتىن چاقىرىۋاتىدۇ. مەن بىلەن مېڭىڭ.

يازلىق چايخانىدىكى كارىۋاتتا يېتىپ بولۇۋاتقان ئىشلارنى بىلىپ تۇرغان سوپىخان موماي قورقىنىدىن تەرتى ئورنىدا بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرغۇدەك ماغدۇرى يوق ئىدى. ئۇ خۇنۇك كۆزلىرى بىلەن زىلەيبۇۋىگە قاراپ ئۈنسىز خوشلاشقاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن، — دەيتتى ئۇ كۆڭلىدە، — بۇ قېرى جاننىڭ چىقمىغىنىمۇ تەسكە توختىدى. ئۆلۈپ قالسام ياخشى بولاتتى، لېكىن بۇ ھويلىغا بىرەر ئىنسان كىرمىسە، جەسىتىم سېسىپ كېتەرمۇ ـ ھە؟...

ئېرشاتمۇ سوتقا چاقىرتىلغانىدى. ئۇ سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا كېلەي دېگەندە، ج خ ئىدارىسىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسى ئېچىلىپ، تۆت نەپەر قورالىق ساقچىنىڭ باشقۇرۇشىدا بىر توپ قارا كىيىم كىيگەن مەھبۇسلار مۈرىسىگە جوتۇ ۋە گۈرجەك ئېلىپ تىزىلىپ كېلىۋاتاتتى.

ئېرشاتنىڭ دىققىتى ئۇلارغا بۆلۈندى. تىزىلىپ كېلىۋاتقان مەھبۇسلار ئارىسىدا ئابلا بۇرۇت بىلەن نامەردمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئېرشاتنى كۆرۈپ، بىر ـ بىرىگە قاراپ:

— بۇ گۆي بەك يامان ئىكەن جۇمۇ، سوتقا ئاخىر ئەرز قىلىپ كەلگەن ئوخشايدۇ... — دېيىشىپ ئۆتۈپ كەتتى.

سوتچىلار زىلەيبۇۋى بىلەن ئېرشاتنى ئىشخانىسىغا چاقىر-تىپ، سوراقنى باشلىدى:

— ئالتە ئاي سىناق مۇددىتى توشتى. سىلەرنى بۈگۈن بىر

تەرەپ قىلىۋېتەيلى، — دېدى سوتچى زىلەيبۇۋىگە قاراپ، — يولدىشىڭىز «بالدۇرراق ئاجراشتۇرۇۋەتسەڭلار» دەپ ئىككى رەت كەلدى. سىز قانداق قارارغا كەلدىڭىز؟ — دېدى.

— مەن گۇناھسىز، بۇ ماڭا قارا چاپلاۋاتىدۇ، مەن ئاجرىشىپ كېتىدىغانغا تەگكەن ئەمەس، — دېدى زىلەيبۇۋى.

سوتچىلار ئېرشاتقا قارىدى. ئېرشات بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن:

— ئەر - خوتۇن دېگەن ئىناق ئۆتسە بىر - بىرى بىلەن خۇددى يېقىن ئايرىلماس دوستلاردەك بولىدىكەن. ئىناق ئۆتمىسە بىر - بىرىگە دۈشمەن بولىدىغان گەپكەن. مېنىڭ نەزىرىمدە بۇ خوتۇن ماڭا ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەن، مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بىر بالايى - قازا ئاكىلار! ماڭا ياخشىلىق قىلىپ، بۇ بالا - قازا خوتۇندىن قۇتۇلدۇرۇۋېتىڭلار، مەن سىلەردىن خۇش بولۇپ قالاي، — دېدى.

ئىككى نەپەر سوتچى ئېرشاتنىڭ گەپلىرىگە كۈلۈپ قويۇشتى. زىلەيبۇۋى بولسا چاڭىلداپ ئېرشاتنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. ئېرشات ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ تەڭ كېلەلمىدى.

سوتچىلار:

— بولدى تالاشماڭلار. ئىككىڭلار بىرلىككە كېلەلمىگەندىن كېيىن، چۈشتىن كېيىن سوت ئېچىپ بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى. چۈشتىن كېيىن كېلىڭلار، — دېدى.

ۋاقىت ئاستا ئۆتۈپ، چۈشتىن كېيىنمۇ بولدى. سوتچىلار سوت ئېچىپ ھۆكۈم قەغىزىنى ئېلان قىلدى:

— بۈگۈندىن باشلاپ ئىككىڭلارنىڭ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىڭلار ئۈزۈلدى! ئېرشات سىز ئەمدى قايتىپ خاتىرجەم ھالدا دېھقانچىلىقىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، — دېدى سوتچى كەسكىن ھالدا.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئېرشات خۇددى يەلكىسىنى بېسىپ تۇر-

غان بىر ئېغىر تاش ئېلىنىپ كەتكەندەك خۇش بولۇپ كەتتى.
بولۇپمۇ بۇ قېتىم سوتچى ئۇنى «سىز» دەپ سۆزلىگەنلىكىدىن، بىر مەزگىل رەزىل ئادەملەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئازار يېگەن كۆڭلى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ، كۆزلىرىدىن ھاياجان ياشلىرى تامچىلاپ كەتتى. لەۋلىرى ئىختىيارسىز تىترەيتتى. زىلەيبۇۋى بولسا، خۇددى ئەسىرگە چۈشكەن ئادەمدەك باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

دەل شۇ چاغدا تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلاپ كەتتى. سوتچى دەرھال تېلېفوننى قولىغا ئالدى:

— ۋەي، ھە…مەن شۇ…ھە…شۇنداق ھەئە…ھازىرلا نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇۋەتتۇق. ھە…نېمە؟ يەنە بىر دەڭا؟! ھە، ئۇقتۇم، ئۇقتۇم، بولىدۇ، خوش! — سوتچى تېلېفون تۇرۇپكىسىنى جايىغا ئاستا قويۇپ، زىلەيبۇۋىگە قارىدى ۋە:

— ئەتىگەن ئاكىڭىز قولىغا ئېلىنغاندا سىز ئۆيدە بارمىدىڭىز؟ — دېدى.

— ھەئە، بار ئىدىم.

— سىزنىڭ باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىز بارمۇ؟

— بار، لېكىن بېرىش - كېلىش قىلىشمايمىز.

— ھە…سىزنىڭ ئاغرىقچان ئاپىڭىز بارمۇ؟

— ھەئە، بار.

— ئاكىڭىز بىلەن سىز ئاشۇ ئاپىڭىزنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالماپسىلەر، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— ئاپام ياخشى ئانا ئەمەس، ئاكاممۇ شۇنداق. مېنىڭ بۈگۈنكىدەك يامان كۈنلەرگە قېلىشىمغا شۇلار سەۋەبچى… — زىلەيبۇۋى ئاكىسى بىلەن ئاپىسىنى بىردەم يامانلاپ بەرمەكچى بولۇۋېدى، سوتچى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ قويدى:

— بولدى، گەپنى ئۇزارتمايلى، بۈگۈن شەھەرلىك سوتنىڭ خادىملىرى ئاكىڭىز ئولتۇرغان ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىنى پېچەتلى-

مەكچى بولۇپ بارغاندا، ئاپىڭىزنىڭ جان ئۈزگەنلىكىنى بايقاپتۇ.
سىز هازىرلا شەهەرگە كىرىپ، ئاپىڭىزنىڭ ئۆلۈم مەرىكىسىنى
ئۆزىنىڭ. هازىرلا مېڭىڭ، بولامدۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان زىلەيبۇۋى بىردىنلا ۋارقىراپ - جارقىراپ يىغلاپ سوتچىلارنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىۋەتتى...

ئېرشات خۇددى قەپەستىن چىققان قۇشتەك ۋېلىسىپىتنى چاپتۇرۇپ بىردەمدىلا ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.

— ئاپا!، خۇش خەۋەر! هېلىقى بالا - قازا خوتۇندىن قۇتۇلۇپ كەتتىم! هى، هى، ئۇنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراپ يىغلاشلىرىنى دوراپ بىرەي جۇمۇ! «ۋاي ئانامەي!...ئەمدى قانداق قىلارمەن؟...ئاكام دېگەن نائەهلى هۆكۈمەتنىڭ نۇرغۇن پۇلىغا خىيانەت قىلىپ قولغا ئېلىندى، ئەمدى مەن يالغۇز قانداق قىلارمەن؟ ۋاي ئانام... سىلەر مېنى مەجبۇرىي ئاجرىتىۋەتتىڭلار! يى، يى، يى» دەپ سوتچىلارنىڭ ئالدىدا يېتىۋالدى دېگىنە! هى، هى، هى...

ئېرشاتنىڭ گەپلىرى بىلەن زىلەيبۇۋىنى دوراشلىرى، گۆهەرخان ئانا بىلەن ئىككى بالىسىنى قېقىلدىتىپ كۈلدۈرۈۋەتتى. ئۇ خۇشاللىقىنى باسالماي ئوغلىنى كۆتۈرۈپ ئىككى پىرقىرىتىۋەتتى. بۇ هالەتنى كۆرگەن گۆهەرخان ئانىنىڭ مىسكىن چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ:

— كىم باشقىلارغا يامانلىق قىلىدىكەن، مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ بالام...— دېدى.

دەل شۇ چاغدا هويلىغا ماناپ بوۋاي كىرىپ كەلدى. ئۇ گۆهەرخان ئانا بىلەن ئەهۋال سورىشىپ:

— بازاردىن قايتقاندىم، سىلەرنى يوقلىغاچ كېتەي دەپ كىرىشىم، — دېدى ئۇ ۋە سۇپىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرغاچ ئېرشاتقا قاراپ، — هە، ئېرشات، بۈگۈن بەكلا خۇشال كۆرۈندىسەنغۇ؟ يولدىن ئۆتۈۋېتىپ بىر بىشەم ئايالنى دورىغان ئاۋازىڭنى

ئاڭلاپ قالدىم، — دېدى.

— ھا، ھا، ھا…بۈگۈن ھېلىقى بالا - قازا خوتۇندىن قۇتۇلۇپ كەلدىم ئەمەسمۇ! شۇنىڭ قىلىقلىرىنى ئاپامغا دوراپ بەرگەنىدىم بوۋا! ھى، ھى…— دېدى ئېرشات كۈلۈپ.

— ئوبدان بوپتۇ بالام، ئوبدان بوپتۇ.

شۇ ئارىلىقتا گۆھەرخان ئانا ئۆيدىن كۆرپە ئېلىپ چىقىپ، ماناپ بوۋاينى كۆرپىدە ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن ئۇ ئوغلىغا قاراپ:

— بايام ئـۇ زىلـەيبوۋنىڭ ئـاپىسىنـى ئـۆلۈپتۇ دېدىڭما بالام؟ — دېدى.

— ھەئە، سوتچىنىڭ تېلېفون ئارقىلىق سۆزلەشكەن گەپلىرىدىن بايقىشىمچە، ئۇ موماي ئۆيىدە يالغۇز قېلىپ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ھالدا جان ئۈزۈپتۇ…

— ھە مانا، بۇمۇ خۇدانىڭ جازاسى دېگىنە بالام، — دېدى ئانا، — خۇدايىم باشقا بەندىسىگە بەرمىسۇن مۇنداق ئۆلۈمنى.

— شۇنداق، — دېدى ماناپ بوۋاي سۆزگە ئارىلىشىپ، — ئاڭلىسام ئۇ موماي ئىسسىتقۇ، سوۋۇتقۇ ۋە رەم ئېچىش قاتارلىق يامان ئادەتلەر بىلەن تالاي - تالاي ئائىلىلەرنى بۇزۇپ، تالاي - تالاي سەبىي بالىلارنىڭ تىرىك يېتىم بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغانىكەن. ھەتتا ئۆزىنىڭ قىزى بولغان ئاشۇ زىلەيبوۋنىمۇ بىر نەچچە ئەرگە بېرىپ ئاقىۋەتتە ئەر تەرەپنىڭ مال - دۇنياسىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ئادەتلەنگەنىكەن. مۇنداق ئاياللارنىڭ ئۆلۈمىگە ھەرگىز ئىچ ئاغرىتماسلىق كېرەك! مۇنداق ئىشلار بەلكىم خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولۇۋاتقاندۇر. ئاق كۆڭۈل ئادەملەرگە ئۇۋال قىلغۇچىلار ئۈچۈنمۇ بىر چوڭقۇر ئاگاھلاندۇرۇش بولسا كېرەك! — دېدى بوۋاي ئۈنلۈك ئاۋازدا.

— توغرا گەپ قىلدىڭ بوۋا، — دېدى ئېرشات، — تېخى ھېلىقى چاغدا مېنى ئۇرغان ئىككى خۇمسىمۇ قولغا ئېلىنىپتۇ قارا! ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

— خويمۇ ئوبدان بوپتۇ! — دېدى بوۋاي خۇش بولۇپ، — ساڭا خۇدانىڭمۇ ئىچى ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ بالام... — بوۋاي ئاپئاق ساقاللىرىنى سىلاپ قويۇپ، — شۇنداق قىلىپ ئۇ چوكاندىن قۇتۇلۇپ كەتتىم دېگىنە بالام؟ بىراق ئۇ سەندىن ھەق تەلەپ قىلمىدىما؟

— تەلەپ قىلدى، بىراق سوتچىلارمۇ قىلنى قىرىق يارىدىكەن دېگىنە. بىر سوتچى زىلەيبۇۋىگە قاراپ: «ئاڭلىساق سىز ئېرشاتنىڭ ساندۇقىدىكى قىممەت باھالىق كىيىم، رەخت ۋە باشقا بۇيۇملارنى سوراقسىز ئىككى رەت ئېلىپ كېتىپسىز، بۇ راستمۇ؟» دەپ سورىۋېدى. ئۇ گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى. سوتچى ماڭا قاراپ: «سىز ئايالىڭىز ئېلىپ كەتكەن نەرسىلەرگە رازى بولامسىز؟» دەپ سورىدى. مەن «رازى بولىمەن، پەقەت مېنى بۇ خوتۇندىن قۇتۇلدۇرۇۋەتسەڭلارلا بولدى» دېدىم.

— ئوبدان دەپسەن بالام، — دېدى ئانا، — مال ـ دۇنيا دېگەن تېپىلىدۇ. قۇتۇلغانغا خۇش بولساڭ بولىدۇ بالام...

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ئېرشات، — بىراق: «خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويدى» دېگەن يامان نامنى ئېلىپ قالدىم ـ دە، شۇ!

— ئۇنداق دەپ ئازابلانما بالام، — دېدى بوۋاي، — مۇنداق ئىشلار ھەركىمنىڭ بېشىغا كېلىدۇ. ئادەم دېگەن ئۆتكەن كۈنلەردىن ساۋاق ئېلىپ، ئالدىغا قاراپ مېڭىشى كېرەك! ئىزدەنسەڭ ياخشى نىيەتلىك تول ئاياللار يوق ئەمەس. ئەمدى ئوبدان ئويلىشىپ بىر ئىش قىلارمىز...

— ياق بوۋا، ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت. مەن ئەمدى ئۆيلەنمەيمەن! ئىككى بالامنى ياخشى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشساملا بولدى — دېدى ئېرشات.

— ئۇنداق دېمىگىن بالام، — دېدى بوۋاي، — سەن تېخى ياش، ياش تۇرۇپلا يالغۇزلۇق تارتما، چۈنكى يالغۇزلۇقمۇ ياش

ئەرلەر ئۈچۈن بىر خىل روھىي ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. خەير بالام، كېيىنكى ئىشلىرىدىكى توغرۇلۇق ئايرىم مەسلىھەتلىشەرمىز.

بوۋاي ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ قايتتى.

ئېرشات ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى - دە، بۇندىن كېيىنكى ھاياتىنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا باشلىدى...

بىر كەمدە ئۇنىڭ ئوغلى ئېلزات: «دادا ياخشىمۇ سەن؟» دەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ دادىسىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا:

— دادا، مېنى قاچان مەكتەپكە بېرىسەن؟ — دېدى.

— كېلە بالام، كېلە، مەن سېنى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىمەن.

— باراتجانمۇ بۇ يىل ئوقۇيدىكەن. ئىككىمىز بىللە ئوقۇيدىغان بولدۇق، — دېدى ئېلزات خۇشال بولۇپ.

— ھوي، ئەقىللىق بالام، — دەۋەتتى ئېرشات. ئۇ خېلىدىن بېرى مۇنداق خۇشال بولمىغانىدى. ئۇ بالىسىنىڭ باشلىرىنى يىرىك قوللىرى بىلەن سىلىغىنىچە ئاللىقانداق خىياللارنى قىلىپ، ئاخىر بالىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلمەي قالدى...

ئەتىسى تاڭ سەھەر ئېلزات چالا ئۇيقۇلۇقتا جۆيلۈپ:

— ئاپا! ئاپا! نەگە بارىسەن؟! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

ئېرشات چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى:

— ھوي بالام! نېمە بولدۇڭ؟! — دەپ سورىدى.

ئېلزات ئۇيقۇدىن تولۇق ئويغىنىپ، ئىشىك تەرەپكە بىردەم قاراپ قالدى:

— ئايىم ئاپام ھازىرلا مەن بىلەن مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇراتتى. ئۇ ئاپئاق چىرايلىق كۆڭلەك كىيىۋاپتۇ. ئۇ ماڭا قاراپ قويۇپ تالاغا ماڭدى. مەن كەينىدىن ۋارقىراپ قالدىم، — دەپ يىغلاپ

كەتتى.

— يىغلىما بالام، يىغلىما... ئاپاڭ سېنىڭمۇ چوشۇڭگە كىرىپ قاپتۇ - دە... — ئېرشاتنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى ئېتىلىپ چىقتى. لەۋلىرى ئىختىيارسىز تىترەپ، ئۇنىمىز يىغلاپ كەتتى. بىر كەملەردە ئۇنىڭ ئاغزىغا گەپ كەلدى، — ئېلزات، تۇرە بالام، كىيىملىرىڭنى كىيگىن، — دېدى.

— نەگە بارىمىز؟

ئېرشات ئوغلىغا چاندۇرماستىن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ قويۇپ:

— ئايىم ئاپاڭنىڭ ياتقان يەرلىرىنى كۆرۈپ «دۇئا» ئوقۇپ كېلىمىز. سەنمۇ موماڭ ئۆگىتىپ قويغان ئايەتلەرنى ئوقۇغىن بولامدۇ؟

— ماقۇل.

ئېرشات ۋېلىسىپىتنىڭ ئالدىغا ئېلزاتنى ئېلىپ، ئۇدۇل قەبرىستانلىققا قاراپ ماڭدى.

ئايىم بىلەن زەيتۇنەم ئانىنىڭ قەبرىسى بىر بولغاچقا، باشقا قەبرىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. قەبرە ئالدىدا، بېشىغا چىمەن دوپپا، ئۇچىسىغا كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن بىر ئادەم تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. ئېرشات ئۇ ئادەمنىڭ ئۇچقۇنجان ئاكا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۇردى.

ئۇ ۋېلىسىپىتنى بىر چەتكە قويۇپ، ئوغلىنى يېتىلەپ ئۇچقۇنجان ئاكىنىڭ يېنىغا ماڭدى:

— ئەنە بالام، بوۋاڭمۇ كەپتۇ.

— بوۋام؟

— ھەئە! بوۋاڭ. ئۇ قۇرئان ئوقۇۋېتىپتۇ، گەپ قىلماي يېنىغا كېلىپ ئولتۇرايلى جۇمۇ؟

— ماقۇل.

ئۇلار ئۇچقۇن ئاكىنىڭ يېنىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتى.

ئۇچقۇنجان ئاكا ئۇلارنىڭ كەلگىنىنى سەزگەن بولسىمۇ، ئوقۇۋاتقان ئايەتلىرىنى توختاتماي كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ بەكمۇ ئۇزاق دۇئا قىلدى. دۇئادىن كېيىن ئېرشات بىلەن ئاماندىلىشىپ ئاندىن نەۋرىسىنى قۇچاقلاپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ چاچلىرىنى پۇرىدى. باشلىرىغا سۆيدى...

— سىلەرمۇ كەپسىلەر بالام؟ — دېدى تىترەك ئاۋازدا.

ئېرشات ئوغلىنىڭ ئورنىغا جاۋاب بەردى:

— بۇگۈن سەھەردە بۇ ئايىم ئاپىسىنى چۈشەپ قاپتۇ. ئۇ مېنىڭمۇ چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەن، شۇڭا قورئان ئوقۇپ قويايلى دەپ كەلگەندۇق.

— ھە، سىلەرنىڭمۇ چۈشۈڭلارغا كىرىپ قاپتۇ - دە، بۇلار... — دېدى ئۇچقۇن ئاكا ھەيران بولۇپ. ئۇ قەبرىگە قادالغان تاختايغا يەنە بىر نۆۋەت قاراپ قويدى. ئۇلار قەبرە بىلەن خوشلىشىپ خېلى يەرگىچە پاراڭلىشىپ ماڭدى، — ئاپىڭىزنىڭ تېنى ساق، ئوبدان تۇرامدۇ؟ — دېدى ئۇچقۇن ئاكا.

— ياخشى، خېلى ياخشى.

— ئاڭلىسام، بىر ئايالنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلالماي يۈرۈپسىز، بۇ راستمۇ؟

— راست، — دېدى ئېرشات ناھايىتى ئۇيالغان ھالدا، — ئۇنىڭدىن تۈنۈگۈنلا ئۇزۇل - كېسىل قۇتۇلدۇم.

— ئوبدان قىلىپسىز، ئۇنداق ئاياللاردىن ۋاقتىدا قۇتۇلغان ياخشى. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ئوبدان ئويلىشىپ بىر ئىش قىلارسىز...ھە...

— رەھمەت دادا، ياخشى كۆڭلىڭىزگە. مەن مۇشۇ تۇپراقتا ئۆسۈپ يېتىلگەن. يۇرتنى گۈللەندۇرۇش ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسەمنى قوشسام دەيمەن. ھازىر مەنمۇ يالغۇز دېھقانچىلىققىلا قاراپ تۇرماستىن، قوشۇمچە باغۇەنچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللىنىش-

نى ئويلىشىۋاتىمەن. بۇ قىزىڭىز ئايىمنىڭمۇ قەلبىدىكى ئارمانلى-
رى ئىدى. ئۇ ھەمىشە يوقسۇل خەلقنىڭ غېمىنى يەيتتى. يۇرتنى
گۈللەندۈرۈشنى ئويلايتتى. ئامال قانچە، ئۇنىڭ بۈيۈك ئارمانلى-
رى ئۆزى بىلەن كېتىپ قالدى... دادا، ئەمدى ئويلايدىغىنىم،
ئىككى نەۋرىڭىزنى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتسام دەيمەن. ئايىم-
نىڭ روھى خۇش بولىدۇ. ئايىمنىڭ قەلبىدىكى ئارمىنى ئەمەلگە
ئاشىدۇ... خەير خوش دادا، ئۆيلەرگە بارارسىز... — دېدى ئېر-
شات.

— بارىمەن بالام، بارىمەن.

— ئېلزات، بوۋاڭغا خۇش دەپ سۆيۈپ قوي، — دېدى ئېر-
شات. ئېلزات بوۋىسىنى سۆيۈپ قويۇپ:

— خوش بوۋا، خەير خوش! — دېدى.

— خوش بالام. خوش... — دېدى ئۇچقۇن ئاكا كۆزىگە لىق
ياش ئېلىپ.

ئېرشات بىلەن ئېلزات بىردەمدىلا يىراقتىكى كۆرۈنگەن
دەل - دەرەخلەر ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

ئۇچقۇن ئاكا قايرىلىپ ئايالى بىلەن قىزىنىڭ قەبرىسىگە
ئاخىرقى قېتىم قاراپ:

— خوش ئانىسى، خوش قىزىم، قەبرەڭلەردە تىنچ ياتقايسى-
لەر، — دەپ كۆز ياشلىرى بىلەن يولىغا راۋان بولدى...

# ياۋا كەپتەر

(ھېكايە)

— دادا، دادا، ئۆگزىگە بىر جۈپ كەپتەر قوندى، ئۇلارغا ئۇۋا ياساپ بەرگىنە! بىزنىڭ ئۆيگە ئۆگىنىپ قالسۇن، — دېدى ئەكرەم چۈچۈك تىللىرى بىلەن ئالدىراپ سۆزلەپ.

— ھە شۇ ئىشمىدى؟ مېنىڭ بۇ ئوغلۇمزە.... نېمەكۆرسە شۇنىڭغا قىزىقىدۇ.

— دادا، يۇسۇپچاننىڭ دادىسىچۇ، پېشايۋانلىق يېڭى ئۆيلەر-نى ياساپتىكەن، پېشايۋانغا نۇرغۇن ياۋا كەپتەرلەر ئۇۋا ساپتۇ، بىز قاچان باي بولىمىزكىنتاڭ ...

— مەيۇسلەنمە بالام، بىزنىڭمۇ باي بولىدىغان كۈنىمىز بولۇپ قالار.

— دادا، ئۆيگە كەپتەر قونسا بەخت قونىدۇ دەيدۇ، بۇ گەپ راستمۇ؟

— بەلكىم راستتۇر، بالام، — دېدى ئۆمەرئاكا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— يۇسۇپچاننىڭ بوۋىسى: «كەپتەر دېگەن ئاللانىڭخاسىيەت-لىك قۇشلىرىدىن بىرى، كەپتەرلەر تىنچلىق، ئامانلىق بېغىش-لايدۇ. خۇش - خەۋەر يەتكۈزىدۇ. كىشىلەرگە ياخشىلىق تىلەي-دۇ. كەپتەر قونغان ئۆيلەرگە بەخت قونىدۇ» دەيدۇ.

يالغۇز ئوغلىنىڭ زېرەك ۋە تېتىك چوڭ بولۇۋاتقىنىغا زوقى كەلگەن ئۆمەر ئاكا، نامراتچىلىق يېغىپ توپا توزۇپ تۇرىدىغان

كونا ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە تېڭىرقاش بىلەن تۇرغان بىر جۈپ ياۋا كەپتەرگە زوقلىنىپ قالدى.

— بوپتۇ بالام، ئاۋۇ بۇلۇڭغا ئەسكى سېۋەتتىن بىرنى ئېسىپ قويايلى، هازىرچە ئۆگزىگە ئاستا دان چېچىپ قوي، — دېدى.

— ماقۇل دادا، ئۆيگە كىرسەڭ ئاستا كىرگىنە. كەپتەرلەر ئۈچۈپ كەتمىسۇن، ئاپام بىلەن ھەدەمگىمۇ دەپ قوي...

شۇنداق قىلىپ بۇ بىر جۈپ ياۋا كەپتەر بۇ نامرات ئائىلىنىڭ هويلىسىغا ئۆگىنىپ قالدى. زېرەك ئوغۇل ئەكرەم كەپتەرلەرگە قاراپ بەكمۇ خۇش بولۇپ كېتەتتى. سايراشلىرىدىن سۆيۈنۈپ، مەكتەپتىن كەلسىلا ئالدى بىلەن شۇ كەپتەرلەرگە دان چېچىپ بەرمىگۈچە تاماقمۇ يېمەيتتى. مۇمكىن بولسا ئۇ كەپتەرلەرنى قولىغاقوندۇرۇپ، ئۆيىنىڭ ئىچىگە ئەكىرىۋالغۇسى كېلەتتى.

«قۇش قوندى بەخت قوندى» دېگەن گەپ رېئاللىقتا ئايلە-نىپ قالدى. 1993 - يىلى ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن بۇ يېزىدا: «نامراتلارنى يۆلەش» سىياستى يولغا قويۇلغاندا، ئۆمەر ئاكىغا بىر موزايلىق كالا تەقسىم قىلىندى. يوقسۇزلۇق دەردىدىن ئىڭراپ كەتكەن بۇ ئائىلىنىڭ هال - ئەھۋا-لى كۈنسېرى ياخشىلىنىشقا باشلىدى.

ئۆمەر ئاكىمۇ بانكىدىن قەرز ئېلىپ باشقىلارغا ئوخشاش مال بورداش، قوي ئېلىپ سېتىش، ئىلمىي ئۇسۇلدا يەر تېرىش قاتارلىق ھەر خىل كەسىپلەر بىلەن پۇل تېپىشقا كىرىشىپ كەت-تى. ئۇنىڭ ئايالى شەھىدە پۇل تاپقانچە كۆزى قىزىرىپ سۇتىگە سۇ، قايمىقىغا ئۇن قوشۇپ ساتىدىغان بولۇۋالدى.

— دادىسى، — دېدى ئۇ ئۆمەر ئاكىغا قاراپ، — بىز ئىككىمىز بۇ ئۆيدىكى ئىشلارغا يېتىشەلمەيۋاتىمىز، ئەكرەمنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ قوي باقتۇرايلى، ئەمدى ئاۋۇ ئىككى كالىنى سېتىپ خادىك ئېلىك. باشقىلارمۇ خادىك ھەيدەپ كۈنىگە

30 ـ 40 كوي تاپىدىكەن.

— توغرا ئېيتتىڭلار ئانىسى، دەل مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭلار، — دېدى ئۆمەر ئاكا خۇش بولۇپ. دەل شۇ چاغدا ئەكرەممۇ مەكتەپتىن قايتىپ هويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۆمەر ئاكا ئۇنى چاقىردى.

— مەيلىلە بالام، مەيلىلە، ئەتە ئاۋۇ ئىككى كالىنى سېتىپ خادىك ئالىدىغان بولۇۋاتىمىز. ئاشقان پۇلغا ئاپاڭ سۈت سېتىپ تاپقان پۇللارنى قوشۇپ ساڭا قوي ئېلىپ بېرەي. سەنمۇ قويلارنى ئوبدان باق بالام، مەكتەپكە بارمىغىنا بالام، بىزمۇ باي بولۇپ يېڭى ئۆيلەرنى ياسىۋالايلى.

— ئوهو... ي! — دېدى ئەكرەم خۇشاللىقىدا ۋارقىراپ. ئۇ، دادىسىنى قۇچاقلاپ قويۇپ چىرايىنى ئۆزگەرتتى، — مەنمۇ... مەكتەپتىن زېرىككەنىدىم دادا، هېلىقى بارات مۇئەللىم: «تاپشۇرۇقلارنى تولۇق ئىشلىمەپسەن» دەپ باشلىرىمغا نوقۇپ تىللاپلا يۈرىدۇ.

— بۇ ساپاسىز مۇئەللىملەرنىڭ قىلىقى شۇ بالام، بولدى، ئەتىدىن باشلاپ مەكتەپكە بارما! باي بولۇپ ساڭا ئۆيلەرنى سېلىپ چىرايلىق ياساپ بېرەيمىكىن دەيمەنا بالام! هازىر گەپ پۇل تېپىشتىلا قالدى. پۇللا بولسا ئوقۇمىسەن ياكى هۈنەر ئۆگەنمەسەن، هەممىنى قىلغىلى بولىدۇ بالام...

— دادىڭ توغرا ئېيتىدۇ، — دېدى شەهىدە خانىم سۆز قىستۇرۇپ، — بۇرۇنقىلار «هۈنەرلىك ئەر خار بولماس، دوست ـ دۈشمەنگە زار بولماس» دېگەن ئىكەن.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى. ئۆمەر ئاكا كۆڭۈلدىكىدەك قىلىپ، ئىككى ئېغىزلىق پېشايۋانلىق ئۆي سېلىۋالدى. ياۋا كەپتەرلەرمۇ خۇشال بولغاندەك يېڭى پېشايۋانغا ئۇۋا ياساپ ئەۋلاد كۆپەيتىشكە باشلىدى.

شەهىدە خانىم تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن ئۆزد-

ده هال پەيدا قىلدى. ئۇ بۈگۈنمۇ بىر سەتەڭ دوستى بىلەن بىرگە تويغا بېرىپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇ دوستىغا سەل ھەسەتقىلغاندەك قاراپ:

— سەن بارغانچە سەتەڭ چوكانغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىسەن جۇمۇ، ئاداش. مۇنداق يۇرسەڭ ئېرىڭ گەپ قىلمامدۇ ساڭا؟ — دېدى.

— ياق ئاداش، ھازىر مېنى ئېرىم ئەمەس ئاشنام بەك كۆنلەيدىغان بولۇۋالدى... قانداق، سېنىڭمۇ ئاشنا تۇتقۇڭ كېلىۋاتامدۇ - ھە؟!

— ھا، ھا، ھا... ئاستاراق گەپ قىل ھوي ساراڭ، ئاستاراق!

— ئەگەر ئويناپ بۇ جاھاننىڭ پەيزىنى سۈرمەن دېسەڭ مەن ساڭا راسا كېلىشكەن، پۇلدار ئادەمدىن بىرنى تېپىپ بېرىمەن.

شەھىدە خانىم: «بايقاپ سۆزلە» دېگەن مەنىدە كۆرسەتكۈچ قولىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا مەنىلىك تەڭلەپ قويدى. ئۇ ئىككى يېقىغا بىر قۇر قارىۋېتىپ:

— ئۆيگە كېلىپ قاپتۇق، كېيىن پاراڭلىشايلى - ھە. ئاداش، خوش، خۇداغا ئامانەت، — دەپ ئۆيگە ماڭدى.

شەھىدە خانىم دوستى بىلەن خوشلىشىپ ھويلىغا كىردى. ئۇنىڭ خۇشخۇي چىرايى ھويلىغا كىرىپلا ئۆزگەردى:

— ھەي دادىسى، مېنىڭ گەپلىرىم قۇلاقىڭنىڭ ئۇ يېقىدىن كىرىپ بۇ يېقىدىن چىقىپ كېتىدىغانبولدىغۇ، بۈگۈندىن باشلاپ بۇ كەپتەرلەرنى يوقاتمايدىكەنسىز مېنىڭ كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ. ئەمدى كەپتەرلەرنىڭ پوقىنى تازىلاپ ئولتۇرىدىغان شەھىدە يوق، — دەپ جاۋۇلداپ كەتتى.

— بولىدۇ ئانىسى، بولىدۇ، بۇلاردىن مەنمۇ زېرىكتىم. بىراق نېمىشقىكىن بۇلارنى تەزدۇرۇۋېتىشكە قولۇم بارمايۋاتىدۇ.

— سىزنىڭ قولىڭىز بارمىسا، باشقىلارنىڭ قولى بارىدۇ.

يەل ملتىق كۆتۈرۈۋېلىپ كەپتەرلەرنى ئېتىپ يەيدىغانلار باركەنغۇ...

— توغرا، بۇ گەپنى ئوبدان قىلدىڭ، — دېدى ئۆمەر ئاكا تالاغا قاراپ مېڭىۋېتىپ.

ئۇ كەپتەر ئوۋلايدىغان بىر ئادەمنى باشلاپ كېلىپ ئۆزۈن تاياق بىلەن پېشايۋاندىكى كەپتەر ئۇۋىلىرىنى بۇزغۇزۇپ ۋەيرى - ۋەيران قىلدۇرۇۋەتتى. يېڭىلا تۇخۇمدىن چىققان يالىڭاچ باچكىلار يەرگە چۈشۈپ جان ئۈزدى. كەپتەرلەرئۆي ئەتراپىنى ئۆزاققىچە ئايلىنىپ ئېچىنىشلىق هالدا باللىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمدىلا ئۇچۇرما بولغان باچكىلار ئانا كەپتەرلەرنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ كۆزدىن غايىب بولدى. لېكىن ئۇچالمايدىغانلىرى چېكىلدىشىپ لاغىلداپ تىترەپ هېلىقى ئوۋچىنىڭ قارا سومكىسىغا سولاندى.

دېمەك بەش - ئالتە يىل بۇ ئائىلىدە پاناهلىنىپ شاد - خۇرام ياشاپ كەلگەن كەپتەرلەر بۇ ئائىلىنىڭ ئادەملىرىگە لەنەت ئوقۇغاندەك ئايلىنىپ قويۇپ، ئىككىنچىلەپ قەدەم باسمىدى.

بىليارد ئويناپ تۆت كوي ئۇتتۇرۇپ قويغان ئەكرەم كەپتەرلەردىن يەنە ئىككىنى ساتماق بولۇپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ هويلىغا كىرگىنىدە پېشايۋانلار ئاللىبۇرۇن تەلەتىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان سۆرۈن ئەسكىلىككە ئايلىنىپقالغانىدى.

شەهىدە خانىم بۇندىن بەش يىل بۇرۇن ياغاچلىرى سېسىپ هازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك قورقۇنچلۇق هالغا كېلىپ قالغان پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ كۆن بويى كالا پوقىدا لاي ئېتىپ، چاشقانلار تېشىۋەتكەن بۇلۇڭلارنى سۇۋاش بىلەن كۆن ئۆتكۆزەتتى. زاغرا نان ئاشقازىنىنى ئېچىشتۇرۇۋەتكەندە پوچۇق چىنىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيمۇ ئۆي قاتراپ بىر قوشۇق سۇت سوراپ، كۆرۈنگەنگە دەرد ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ كاج تەقدىرىدىن زارلىنىپ يۈرەتتى. شۇ چاغدا ئۆگزىگە قونغان بىر جۈپ ياۋا كەپتەرگە

قاراپ ئىچى ئاغرىپ: «كېلە جانىۋار، سېنىڭمۇ بېشىڭغا ئېغىر كۈنلەر چۈشمىگەن بولسا، مېنىڭ بۇ نامرات ئۆيۈمگە پاناھلىنىش ئۈچۈن كەلمىگەن بولار ئىدىڭ. مە، مەن يېگەن ئاچچىق قوناقنا سەنمۇ ئېغىز تەگ» دەپ بىر ئوچۇم قوناقنى چېچىپ بەرگەنىدى.

مانا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە ئاشۇ بىچارە كەپتەرلەرنىڭ ئەلەملىك كۆز ياشلىرى ئالدى بىلەن شەھەر- دە خانىمنى ئۇردى بولغاي، تۇيۇقسىزلا ئېغىر ئاغرىپ يېتىپ قالدى.

شۇ كۈنلەردە ئۆمەر ئاكا پۇل تاپقانسېرى بەكمۇ پىخسىقلى- شىپ كەتتىمۇ دوختۇردىن باشقا ئاپارمىغان موللىسى، كۆرسەت- مىگەن رەمچىسى، ئوينىتمىغان باخشىسى قالمىدى. ئاخىر ئالدام- چى موللا، يالغانچى رەمچىلەرنى كۆڭلىدە يۇزمىڭنى تىللاپ ئاچ- چىق يۇتقان ھالدا ئايالىنى شەھەرلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا مەجبۇر بولدى.

دوختۇرلار شەھىدە خانىمنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرۈپ قاتتىق جىددىيلىشىپ كەتتى. كېيىن ئۆمەر ئاكىنى ئاي- رىم ئۆيگە ئەكىرىپ ئاچچىقلىغاندەك كايىپ كەتتى:

— سىز بەكمۇ بىپەرۋا ئادەمكەنسىز ئاكا، ئايالىڭىزنىڭ كېسىلى مۇنچىۋالا ئېغىرلىشىپ كەتكۈچە نېمىشقا دوختۇرغا كۆر- سەتمىدىڭىز؟ ئايالىڭىزغا زالىملىق قىلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنىمۇ قاتتىق مۇجۇۋەتكەن ئوخشايسىز. ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى بەك ناچار، ئاز دېگەندە بىر ئاي بالنىستتا يېتىپ داۋالانمىسا بولماي- دۇ، ئەتە ئەتىگەندە كېلىپ ئۆزىڭىزنىمۇ تەكشۈرتۈپ كۆرۈڭ، ئالدى بىلەن بەش مىڭ سوم تاپشۇرىسىز، — ئۆمەر ئاكا بېشىنى تۆۋەن سالدى، — ئايالىڭىزنىڭ يۈرەك كېسىلىمۇ خېلى ئېغىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېغىر ھالدىكى جىنسىي كېسەل بولۇپ قالغان، مۇنداق كېسەللەر كۆپىنچە پاھىشىۋاز ئەرلەردىن يۇقىدۇ.

بۇ قوپال گەپلەرنى ئاڭلىغان ئۆمەر ئاكىنىڭبېشىدا چاقماق

چىقىلغاندەك بولۇپ ئاغزى ئاران گەپكە كەلدى:
— مەن پاھىشىۋاز ئەمەس، پاھىشىۋازلارغا بەكئۆچ.
— بولدى، بولدى، باشقا گەپنى قويۇپ، ئەتە چاي ئىچمەي كېلىپ ئۆزىڭىزنى تەكشۈرتۈپ كۆرۈڭ ئاكا!
ئۆمەر ئاكا چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپ كەتتى. ئۇ گەپ قىلماي يول تەييارلاپ كېلىش ئۈچۈن يېزىغا قاراپ ماڭدى. دوختۇرلارنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە پات - پات تەكرارلىنىپ قالاتتى… تاماكىنىڭ ئاچچىق تۈتۈنى ئېغىز - بۇرنىدىن ئەمەس، مېڭىسىدىن چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايتتى. مەن … ئۇنداق ناشايان، بۇزۇق ئىشلارنى قىلمىغاندىم - غۇ؟ … بۇ ئەسكى ئىشلارنى شەھەردە ئۆزى قىلىپ يۈرگەنمىدۇ - يا؟ توغرا، خوتۇن خەققە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىمۇ غەلىتە بولۇپ قالغان، ھېلىقى سەتەڭ دوستى ئۇنى ئاخىر يولدىن ئازدۇرۇپ جىنسىي كېسەلگە ئەرلەر بىلەن … توغرا، توغرا، دەل شۇنداق جۇمۇ، بولمىسا بۇ كېسەل كىمدىن يۇقاتتى؟ نېمىدېگەن سەتچىلىك - بۇ!
ئون سەككىز يىلدىن بۇيان ئۆز ئايالىغا تاغدەك ئىشىنىپ دەردىگە دەرمان بولۇپ، قەدىرلەپ كەلگەن ئۆمەر ئاكىنىڭ كۆڭلىنى بىردىنلا ئۆچمەنلىك ۋە غەزەپ - نەپرەت ئوتلىرى ئىگىلەشكە باشلىدى. ئولتۇرسا، قوپسا خىيالغا چۆكۈپ كېتىدىغان بولدى، لەۋلىرىنى چىشلەيتتى، بىردەم ئايالى بىلەن ئارىلاشقان ئەرنى سېزىپ قالسا پىچاق بىلەن پارچە - پارچە قىلىۋەتكۈسى كېلەتتى. يەنە ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قوياتتى.
شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئاكا ئىچى ئېچىشقان ھالدا قورۇدىكى ئات، كالا، قوي ئىشقىلىپ پۇلغايارىغۇدەك بىساتلارنى ئېلىشىغا سېتىۋەتتى. «بىز ۋەيران بولدۇق!» دېدى ئۇ ھەسرەتلىك ئۇھ

تارتىپ، لېكىن بۇ نەرسىلەرمۇ چىقمىغا دال بولماي كەتتكە ۋە باشقىلارغا ئىككى مىڭ يۈەن قەرز بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆيىدەقالغىنى پەقەت «ئايالىم ساقىيىپ قالسا سويۇپ بېرەرمەن» دەپ بېقىۋاتقان بىرلا چىشقاق توقلىسىدىن باشقا ھېچنېمىسى قالمىدى. ھېلىمۇ ياخشى ئۆمەر ئاكا ئۆزىنى، تەكشۈرتكەندە بەل ئاغرىقىدىن باشقا ھېچقانداق كېسەل چىقمىدى. لېكىن ئايالىنى يوقلاپ كىرگەندە ئاغزىدىن خېلىغىچە زۇۋان چىقماي قالدى، چۈنكى شەھەردە خانىم خۇددى بىر ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئا- دەمدەك بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرۇپ: «ئۇ مېنىڭ جىنسىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىمنى بىلگەنمىدۇ؟ بىلىپ قالغان بولساقانداق قىلارمەن، بۇ ئىشنىڭ ھېسابىنى مەندىن ئالماي قويمايدۇ. مەنمۇ ئامال بار چاندۇرماسلىققا تىرىشاي» دېگەن ئەنسىز خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇ ماغدۇرسىز گەۋدىسىنى ئاستا مىدىرلىتىپ ئېرىگە سەپسالدى - يۇ، يۈرىكى يەنە قورقۇنچلۇق جىغىلداپ كەتتى، چۈنكى ئۆمەر ئاكىنىڭ كۆز- لىرىدىن سوراققا تارتىش ئالامەتلىرى ئۇچقۇنداپ تۇراتتى.

— بىر ئاز ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ ئانىسى؟

— خېلى ياخشى، رەھمەت، — ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى ئېتىلىپ چىقتى.

— كۆڭلۈڭلارنى بۇزماڭلا، كېسەل ئادەم كۆڭلىنى خۇش تۇتمىسا بولمايدۇ، — دېدى ئۆمەر ئاكا تەسەللى بېرىپ.

— مېنىڭچە، يەيدىغان - ئىچىدىغان دورىلارنى ئېلىۋېلىپ ئۆيدە ياتسام بولامدىكىن دەيمەن.

— ياق. ياق، يەنە ئاز ۋاقىت داۋالىنىپ ياخشى بولۇپ ئاندىن ئۆيدە ئارام ئالساڭلارمۇ بولىدۇ ئانىسى. مەن ئەتە ئۆيدىكى توقلىنىسويۇپ شورپا قىلىپ كېلەي، شورپا ئىچسەڭلار تېز ياخ- شى بولۇپ قالىسىلە. مەن ھازىر يېزىغا چىقىپ كېتەي، بۇ يەردە روشەنگۈل بولغاندىن كېيىن مەن خاتىرجەم، ھە... ئۇ قىزىمىزغا

یاخشىراق نەسىھەت قىلىپ قويۇڭلار، كېچىدە كىنولارغا تولا بارمىسۇن. بۇ دېگەن شەھەر.

— بولىدۇ، مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم.

شەھىدە خانىم: «توقلىنى هازىر سويمىسىڭىزمۇ بولامدى-كىن» دېگۇچە ئۆمەر ئاكا ئىشىكتىن تېزلا چىقىپ كەتتى.

— بۇ ئادەم سىزنىڭ يولدىشىڭىزكەندە؟ — دېدى چەتتىكى كارىۋاتتا ئۇيقۇسىراپ ياتقان بىر كېسەل ئايال.

— ھەئە.

— بەختلىك ئىكەنسىز خانىم، بىر ئوبدان كۆيۈمچان ئېرى-ڭىز بار ئىكەن.

شەھىدە خانىم گەپ قىلمىدى، لېكىن: مەن بەختلىك ئە-مەس. — دېدى ئۇ كۆڭلىدە بىردىنلا ئازابلىنىپ، — مەن ئۆز بەختىمگە ئۆزۈم توپا چاچقان بىر ئازغۇنمەن ... ھەي دوستەك، ھەي دوستەك، ئىپلاس پاسكىنا، سەن ئەسكى مېنى ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ ئاندىن يەرگە ‹جاق› قىلدە ئۇرغان ئىكەنسەن - ھە؟ ماڭا پۇلدار ئاشنا تاپتىم دەپ، بىر كېسەل زەڭگىنى تېپىپ بەرگەن ئىكەنسەن ئەمەسمۇ ... نېمىدېگەن سەتچىلىك ... مانا ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق... شەھىدە خانىمنىڭ كۆز ياشلىرى يام-غۇردەك تامچىلاشقان باشلىدى. ئۇ پۇشايمان ئىلكىدە ئوتقا چۈش-كەن قىلدەك تولغىناتتى. بىردىنلا قۇلاق تۈۋىدە ھېلىقى رەزىل ئاشنىسىنىڭ پىچاق تەڭلەپ تۇرۇپ دېگەن قورقۇنچلۇق گەپلىرى جاراڭلىغاندەك قىلاتتى: «... مەن ساڭا كۆيۈپلا قالدىم. سېنىڭ يېقىملىق پۇرايدىغان تەنلىرىڭ بۇرنۇمغا پۇراپلا تۇرىدۇ، سېنى بىر كۈن كۆرمىسەم سېغىنىدىغان بولۇپ قالدىم. شۇڭا مەن كەلگەندە ئېرىڭدىن قورقۇپ چىقمايدىكەنسەن، ماۋۇ پىچاق بىلەن جەھەننەمگىلا يوللىۋېتىمەن جۇمۇ! » دەپ سۇرلۇك پىچاقنى يۇرد-كىگە شىلتىپ قويغانلىقى يادىغا كېلىپ قالاتتى.

ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ، ئۇنىڭ قىزى روشەنگۈل

كىرىپ كەلدى:

— ئاپا، ئازراق تاماق يەپ باقامسەن؟

— ياق بالام، كۆڭلۈم ھېچنېمە خالىمايۋاتىدۇ.

— نېمە بولدۇڭ ئاپا، يەنە يىغلاپسەنغۇ؟ يېقىندىن بۇيان بەكمۇ ئۇساللاپ كېتىپ بارىسەن. كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئادەمدەك بېشىڭنى كۆتۈرمەي خىيالغا چۆكۈپلا ئولتۇرىسەن، مەن سېنىڭدىن ئەنسىرەپ قالدىم ئاپا ...— روشەنگۈل كۆزىگە لىق ياش ئالدى.

— كۆڭلۈمنى بۇزما قىزىم، مەن بۈگۈنمۇ بىر سىرلىق چۈش كۆرۈپ قاپتىمەن، چۈشۈمدە بىزنىڭ ئۆينىڭ ئۈستىدە بىر ياۋا كەپتەرنىڭ بالىسى: «دادا... ئاپا...» دەپ كىچىك بالىدەك بوقۇلداۋېتىپتۇ. يۈرەكنى ئېزىدىغان بۇ يىغا ئاۋازى مېنىمۇ يىغلىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوغلۇم ئەكرەم يادىمغا كېلىپ كۆڭلۈم تېخىمۇبوشاپ كەتتى...

— سېنىڭدىن ئايرىلىپ قالارمەنمۇ، دەپ ئەنسىرەيمەن، ئاشۇ ئوغلۇڭ ئىككىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن بولسىمۇ تېزرەك ساقىيىپ قالساڭ بولاتتى ئاپا...— روشەنگۈل كۆزىگە يەنە لىق ياش ئالدى.

شەھىدە خانىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام ئەتتى:

— سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ قىزىم، غېمىڭنى يەيدىغان چاغ كېلىپ قالدى. يېقىندىن بۇيان يۈرۈش - تۇرۇشۇڭ بۆلەكچە بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ھېچقاچان لەۋلىرىڭنى بويىمايتىڭ، بويايدىغان بولۇۋالدىڭ، دېمەكچى بولغىنىم، كوچىلاردا يۈرگەن بەزى بىر قىزلارنى دوراپ سەنمۇ يامان يوللارغا مېڭىپ قالمىغىن. بولۇپمۇ بىز ئاجىزلارنىڭ ئەخلاق جەھەتتە ياخشى ياكى يامان بولۇشىمىز ئۆزىمىزنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

شەھىدە خانىم شۇنداق يەكۈن چىقاردى، ھەمدەقىزىغا ئار-تۇقچە سۆزلەشنى خالىمىدى. لېكىن بۇ سۆز شەھىدە خانىمنىڭ ئۆز قىزىغا ئېيتقان تۇنجى قېتىملىق نەسىھىتى ئىدى، بۇ نەسى-ھەت، روشەنگۈل ئۇچۇن ئەڭ ئاخىرقى نەسىھەت بولۇپ قېلىشى-نى كىم بىلىدۇ؟ ...

دۇنيادا ۋىجدان ئازابىدىن ئارتۇق ئازاب بولمىسا كېرەك. ئۆمەر ئاكا ئادەتتە كەم سۆز ۋە ئېغىر - بېسىق ئادەم ئىدى. ھازىر ئۇنى ئازابلاۋاتقان ئىش يەنىلا ئاشۇ قىل سىغماس ۋىجدان ئازابى. ئۇ ئايالى شەھىدە خانىمنىڭ كىم بىلەن ئارىلاشقانلىقى ھەققىدە كۆپرەك ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ، ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ غەم بىلەن ئۆيىگە قاراپ كېتىۋاتقىنىدا، بەزىلەر كەينى-دىن قاراپ:

— مۇنۇنى قارا، ئۆتكەندىلا قىپقىزىل گىلەملەر بىلەن بې-زەلگەن خادىكنى ھەيدەپ غادىيىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى، مانا ئەم-دى كېسەل تەگكەن توخۇدەك شۇمشىيىپ ماڭىدىغان بولۇپ قاپ-تۇ، — دەپ غەيۋەت قىلىشتى.

ئۇ ھويلىغا كىرگەندە، قورۇلىرىنىڭ مۇز يېغىپ تۇرغان ھالىتىنى كۆرۈپ كۆڭلى تېخىمۇ غەش بولدى، ئۇ ساراي ئۆيىگە كىرگەندە كۆزىگە دېھقانلار ئۇچۇن ئەڭ زىيانداش مەخلۇق چاشقان-لاردىن باشقا نەرسىلەر كۆرۈنمىدى.

ئايال كىشى يوق ئۆي، مانا مۇشۇنداقتە... — دېدى ئۇ كۆڭ-لىدە، — بىچارە بالام بۇ ئۆيلەرنى تاشلاپ چىقىپلا كەتكەن ئوخشى-مامدۇ، نېمىلا بولمىسۇن ئازراق چاي قاينىتىپ قوياي، ئۇ كېلىپ قالسا شەھەردىن ئېلىۋالغان گىردە نان بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇۋالسۇن.

ئۇ ئوچاققا ئوت ياقتى. ئوچاقتىن چىققان ئاچچىق ئىس - تۈتەكلەر كۆزلىرىنى ئېچىشتۇرغىلى تۇردى. دەل شۇ چاغدا ئەك-رەم ھويلىغا كىردى - دە:

— دادا...— دەپ يىغلاشقا باشلىدى.
— يىغلىما بالام، نېمە ئىش بولدى ساڭا؟
— توقلا، ئۇ...
— توقلىغا نېمە بوپتۇ؟
— تۇنۇگۈندىن بۇيان يوق، ئىزدەپ تاپالمايۋاتىمەن.
— نې ... مە... ؟
كەينى - كەينىدىن كېلىۋاتقان بۇ زىيانلارغاچىدىمىغان ئۆمەر ئاكىنىڭ رەڭگى بىردىنلا ئۆزگەردى:
— ئاسقاق ئىتنىڭ كۆڭلى ئاۋۇياقتا دەپ، سېنىڭ كۆڭلۈڭ توقلىدا بولماي بىليارد بىلەن توخۇ سوقۇشتۇرغان يەردە بولدى - دە، ھە؟ ھۇ نان قېپى، بۇگۈن ئاشۇ توقلىنى تاپمايدىكەنسەن، بۇ ئۆيگە دەسسىگۈچى بولما! — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىۋەتتى.
ئەكرەم، دادىسىنىڭ بۇ خىل غەزەپلىك قاراشلىرىغا ھەم ھەيرانلىق ھەم قورقۇنچ بىلەن قاراپ قويۇپ ھويلىدىن غايىب بولدى.
ئورمانلىق باغلارنى ئارىلاپ توقلىنى ئىزدەپ تاپالمىغان ئەكرەم، ئاخىر بىر دۆڭلۈككە چىقىپ ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى - دە، «ئەمدى قانداق قىلارمەن» دەپ يىغلىۋەتتى. يېشى ئون تۆتتىن ھالقىغان ئەكرەمگە دادىسىنىڭ بايامقى تىللىرى قاتتىق تەسىر قىلغانىدى، «مېنى شۇنچە ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغان دادامغا بۇگۈن نېمە بولغاندۇ؟ سەندەك نان قېپىنى باققۇچە، ھايۋان بالىسىنى باققان بولسامچۇ... دەۋاتىدۇ، ئەمدى مېنىڭ ھايۋانچىلىكمۇ قەدرىم قالمىغان ئوخشايدۇ؟ ئۇنىڭ كۆڭلىنى يوقسۇزلۇق قارايتىۋەتتىمۇ- يا؟...»
ئەكرەمنىڭ يۇمران، سەبىي كۆڭلى قاتتىق ئازار يېگەندەك بولدى. قورسىقىمۇ ئېچىپ قاتتىق ھارغىنلىق يەتكەچكە ئۇنى بىردىنلا ئۇيقۇ بېسىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇ يارنىڭ لېۋىدە بىر باچكا كەپتەرنىڭ لاغىلداپ تىترەۋات-
قان، پەيلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ بارغانچە ماغدۇرسىزلىنىۋاتقان
تۇرقىنى كۆردى. بۇ باچكا بىزنىڭ ئۆيدىكى كەپتەرنىڭ بالىسىغۇ
دېدى كۆڭلىدە. دەل شۇ چاغدا بىر ئانا كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ،
بۇككىدە قورايلىق ئارىسىدا! ئىككى قانىتى بىلەن توپا توزۇتقىلى
تۇردى. ئەسلىدە بىر چوڭ چار يىلان قارا تىللىرىنى چىقىرىپ
باچكا كەپتەرگە تىكىلىپ تۇرغانىكەن.

يىلاننىڭ كۆزىگە توپا توزۇغاچقا، مەقسىتىگە يېتەلمەي ئۇ-
ۋىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئانا كەپتەر غەلىبە قىلغاندىن كېيىن باچكا كەپتەرنى قاناتلى-
رى بىلەن ئۇچۇقدىغاندەك ئۆرۈپ قويۇپ:

— بالام، بۇ مەن، مـەن سېنىڭ ئـۆز ئـاناڭ! — دېدى.
ئانا - بالا ئىككىسى خېلى ئۇزۇن كۆز ياشلىرىنى تۆكۈشۈپ
سۆيۈشتى. بىر كەمدە باچكا كەپتەر تىترەپ تۇرۇپ:

— ئاپا، ئاپا، مەن سېنىڭ ئاۋازىڭ بىلەن ئىللىق پۇرايدىغان
تېنىڭدىن تونۇدۇم، — دەپ چۇكۇلدىدى.

ئانا كەپتەر ئاسمانغا ۋە تۆت ئەتراپقا تېزلا نەزەر تاشلىۋې-
تىپ:

— يىغلىما بالام يىغلىما، قورسىقىڭمۇ بەك ئېچىپ كەتكەن-
دەك كۆرۈنىدۇ، مە، ئازراق ئوزۇقلىنىۋال، — دەپ ئاغزىنى
بالىسىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ پوكىنىدىكى دان بىلەن سۇلارنى بالى-
سىنىڭ گېلىغا تامغۇزۇشقا باشلىدى، قاناتلىرىنى يېيىپ كۆز
ياشلىرى بىلەن مەڭزىنى مەڭزىگە ياقتى، — خۇداغا شۈكۈر
بالام، — دېدى ئانا كەپتەر بالىسىنى سۆيۈۋېتىپ، — ئەمدى
ئۆز ئەسلىڭگە كەلدىڭ، ئاز كېچىككەن بولسام، چار يىلانغا يەم
بولۇپ كېتىدىكەنسەن ...

— ئاپا، دادام نەدە؟ مەن دادامنىمۇ بەك سېغىندىم، —
دېدى باچكا كەپتەر. ئانا كەپتەر ھەسرەتلىك «ئۇھ» تارتىپ

قويۇپ:
— بىر بالا بىزگە تاش ئاتقانىدى، تاش دەل داداڭنىڭ پۇتىغا تەگدى، داداڭنىڭ پۇتى سۇنۇپ كەتكەچكە، ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ھېلىقى بالىنى: «خۇدا سېنىڭمۇ پۇتۇڭنى سۇندۇرۇۋەتەر» دەپ قارغاپ كەتتى. ئاھ، بالام! بىچارە داداڭ بەك ئاجىزلاپ كەتكەچكە، بۇگۇن سەھەر بىر ياۋۇز قارچىغىغا ئوڭايلا يەم بولۇپ كەتتى، — ئانا كەپتەر كۆزىگە لىق ياش ئالدى.
— ئاپا… دادامدىن ئايرىلدۇقمۇ؟ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز نېمانچە كۆپ - ھە؟… — دېدى باچكا كەپتەر چۇكۇلداپ تۇرۇپ، — ھېلىقى رەھىمسىزئادەم مېنىڭ جورامنى تىرىك پېتىلا قاناتلىرىنى يۇلۇپ ئاندىن قارا سومكىسىغا سېلىۋەتتى. مەن ئاران ئۇچۇپ يۈرۈپ دادام ئىككىڭلارنى ئىزدىدىم. بۇگۇن بۇ يەرگە كېلىپ يەنە يىغلاپ ئولتۇراتتىم…
— يىغلىما بالام، يىغلىما بۇ جاھاندا بارلىق جاننىڭ دۈشمىنى كۆپ.
— ئادەملەرنىڭمۇ دۈشمىنى بارمۇ؟
— بار، بالام، يىلان - يىلاننى يەپ ئەجدىھا بولغىنىدەك، ئادەملەرمۇ بىرى - بىرىنى بوزەك قىلىپ خوجايىن بولۇۋاتىدۇ، بىرى - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىدۇ، ھەتتا بىر - بىرىنى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرىدۇ.
— نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق جاھان بۇ؟ ئادەملەرمۇ ئۆلىدۇ، دېدىڭمۇ؟
— شۇنداق بالام، بارلىق جان ئاقىۋەتتە ھامان ئۆلىدۇ، ئادەملەرمۇ ياشانغاندا ياكى بىزگە ئوخشاش دەرد - ئەلەملەرگە قالغاندا خۇدادىن ئاسان ئۆلۈم بېرىشىنى تىلەيدۇ. ئۇ چاغدا ئۆلۈم دېگەن ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس.
— ئەمىسە، بۇ كەڭ جاھاندا بارلىق جانلار شاد - خۇرام ياشىسا بولمامدۇ؟

— توغرا ئېيتتىڭ بالام، شاد - خۇرام ياشاش بارلىق جانىنىڭ نىيەت - ئىقبالى، كۆز قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىزنىڭمۇ هاياتىمىز ئادەملەرنىڭ هاياتىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئىككىمىز ئولتۇرغان بۇ يەر بۇرۇن قىيا - قىيا كەتكەن ياردائىقلار ئىدى. بۇ يارلىقلاردا نەچچە يۈزلىگەن كەپتەرلەر ئۇۋا سېلىپ، ئەۋلاد قالدۇرۇپ شاد - خۇرام ياشايتتى. ئادەملەر بۇ يەرنى «كەپتەرخانا» دېيىشەتتى. ئۇ چاغدىكى ئادەملەر نامرات بولغىنى بىلەن بەكمۇ سېخىي ئىدى. خامان - خامانلاردا مەڭگەنلەر قالاتتى، قىشتىمۇ مەڭگەنلەرنى تاتلىساق بۇغدايلار چىقاتتى. ئاشلىق ساڭلاردىمۇ قوناقلار چېچىلىپ تۇراتتى. تويۇپ سەمرىپ كەتكەن ئەركەك كەپتەرلەر: «ۋاغ، ۋاغ، ۋۇر… ۋاغ ۋۇر…» دەپ غادىيىپ سايراپ كېتەتتى، — ئانا كەپتەر، بالىسىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن ئەتەي پىرقىرايتتى. باچكا كەپتەر قىقىلداپ كۆلۈپ كەتتى، — كەپتەرلەر توپلىشىپ ئۈچىدىغان بولساق، قارچىغا بىلەن لاچىنلارمۇ بىزنى تۇتالماي لەت بولۇپ كېتىپ قالاتتى. بىز شادلىنىپ كېتەتتۇق. لېكىن بۇ شاد - خۇراملىقلاردىن مەست بولۇپ خۇدىنى يوقاتقان ئەركەك كەپتەرلەر غادىيىپ ھە دېسىلا «ئاق كەپتەرلەر چىرايلىق بولغىنى بىلەن، تەنلىرى ئادەم تېنىدەك سېسىق پۇرايدىكەن…» دەپ مەسخىرە قىلسا، بەزىلەر: «هوي، بۇلار يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى، جېنىمنىڭ راهىتى دېگەندەك، ئادەملەرنىڭ بىر سىقىم دانلىرىغا خۇش بولۇپ كەچكىچە ئۇلارنىڭ ئۆيىنى چۆرگىلەپ ياشايدۇ، مېنىڭچە مۇنداق ۋىجدانسىزنى قېپىلارنى ئارىمىزدىن هەيدىۋېتىشىمىز كېرەك. كىمدە - كىم بۇلار بىلەن جۈپلىشىپ ئەسلىنى بۇلغايدىكەن، ئۇلارنى ئاسىيلار دەپ ئاتىشىمىز كېرەك!» دېيىشەتتى. بۇ گەپلەرگە چىدىمىغان بەزى كەپتەرلەر: «ئەي قېرىنداشلار، تەڭرىنىڭ بىزگە بەرگەن كۆنلىرىگە شۈكۈر قىلايلى، هەرگىز نىيىتىمىزنى بۇزۇپ، ئارىمىزدىكى ئىناقلىقنى بۇزمايلى، كۆپۈر سۆزلىمەيلى.

ياخشى كۈننىڭ يامىنى بار دەپ بۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن بىزنىڭمۇ بېشىمىزغا كېلىپ قالمىسۇن... ھازىرجاھان كۈنسېرى تارلىشىۋاتىدۇ...» دېسە، بەزىلەر: «سەن قانچىلىك بىر نېمە بىلەتتىڭ؟ سېنىڭ بىلىدىغىنىڭ قاغا - قۇزغۇنلارچىلىك ئەمەس!» دەپ تەكەببۇرلۇق قىلاتتى. بەزى يوغانچى كەپتەرلەر: «بۇ دۇنيادا كىم نوچى بولسا، كىم يامان بولسا شۇ جاھان سورايدۇ، كېلە، مەن بىلەن سوقۇشىدىغان نوچاڭ بارمۇ؟!» دەپ ۋارقىراپ، باشقا ئەركەك كەپتەرلەرنىڭ جۈپلىرىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى. بۇنىڭ بىلەنئەركەك كەپتەرلەر نوچىلىق تالىشىپ قاناتلىرى بىلەن بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىگە ئۇرۇپ كۆزلىرىنى كۆرمەس قىلىۋەتتى. كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان كەپتەرلەر قارچىغا بىلەن لاچىنلارغا ئوڭايلا يەم بولۇپ كەتتى.

ئانا كەپتەر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

— دېمەك، ئىناقسىز نادانلار ھامان ياخشى كۈن كۆرمەيدىكەن بالام، مانا ھازىر زامان تارىيىپ ئادەملەرمۇ چۈپەيلىشىپ كەتتى. ئېتىزلارغا بىر باش بۇغداي ئەمەس بىر ئۈچ مەڭگەنىمۇ تاشلىماي ئۆيلىرىگە ئاپىرىۋالىدىغان بولۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەن بىزمۇ ئامالسىز ھالدا ئاشۇ نىيىتى بۇزۇلغان ئاچ كۆز ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمىز. ياخشى - يامان كۈنلەردە قېلىشىمىزمۇ ئاشۇ ئادەملەرنىڭ نىيەت - ئىقبالى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ قالدى. ئەمدى بىزدە ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ئىنسابىنى تىلەشتىن باشقا چارە يوق. ياخشىلارغا بەخت، يامانلارغا جازا تىلەيمىز - شۇ!...

— ئانا، بۇ دۇنيا نېمىدېگەن بىۋاپا - ھە؟

— توغرا ئېيتتىڭ بالام، ئادەملەرمۇ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشۈپ بىزگە ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالغاندا بۇ دۇنيانى «بىۋاپا» دەپ زارلىنىدۇ. لېكىن بۇ ئادەملەر ئۈچۈن ئېتىكىنى يايغان

سېخىي دۇنيا، تەڭرى ئەسلى ئادەملەرنىيەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ياراتقان ئىكەن. لېكىن ئىبلىس ئۇلارنىڭ پوستىغا كىرىۋالغاچقا، ئۇلارنى ھەر ۋاقىت توغرا يولدىن ئازدۇرۇپ تۇرىدىكەن، شۇڭا، بۇ گۆھەر زېمىندىكى قىسمەن ئادەملەرمۇ ئەقلىدىن ئېزىپ ئىناقسىزلاشتى. پۇل ئۈچۈن ۋىجدانىنى، غۇرۇرىنى، ئىناۋىتىنى، نومۇسىنى يوقىتىشقا يۈزلەندى. پۇل تېپىپ سەمرىپ قالغانلىرى ھېلىقى ئەركەك كەپتەرلەردەك قىنىغا سىغمىدى. مۇنداق ئىنسانلارغىمۇ خۇدا ھامان بىر كۈنى جازابېرىشى مۇمكىن. بىزگە ئوخشاش ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە قېلىشى مۇمكىن. يامان يېرى ھازىر بەزى ئادەملەر بىزنى ئەلمىساقتىن ياشاپ كېلىۋاتقان گۈزەل يۇرتىمىزدىن ئايرىۋېتىشكە يۈزلەندى...

— ئەمدى بىز قانداق قىلىمىز، ئانا؟

— قانداق قىلاتتۇق بالام، خۇدا مۇشۇ كۈنلەرنى كۆرۈشكە مەجبۇر قىلغانىكەن، كۆرمەسكە ئامال يوق. ياشىمايمۇ بولمايدۇ. دەرد ـ ئەلەم، ھەسرەت ئىچىدە ياشاۋاتقان جانلىقلار يالغۇز بىزلا ئەمەس. بەزىلەرنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىشكە يۈزلەندى. مەسىلەن، ئېتىزلاردا يېگۈدەك ئوزۇق تاپالمىغان چاشقانلار ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىدىكى تۈرلۈك يېمەكلىكلەرگە ھۇجۇمقىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئادەملەر بۇغداي ۋە قوناقلار بىلەن زەھەرلىك دورا ياساپ چاشقانلارنى كەڭ كۆلەمدە ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن سېغىزخان، مۆشۈكياپىلاقلارنىڭ نەسلى قۇرۇۋاتىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا يەر يۈزىدە 1500 دىن ئارتۇق جانلىقلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىپتۇ ... ھەممىسىنىڭ تەبىئەتكە، بولۇپمۇ ئىنسانىيەتكە قوشىدىغان تۆھپىسى بار ئىدى...

بىز تىلەكلىرىمىزنى تىل ئارقىلىق ئىنسانلارغا چۈشەندۈرەلمەيمىز. ئەگەر چۈشەندۈرەلەيدىغان بولساق بۇ كەڭ، گۈزەل ماكان بىز ئۈچۈن دوزاخ بولۇپ كۆرۈنمەس ئىدى...تېنى ساق ئىنسانلارمۇ بىزنىڭ بىر چىشلەم گۆشىمىزنى دەپ جېنىمىزغا

زامىن بولماس ئىدى...

ئارىنى بىردەم جىمجىتلىق باستى. ئانا كەپتەر بىلەن بالا كەپتەرنىڭ شۇ تاپتىكى بىچارەھالىتى كىشىنى ھەقىقەتەن ئېچىندۇراتتى. ئانا كەپتەر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ ئەتراپقا سەپسالدى - دە:

— قارا بالام خۇدانىڭ كارامىتىنى، ئاۋۇ يەردە ياتقان بالىنى تونۇدۇڭمۇ؟ — دېدى بىر ئاز روھلىنىپ. باچكا كەپتەر بوينىنى سوزۇپ قاراپ ئەكرەمنى تونۇپ قالدى:

— بۇ بالا، بىز ماكانلاشقان ئۆيدىكى بالىغۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق بالام، كالىغا كەلگەن كۈن، موزايىنىڭمۇ بېشىغا كەپتۇ دەپ، خۇدا بۇ بالىغىمۇ جازا بېرىپتۇ. بۇنىڭ ھېلىقى ئاپىسى ئۆزگەيامان كېسەل يۇقتۇرۇۋالغانلىقتىن پۇشايمان، نومۇس دەردىدە تولغىنىپ كېسەل ئۈستىگە كېسەل چاپلىغانلىقتىن بۈگۈن ئەتىگەن جان ئۈزدى.

تېخى داداڭ قارغىۋەتكەن ھېلىقى بالىنىڭ بىر پۇتى دەرەختىن يىقىلىپ سۇندى. كۆردۇڭمۇ بالام، بۇ دۇنيادا ھەر كىم يامانلىق قىلسا ھامان ئۆزىگە ياندىكەن.

قارا بالام، بۇ بالىنىڭ بىچارىلەرچە تۈگۈلۈپ ياتقىنىنى. ئۇنىڭ دادىسى: «بۇ مېنىڭ بىرلا ئوغلۇم، شۇڭا بۇ ئوغلۇمنى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ ئالىم قىلدۇرىمەن...» دەپ كېتەتتى.

مانا بۈگۈن ئوغلىنى تاپقىنىغا پۇشايمان قىلىۋاتىدۇ... كۆرۈپ تۇر، دادىسى ئاز كۈن ئۆتمەيلا بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈنلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆيلىرىنىمۇ سېتىپ قەرز تۆلەپ قالغان ئازراق پۇلىغا ئېپلاس چوكاندىن بىرنى ئالىدۇ. مانا ئۇ چاغدا بۇ بالا بىلەن ھەدىسى، ئۆگەي ئاپىسىنىڭ ئەسكىلىكىدىن قورقۇپ ئۆيدىن تېزىپ كېتىدۇ. خۇددى ساڭا ئوخشاش ھەسرەتلىك يىغلايدۇ... داداڭ ئىككىمىز بۇ بالىنىڭ كونا ئۆيىگە پاناھلى-

نىش ئۈچۈن كەلگەندە بۇ بالىمۇ خۇددى ساڭا ئوخشاش سەبىي ھەم گۇناھسىز بولۇپ، بىز بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقاندى، يە، يە، يە··· دەپ بىزگە كۈندە دان چېچىپ بېرەتتى. بۇ بالىنىڭ بۇ خىل كۆيۈمچانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتۇق. بۇنىڭغا ۋە ئائىلىسىگە بەخت تىلىگەندۇق. لېكىن ئاخىر بۇمۇ توغرا يولدىن ئازدى···

دەل شۇ چاغدا بايامقى چار يىلان ئۆۋىسىدىن چىقىپ ئالامەت سۇرلۇك تولغىنىپ ئەكرەم تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— ئاھ، خۇدا، بۇ يىلان بۇ بالىنى چاقىدىغان بولدى، — دېدى ئانا كەپتەر بىئارام بولۇپ.

— ئانا، مەيلى چاقسۇن! بىزنىڭ قىساسىمىزنى ئېلىپ بەرسۇن ! — دېدى باچكا كەپتەر ئانىسىنىڭ ئالدىنى توسۇپ.

— ياق بالام، بۇلار قىلغان يامانلىقنى بىز قىلمايلى، بۇ بالا تېخى كىچىك!

ئانا كەپتەر قانىتى بىلەن يەنە توپا توزۇتتى. چار يىلان تىللىرىنى چىقىرىپ كەپتەرگە قارشىلىق كۆرسەتتى. لېكىن كۆزىگە توپا توزۇغانلىقتىن ئامالسىز كەينىگە چېكىندى. ئانا كەپتەر يەنە غەلىبە قىلدى. ئۇ ئورنىغا كېلىپ:

— كۆردۈڭمۇ بالام، ھاياتلىق دېگەن مانا مۇشۇنداق كەسكىن جەڭ. خەۋپكە قارىماي دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىۋېدۇق، ئۇ يېڭىلدى، مانا مۇشۇنداق باتۇرانە ھەم ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشايلى بالام! — ئانا كەپتەر تېتىكلىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىدىن پەخىرلەنگەندەك قىلاتتى. ئۇ، ئوتلۇق كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكىپ:

— جۇرە بالام، كۈن كەچ بولۇپ قاپتۇ، تەلىيىمىز بولسا بىر ئاق كۆڭۈل ئىنساننىڭ ئۆيىدە پاناھلىنارمىز. ئاۋۇ بالىنى قانىتىڭ بىلەن ئۇرۇپ ئويغىتىۋەتكىن. ئۇ يوقالغان قويىنى تېپىۋالسۇن. ئۇنىڭ قويى ئاۋۇ قويچى بالىلار ھەيدەپ كېلىۋاتقان

قويلارنىڭ ئارىسىدا.

باچكا كەپتەر قانىتى بىلەن ئەكرەمنىڭ يۈزىگە ئۇرۇپ ئۇنى ئويغىتىۋەتتى - دە، ئانىسى بىلەن بىرگە ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى.

ئەكرەم، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئۇيقۇدىن ئويغاندى. ئۇ تۆت ئەتراپقا تېزلا قارىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئاسمانغا نەزەر تاشلىدى. مۇئەللەقتىكى قۇياش دەل - دەرەخلەر ئارىسىدىن ئاخىرقى نۇرلىرىنى چېچىپ، غەرب تەرەپنى قىپقىزىل شەپەققە بويىغانىدى. ئۇ ئاشۇشەپەق ئارىسىدىن ئانا كەپتەر بىلەن باچكا كەپتەرنىڭ تىك ئۆرلەپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردى. باچكا كەپتەر ئانىسىنىڭ روھىدىن ئۈلگە ئالدى بولغاي ئاجايىپ جاسارەت بىلەن ئۇچۇپ ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ناھايىتى يىراق مەنزىلنى كۆزلەپ قانات قاقتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرىدىن نەقەدەر كۆڭلى ئاغرىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئانا كەپتەر بولسا، بۇ گۈزەل ماكاندىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن يەنىلا بالىسىنىڭ رايىغا بېقىپ كېتىپ باراتتى.

مىنۇت ئۆتمەي قۇياشمۇ دەرەخلەر ئارىسىغا چۆكۈپ كەتتى.

ئەكرەمنىڭ كۆزىدىن كەپتەرلەرنىڭ قارىسىمۇ يىتتى. ئۇ:

— ئاھ خۇدا، بۇ مېنىڭ چۈشۈممۇ ياكى ئوڭۇممۇ؟ ئەسلىدە ئىش مۇنداقكەندە... ئاھ ياۋا كەپتەر ...— دەپ بىردەم خىيالغا چۆكۈپ كەتتى.

يىراقتىن چاڭ - توزان توزىتىپ مەرىشىپ كېلىۋاتقان قويلارنىڭ ئاۋازى بىلەن قويچى بالىلارنىڭ ۋارقىراشلىرى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلمىگەن بولسا، ئۇ يەنە نېمە خىياللارغا چۆكەتتىكىن...



# داستىخان ئۈستىدىكى ماجىرا

( ھېكايە )

قىمار ئويناپ 4000 يۈەن ئۇتتۇۋالغان سەمەت خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالدى. ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن بىر قىمارۋاز دوستىنىڭ گېپىگە كىرىپ، قىمار ئويناپ 200 يۈەن ئۇتتۇرۇپ قويغانىدى. ئۇنىڭ پۇلىنى ئۇتتۇۋالغان دوستلىرى: «ھوي، سەمەتاخۇن، بىز بىلەن قىمار ئويناپ، ئۇتىمەن دېگۈچە خوتۇنۇڭبىلەن ئىككى بالاڭنى بېقىۋالساڭ بولمامدۇ، قىمار ئوي-نىغان يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟ قىمار دېگەننىچۇ مانا بىزدەك يېنىدىن پۇل ئۈزۈلمەيدىغان ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى ئوي-ناپ چىدىيالايدۇ. ئازراق پۇل ئۇتتۇرۇپ قويغىنىڭغا ئىچىڭ ئېچىشىپ ئوشۇق تۇتقان بارماقلىرىڭنى تاماكا ئىسىدا كۆيدۈرۈۋې-تەي دەپ قاپسەن. ئەمدى تەلەيسىزلىكىڭنىڭ دەردىنى ئاشۇ ياۋاش خوتۇنىڭدىن ئېلىپ يۈرمە يەنە...» دەپ مەسخىرە قىلىشقانىدى.

ئاشۇ قىمارۋازلارنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىلىرى سەمەتنىڭ قۇلاق تۈۋىدە يەنە بىر قېتىم جاراڭلىغاندەك قىلدى. ئۇ 3500 يۈەننى ئالدىغا قويۇپ، پەخىرلىك ھېسسىياتى بىلەن قارايتتى. ئۇ تۇرۇپلا ئاشۇ ئۇششۇق ھەم يوغانچى قىمارۋازغا ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويغۇسى كەلدى. ئۇ بۇ قارارىنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، 500 يۈەننى بىر چەتكە ئايرىپ قويۇپ ئايالىنى چاقىردى:

— ھەي، خاسىيەت بۇ ياققا كەلگىنە!

ئايالى ساراي ئۆيگە كىرىپ داستىخان ئۈستىدىكى پۇللارغا

قاراپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە سۆزلەپ كەتتى:

— ۋاي، ۋۇي ··· نېمانچە كۆپ پۇل بۇ؟ تۇنۇگۇنلا ماڭا 500 سوم بەرگەن ئىدىڭىز، بۈگۈن يەنە مۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى ئالدىڭىزغا قويۇۋاپسىز، ئوغرىلىق قىلىۋاتمايدىغانسىز سەمەت؟

سەمەت كارنىيىنى قېقىپ كۈلۈپ قويۇپ:

— مېنى ئوغرى كۆرۈۋاتامسەن؟ — دېدى.

— ئەمدى دەۋاتىمەنا، 500 سوم پۇلنى خەجلىگىچە كاللامغا ھەر خىل ئەنسىز خىياللار كېلىپ كەتتى. ئاجايىپ قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆرىدىغان بولۇپ كەتتىم. دادام رەھمەتلىك بىزگە: «باللىرىم، ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن تەر تۆكۈپ يېگەن نانىنىڭ تەمى بولىدۇ. ھارامدىن پۇل تاپقان يامان، قىمار ئوينى- غان يامان، خەقنىڭ رىزقىنى يېگەن يامان···» دېگەنىدى. مۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۇنچە كۆپ پۇلنى تاپقىنىڭىز مېنى ئەنسىز- چىلىككە سېلىپ قويۇۋاتىدۇ. يېقىندىن بۇيان يۈرۈش ـ تۇرۇشى- ڭىزمۇ بۆلەكچىلا بولۇپ قالدى. ھېچقاچان يېنىڭىزغا پىچاق ئاسمايتتىڭىز، ھازىر يېنىڭىزغا پىچاق ئېسىۋالىدىغان بولۇپ قالدىڭىز، راست گەپنى قىلسام مەن سىزدىن قورقۇۋاتىمەن.

— بولدى ـ بولدى. ئاغزىڭغا كەلگەننى بىلجىرلاۋەرمە، ھازىر دېگەن قايسى جاھان؟ ياۋاش يۈرسەڭ ئىتمۇ بوزەك قىلىدۇ سېنى···

ئېرىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ خاسىيەت، داستىخان ئۈستىدى- كى پۇللارغا قاراپ بىر دەم جىمىپ قالدى. سەمەت، 3000 سومنى ئىشكاپ ئىچىگە سېلىۋېتىپ، ئاندىن ئايرىپ قويغان 500 سومنى ئالىقىنىغا ئۇرۇپ كۆرەڭلىگەن ھالدا:

— خوتۇن، بۈگۈن مەن كۆڭلۈمدىكى مېھمانلاردىن تۆتىنىلا كۈتۈۋالماقچىمەن. داستىخاننى مول راسلىشىمىز كېرەك. مە- سىلەن: داستىخانىنىڭ ئوتتۇرىغا مەررە گۆش بېسىلغان يوغان تا-

ۋاقتا پولۇ، ئاشنىڭ ئەتراپىغا بازارنىڭ ئالدى بولۇپ سېتىلىۋاتـ
قان ھەر خىل مېۋىلەر ۋە تۈرلۈك قورۇمىلار تىزىلىشى كېرەك.
قورۇمىلار ھەرگىزمۇ سېنىڭ ياڭيۇ، بەسىيىڭ بولماستىن بەلكى
بىلىق، توخۇ دېگەنگە ئوخشاش نەرسىلەردىن ھازىرلىنىشى كېـ
رەك. داستىخاننىڭ بىر چېتىگە ئالىي سورتلۇق ھاراقلار بىلەن
مەكىتتىن كەلتۈرۈلگەن تاماكىلار قويۇلىدۇ. مانا شۇ داستىخان
ئۈستىگە يەنە بىر چوڭ يېپىنچا ياپىمىز. مېھمانلار كەلگەندە
خۇددى چۆچەكلەردە ئېيتىلغاندەك «ئېچىل داستىخىنىم، ئېـ
چىل» دەپ ئاچىمىز. بۇ كارامەتنى كۆرگەن ئاشۇ كۆرەلمەس،
ئۆكتەم ئاغىنىلەر ھەيران قالسۇن، ئۇلار ئۆزىچە مېنى كۆزى
كىچىك دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ، قېنى ئاكىسىنىڭ قانداق ئادەم
ئىكەنلىكىنى بىر كۆرۈپ باقسۇن!
— ئۇ كېلىدىغان ئاغىنىلىرىڭىز كىملەر؟ مەن بىلىپ
قالاي، — دېدى خاسىيەت چىرايىنىمۇ ئاچماي.
— كەلگەندە بىلىسەن، ھازىردىن باشلاپ تەييارلىقنى باشلىـ
ۋېتىمىز. كەچ سائەت 6 گىچە ھەممە نەرسە تەق بولۇشى
كېرەك.
شۇ كۈنلەردە خاسىيەت ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلمىسا بولمايتتى.
شۇڭا ئۇ بارلىق ئىشلارنى ئېرىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بەجا
كەلتۈردى.
ئۆيدە يالغۇز قالغان خاسىيەت، مېھمانلارنىڭ كېلىشىنى
كۈتۈپ ئولتۇراتتى. يېپىقلىق داستىخان ئاستىدىكى يېمەكلىكـ
لەرنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى ئۇنىڭ دىماغلىرىغا ئۇرۇلۇپ تۇراتـ
تى. ئۇ: مۇنداق ئېسىل تائاملارنى پەقەت ئەۋلىيالارلا يېيىشى
مۇمكىن، بىز توغۇلۇپ تا ھازىرغىچە مۇنداق تۇرمۇشنىڭ تەمىنى
تېتىپ باقمىغان، بىز ئەمەس ئاشۇ جاپاكەش ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزمۇ
كۆرمىگەندۇر ... بۇ كۆرۈۋاتقىنىم چۈش ئەمەستۇ ھە؟ ...
دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ خىيالى چېچىلغانىدى.

مېھمانلار كېلىپ قالمىغان بولسا ئۇ يەنە نېمىلەرنى خىيال قىلار بولغىيىتتى.

— ئە...سسەلامۇ ئەلەيكۇ...م.

خاسىيەت ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانلارنى ساراي ئۆيگە باشلىدى. ئاباق يولۋاس خاسىيەتكە شەھۋانىي كۆزى بىلەن تىكى-لىپ قاراپ قويۇپ، تۆردىن ئورۇن ئالغاچ:

— ھە، خاسىيەت، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ بالىلىرىڭىز كۆ-رۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى.

— بۈگۈن شەنبە بولغاچقا ئىككىلىسى ئاپاملارنىڭ ئۆيىگە قونغىلى كەتتى، — خاسىيەت شۇنداق دېدى ـ دە، مېھمانلارغا چاي دەملەش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

ئاباق يولۋاس خاسىيەتنىڭ كەينىدىن يەنە بىر قاراپ قويۇپ، ھەسەت قىلغاندەك سۆزلەپ كەتتى:

— پاھ، پۇل دېگەن نەرسە كىشىلىنىمۇ ساقايتىدىغان، سەت-نىمۇ گۈزەل قىلىۋېتىدىكەن جۇمۇ ئاداش سەمەت، ئايالىڭ تونۇ-گۇنلا ئېتىز ئىشلىرى بىلەن ئورۇقلاپ، قارىداپ كەتكەندەك تۇراتتى. مانا بۈگۈن ئاجايىپ بىر گۈزەل خانىمغا ئايلىنىپ قاپتىغۇ ھەي، پۇل دېگەن يامان نەرسە جۇمۇ...

— ھە... بۇ گەپلەرنى قوي ئاداش، قېنى مېھمانلار كەڭ ـ كەڭرى ئازادە ئولتۇرايلى، — سەمەت شۇنداق دېگەنچە چاپانلىرىنى يېشىۋېتىپ، پەگادىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردى.

— ئاداش، بۇ يېيىپ قويغان زادى قانداق ئېسىل تائام، ئادەمنىڭ نەپسىنى بەكلا غىدىقلايدىغۇ؟ — ئاباق داستىخاننى ئې-چىپ كۆرمەكچى بولۇۋېدى، سەمەت بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ۋارقى-راپ ئۇنى توختىتىۋالدى:

— ھوي، ھوي، توختا! خوتۇنۇم كىرسۇن.

ئاباق قولىنى تارتىۋالدى. خاسىيەت بىر چەينەك چاينى كۆتۈرۈپ كىرىپ، داستىخان چېتىگە قويۇشى بىلەن تەڭ، سەمەت

ئورنىدىن دەس تۇردى - دە:
— كېلە خوتۇن، داستىخاننىڭ ئاۋۇ تەرىپىنى كۆتە، بۇگۈن بۇ مېھمانلارنىڭ ئالدىدا كارامىتىڭنى بىر كۆرسەت، — دېدى.
خاسىيەت ئېرىنىڭ بۇ گېپىگە زورىغا كۈلۈپ قويۇپ، داستىخاننىڭ ئىككى چېتىگە غۇلىچىنى يايدى.
— ھوي خوتۇن ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ بايام مەن دېگەن گەپنى دېمەمسەن، — دېدى سەمەت ئالدىراپ.
— بولىدۇ، دەي.
سەمەت بىلەن ئايالى تەڭلا:
— ئېچىل داستىخىنىم، ئېچىل، — دەپ داستىخاننى ئاچتى. سورۇندىكىلەرنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ، بىر - بىرىگە ھەيران بولۇپ قاراپ قېلىشتى.
— ھوي، سەمەت، بايۇەچچىلەردەك مۇنداق مېھمان كۈتۈشنى نەدىن ئۆگەندىڭ - ھە؟ سەنمۇ مۇنداق يۈرگۈنۈڭ بىلەن بوش ئادەم ئەمەس ئىكەنسەن جۇمۇ...
مېھمانلار ئەنە شۇنداق گەپلەر بىلەن سەمەتنى ئۇچۇرغاندىن كېيىن، تائاملارغا قول سېلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قۇلىقى كېسىك مېھمان، كىچىك بىر تەخسىدە تۇرغان نەشىنى كۆرۈپ، بەكلا خۇشال بولۇپ كەتتى.
— پاھ — پاھ — پاھ، ماۋۇزە... تازا مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى نەرسىكەنە، بۇنىڭ خۇمارى بەك تۇتۇپ كېتىۋېدى. كاساپەت مەكتىنىڭكىدەك قىلامدۇ - نېمە؟ بۇ دېگەن ئاشقازاننىڭ دورىسى. ئىشتەيىنى ئاچىدۇ، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ئالىقىنىغا بىر كاللەك ئېلىپ ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. گەپ قىلمىغان بىلەن ئىمىن بەگنىڭ خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولغانىدى.
خاسىيەت ئۇلارنى ئوتچە قالدۇرۇپ، چايخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىر نەرسە غاجىلاۋاتقاندەك ئازابلاندى.

سورۇندىكىلەر يېيىش، ئىچىش، چېكىش بىلەن راسا پەيز
سۈرمەكتە، قىزىق - قىزىق پاراڭلارنى قىلماقتا ئىدى. سەمەت
ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆكسى - قارنى توق ئادەمدەك قورۇ-
مىلاردىن ئاندا - ساندا چوقۇلاپ قويۇپ، هاراق بىلەن نەشىنىڭ
نۆۋىتىنى ئۆتكۈزمەي ئىغىر - بېسىقلىق بىلەن ئولتۇراتتى. تائام-
لار ھەممىدىن بەكرەك بايامقى قۇلىقى كېسىك مېھمانغا ياقتى
بولغاي، ئۇ ھېلى توخۇ گۆشى يېسە، ھېلى پولۇ يەيتتى. تۇرۇپلا
زىرىلىرى تېتىتىپ پىشۇرۇلغان كاۋاپلارنى يەيتتى. ئۇنىڭ قور-
سىقى تويغاندىن كېيىنلا، ئاندىن سۆزگە ئارىلىشىپ، گەپتانلىق
قىلغىلى تۇردى.
— پاھ — پاھ، بەلەن بوپتۇ بۇ تائاملار، بەلەن بوپتۇ.
مۇنداق تائاملارنى يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا قەشقەردىكى داڭلىق قى-
مارۋاز ھەسەن بۆرىنىڭ ئۆيىدە يېگەنىدىم. ئۇ ھەسەن بۆرە دېگەن
ئادەمنى ماۋۇ ئىنىم ئاباق يولۋاسمۇ قەشقەرگە چۈشكەندە كۆر-
گەن. ئۇ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان تەلۋە. قىمار ئويناپ يانچۇ-
قىغا پۇل چۈشكەن كۈنلا ئىچىپ، چېكىپ، ئوينапلا يۈرىدۇ.
نەدە چىرايلىق قىز - چوكانلار بولسا خۇددى ئاچ بۆرىدەك شۇلار-
نىڭ پېيىگە چۈشىدۇ. شۇڭا ئۇنى خەقلەر: «ھەسەن بۆرە» دەپ
ئاتايدۇ. مېنىڭ بىرىنچى خوتۇنۇم بەكمۇ چىرايلىق ھەم مۇلايىم
چوكان ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى شۇ خوتۇنۇمغا چۈشۈپ يۈرەتتى. ھە-
سەن بۆرە ئۆيۈمگە كەلگەن كۈنى يۈرىكىم جىغىلدايتتى. بىر
كۈنى كەچتە ئۇ دەل مۇشۇنداق «ئىلى داچۇ» ھارىقىدىن بىرنى
ئېلىپ ئۆيۈمگە كەپتۇ. ئۇنىڭ مۇنداق كەچتە ئۆيۈمگە كېلىشى-
نىڭ سەۋەبىنىمۇ بىلەتتىم. لېكىن نېمە ئامال، ئۇنى يەنىلا كۈ-
لۈپ تۇرۇپ قارشى ئالدىم. خوتۇنۇمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىم
ئۈچۈنمىكىن كۈندەشلىكىم قوزغىلىپ، كۆڭلۈم بەكلا بىئارام
بولۇپ كەتتى. كۈندەشلىكىم قانچە قوزغالغانسېرى، خوتۇنۇمنىڭ
شەھلا كۆزلىرى ھەسەن بۆرىنىڭ بېلىدىكى پۇللارغا تىكىلەتتى.

ھەسەن بۆرە ئاشۇ بىلىدىكى پۇللارنى ئەتەي كۆرسىتىش ئۈچۈن چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋەتكەنىدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ بۇ بىلىدە ماۋۇ ئاباقنىڭ بىلىدىكى پۇللاردەك نۇرغۇن پۇللارنىڭ بۇرجەكلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئەمدى بۇ سورۇندا سازەندىلەر بولمىغاندىن كېيىن پاراڭ بولسىمۇ قىلغاچ تۇرىلى دەيمىنا، — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىپ بارغانلىقىنى ھېس قىلىپ.

— ھە، ھە، پاراڭلىرىڭىز قىزىق ئىكەن. قېنى داۋاملاشتۇ-رۇڭ، — دېدى سورۇندىكىلەر تەڭلا ئاۋاز قوشۇپ.

قولىقى كېسىك مېھمان چىرايلىق بۇرۇتلىرىنى يەنە بىر قې-تىم ياساپ قويۇپ، سۆزىنى داۋام ئەتتى:

— شۇنداق قىلىپ، خوتۇنۇم مەن بۇيرۇمىسامىمۇ نەدىندۇر بىر يەردىن گۆش تېپىپ كېلىپ، بىزگە ئىككى تەخسە قورۇما قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا ئىچىمدە غەزەپلىنەتتىم، لېكىن چاندۇرمايتتىم.

ھەسەن بۆرە ئىككىمىز ئىچىشتۇق، چېكىشتۇق. ئاخىردا تازا شېرىكەيىپ بولدۇق. ھەسەن بۆرە مېنى غەرق مەست قىلىۋې-تىش ئارقىلىق كۆڭلىگە پۈككەن ئارمىنىغا يېتىشكە كۆزى يەتمە-گەن چېغى، ئەسلىدىكى پىلاننى ئۆزگەرتكەن ئىكەن. ئۇ ماڭا: «ئاداش، سەن بىلەن بىز مۇشۇ تومەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان، شۇڭا مەن ساڭا كۆيۈنىمەن. بىراق، سەن قىمار ئويۇنىغاندا كاللاڭنى ئانچە ئىشلەتمەيسەن. ئۆتكەن يەكشەن-بىدىكى ‹قوچقار قىمار›دا قاراپ تۇرۇپ قارا قوچقار تەرەپتە تۇرۇپ، بىكاردىن - بىكار 100 كوي ئۇتتۇرۇۋەتتىڭ.

سەن تۆت ئوشۇق ئاتساڭمۇ ماۋۇ ئالىقانلىرىڭنى تۇپ - تۇپ قىلىپ ئاتىسەن، ماڭا قارا، مەن ساڭا ئوشۇق ئېتىشنى ئۆگىتىپ قوياي» دەپ يانچۇقىدىن تۆت ئوشۇق چىقىرىپ، كىگىز ئۈستى-گىلا ئاتتى: «ھە، مانا ئويىندۇق - ھە؟ 1000 كويدىن ...» ئۇ ئوشۇقلارنى تۆت قېتىم كەينى - كەينىدىن سەنجۇ

چۇشۇردى ـ دە: «ھە، مانا 4000 كوينى چىقىرىڭلار ئاداش!» دېدى.

مەن ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇدەپ ئويلاپتى-مەن. ئۇ رەسمىيلا ئۆچۈشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭ ئۆكتەملىكى-نى بىلەتتىم. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كېلەلمەيتتىم. شۇڭا بىردىنلا بىچارە قىياپەتكە كىردىم ـ دە، يالۋۇرۇشقا باشلىدىم:

«مېنىڭدە پۇل يوق، مەن باياتىن بۇ ئويۇننى يالغاندىن ئويناۋاتىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن ئاداش» دېدىم. ئەمما ئۇ:

«ھوي، كالۋا، قىمارنىمۇ يالغاندىن ئوينامدۇ؟! ئەكە خۇپ-سەنلىك قىلماي پۇلنى بەر!» دەپ ۋارقىرىدى.

«مەندە مۇنچە كۆپ يوق...»

«پۇلۇڭ بولمىسا، مەن بىلەن نېمىشقا ئوشۇق ئوينايسەن؟ پۇل بېرەمسەن ـ بەرمەمسەن؟ بەرمىسەڭ ماۋۇ ئوشۇق بۇرنۇڭنى كېسىۋالىمەن. جۇمۇ!» ئۇ شۇنداق دەپلا قوينىدىن پىچاق چىقار-دى. مەن قورققىنىمدىن:

«بېرەي، بېرەي ئاداش بېرەي، ماڭا بىر ھەپتىلىك رۇخ-سەت بەرگىن...» دېدىم دۇدۇقلاپ.

«بىر ھەپتە ئەمەس، بىر كۈنمۇ ۋاقىت بەرمەيمەن!»

«ھازىر يېنىمدا ئۇنچە كۆپ پۇل يوق...»

«پۇلۇڭ بولمىسا... پۇلغا يارىغۇدەك نەرسەڭ بار-غۇ؟ ـ ھە؟» ئۇ مەنىلىك ھىجايدى.

مەن ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاللىبۇرۇن سېزىپ تۇراتت-تىم. شۇڭا ھاراقنىڭ تەسىرىدىنمىكىن ئىشقىلىپ خوتۇنۇمنىڭ بايامقى قىلىقلىرى كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈپ، بىردىنلا ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىم قوزغىلىپ قالدى ـ دە، كۆڭلۈمدە بىر قارارغا كېلىپ قالدىم:

«بولدى، نېمە سورايدىغىنىڭ ماڭا ئايان، بىراق ئۇ... 4000 كوي ئەمەس، 6000 كوي!»

«بولىدۇ، مېنىڭ ئەركەك ئىكەنلىكىمنى ئوبدان بىلىسەن؟ سەن مەردلىك قىلغان يەردە، مەنمۇ مەردلىك قىلاي. ئوشۇق ئېتىش مەندىن باشلانسۇن، سەن ئۇتساڭ يېنىمدىكى ماۋۇ پۇللار سېنىڭ بولىدۇ. ئوتتۇرۇپ قويساڭ...» دېدى ئۇ پىچىقىنى غىلىپىغا سېلىۋېتىپ.

ئۇ ئوشۇقلارنى ئالىقىنىغا تىزدى ـ دە، مەيدىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ: «يا پىرىم جەمشىت» دەپ ئاتتى. ئۇنىڭ ئاتقان ئوشۇقلىرى بىر ـ بىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ئۈچ قېتىم ئالچۇ چۈشتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ بېشىم پىرىردە ئايلانغاندەك بولۇپ ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. بىر كەملەردە ئېسىمگە كېلىپ، خوتۇنۇم بار ئۆيگە كىرسەم، ئىككى بالام بەھۇزۇر ئۇخلاۋېتىپتۇ، لېكىن خوتۇنۇم يوق. ھويلىغا چىقىپ: «زۇلپىيە، زۇلپىيە!» دەپ ۋارقىرىدىم. لېكىن ئەتراپ جىمجىت ھەم قاراڭغۇ. ھەلقىمىز ئىچىدە «ئاتقا، ئىتقا ئىشىنىشكە بولىدۇ، لېكىن خوتۇنغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ» دېگەن گەپ بار. راست، خوتۇنغا ئىشىنىشكە بولمايدىكەن دېگەن خىيال كاللامدىن ئۆتتى.

ئەتىسى بالىلىرىمنىڭ نالىسىگە چىدىماي ھەسەن بۆرە ئۇستىدىن ساقچىغا ئەرز قىلدىم. لېكىن ھەسەن بۆرىنىڭ تۇرمە باشلىقلىرى بىلەنمۇ ئالاقىسى بارلىقىنى نەدىن بىلەي، ئارىدىن 10 كۈن ئۆتمەيلا ئۇ ئىككى قىمارۋاز ئاغىنىسى بىلەن ئۆيۈمگە بېسىپ كىرىپ، ئۇرۇپ، دەسسەپ ئاندىن ۋەھشىيلەرچە قولۇمنى كېسىۋېلىپ چىقىپ كەتتى، — مېھمان كېسىلگەن قولىنى سورۇندىكىلەرگە كۆرسىتىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام ئەتتى، — شۇنىڭ بىلەن ئارىدىن بىرھەپتە ئۆتمەيلا ئۇ كاتتا بىر زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، مېنىمۇ چاقىرىپتۇ. مەن تارتىنمايلا ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. بارسام خوتۇنۇم كۆرۈنمەيتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئۆيىدە بىرىدىن ـ بىرىسەتەڭ چوكانلار كىرىپ ـ چىقىپ يۈرەتتى. ھەسەن بۆرە مېنى ئايرىم ئۆيگە ئەكىرىپ مەندىن كەچۈرۈم

سوراپ: «ئەسلي قىمار قائىدىسى بويىچە بولغاندىمۇ شۇنداقتى.
مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ قائىدىنى بۇزغان بولسامىمۇ بولاتتى،
لېكىن ئاچچىقىمغا هاي بېرەلمەي قولىقىڭنى كەسكۈزۈۋېتىپتى-
مەن، بۇ قىلىقىمنى كەچۈرگىن، ئىككىمىز قايتىدىن دوست
بولۇپ قالساق، شۇ كۈنى مەن ئايالىڭنى تالاغا چاقىرىپ بولغان
ئەهۋالنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ماڭسام ئۇ سەندىن
قاتتىق نەپرەتلىنىپ سەن تۇرغان ئۆيگە قاراپ غەزەپ بىلەن تۇ-
كۈردى. ئاندىن مېنىڭ قولۇمدىن بىرلا يۇلقۇنۇپ، تالاغا قاچتى.
مەن قوغلىدىم، ئەمما يېتىشەلمىدىم. كېيىن ئاڭلىسام، ئايالىڭ
شۇ كۈنى سەهەردە بىر غۇلجىلىق شوپۇرغا يولۇقۇپ قېلىپ،
غۇلجىدىكى كىچىك دادىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپتۇدەك. ئايالىڭ چى-
رايلىقلا بولۇپ قالماي پاك هەم ۋىجدانلىق ئىكەن. پۇلۇڭ بولمى-
سا مەن ساڭا پۇل بېرىپ تۇراي، سەن ئاشۇ ۋىجدانلىق ئايالىڭنى
ئىزدەپ تېپىۋال، بالىلىرىڭمۇ يېتىم بولۇپ يۈرمىسۇن ...
مېنىڭ ئاغىنىلىرىمنى بىلگەنسەن؟ هەممىسىنىڭ قولىدىن ئىش
كېلىدۇ. مەندىن هېچ نەرسىنى ئايىمايدۇ. بايقىغانسەن، تېخى
گۇناهنى ساڭا ئارتىپ، مېنى بىر هەپتىنىڭ ئىچىدىلا تۈرمىدىن
ياندۇرۇۋېلىپ چىقتى. بۈگۈنكى كاتتا زىياپەتنىمۇ ئاشۇ جان
دوست - ئاغىنىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. شۇڭا بۇ
زىياپەتكە سېنىمۇ تەكلىپ قىلدىم» دېدى.

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم ئېچىشقاندەك بولدى.
ئاشۇ ۋاپادار خوتۇنۇمغا قىلغان ئەسكىلىكلىرىمنى ئويلاپ ئازابلان-
دىم. كېيىن ئايالىمنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن ئىلىخو-
غا مۇشۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم كېلىشىم. ماۋۇ ئاباق
يولۋاس ئىنىمىز بىلەن بىز بىر نەۋرىنىڭ بالىلىرى بولىمىز.
مەن بۈگۈن بۇ سورۇندا سىلەر بىلەن تونۇشتۇم. تونۇشقانلىقىمغا
خۇشالمەن. قەشقەرگە بارساڭلار مېنى ئىزدەڭلار، ئەمدى
دوست - بۇرادەرلەردىن بولۇپ قالدۇق. باياتىن: «قۇلىقى كې-

سنك مېھمانمۇ بەك ئىچىپ قويىدىكەن» دەپ پىچىرلاۋاتىسلەر،
مېنىڭمۇ دەردىم تولا، شۇڭا دەردنى كۆپىنچە مۇشۇ هاراقتىن
ئالىمەن.

قۇلىقى كېسىك مېھماننىڭ بۇ گەپلىرى، سورۇندىكىلەرنى
بەكمۇ قىزىقتۇردى. سەمەت رومكىغا هاراق قۇيۇپ ئۇنىڭغا
«خۇش كەتتى» قىلدى:

— كېلىڭا ئاكا، مۇشۇ ۋىجدانلىق يەڭگىمىزنى تېزراق تېپىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن بىر رومكا قېقىتىۋېتىڭ! — دېدى. مېھمان
رومكىنى قولىغا ئېلىپ توختاتمايلا ئىچىۋەتتى، — ئايالىڭىزنىڭ
كىچىك دادىسىنىڭ ئىسمى نېمىكەن؟ — سورىدى سەمەت.

— نېمە دېدى خۇدايىم ... ھە سېيىت، دەپ ئاتايدىكەن.
ئاڭلىسام ئۇ ئادەم ئەينى چاغدا بىر نەچچە بۇرادەرلىرى بىلەن
مەخپىي هالدا مۇز داۋاندىن ئېشىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا
قاتناشقانىكەن.

— ھە... ئۇنداقتا... ئىنقىلابتا ياكى بولمىسا مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابىدا ئەجەل يېتىپ قالدىمۇ ـ يە؟ — دېدى ئىمىن بەڭگى
تىلىنى سەل چايناپراق سۆزلەپ.

— ئۇنداق ئەمەس، ئۇ كىشىنىڭ مەدەنىيەت زورئىنقىلابىدىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتكەنلىكى ھەققىدە ئەينى ۋاقىتتا خەۋەر
ئالغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەندەك قىلىۋېدى بىزنىڭ خوتۇن.

— ئۇنداقتا ، بۇ يېزىلاردا سېيىتكام دېگەن ئادەم بىلەن
زولپىيە دېگەن چوكان يوق.

سورۇندىكىلەر قۇلىقى كېسىك مېھماننىڭ ئايالى ھەققىدە
پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— ھەي، شۇنداق قىلىپ، — ئىمىن بەڭگى مەست قىياپەتتە سۆزلەپ، — ئۇ ۋاپادار ئايالىڭىزنىڭ ئارمىنىنى يەپ قاپسىزدە؟ بىز ئەرلەر ئالدىمىزغا ئامەت كەلسە، ئۇنى خۇددى پومزەك
تەپكەندەك تېپىۋېتىپ، ئاخىرقى ئۆمرىمىزنى پۇشايمان ئىچىدە

ئۆتكۈزىدىغان خەقمىز. كونىلاردا: «خوتۇنى ياخشى ئەرنىڭ بەخ-
تى بار» دەيدىغان گەپ بار. ئەسلى سىز بىر ياخشى ئائىلىگە
ئېرىشىپتىكەنسىز...

— شەھەرلەردىنمۇ ئىز ـ دېرىكىنى قىلالماپسىزدە؟ —
دېدى سەمەت.

— ياق، بايام دېدىمغۇ، ئۇ ئائىلىم بىر ئاقكۆڭۈل نامرات
دېھقاننىڭ يالغۇز قىزى. زەرەپشان دەرياسى بويىدىكى بىر قىشـ-
لاقتا تۇغۇلغانىكەن. شۇڭا ئۇ شەھەرلەرگە ھەرگىز كۆنەلمەيدۇ.

— شۇنداق قىلىپ ھازىرغىچە بويتاق يۈرۈپسىز ـ دە؟ —
دېدى ئىمىن بەگگى.

— ياق، ئۇكام، بىزنىڭ قەشقەردە بويتاق يۈرگەن ئەركەك-
نى ئەر ھېسابلىمايدۇ. كېيىن ئاغىنىلەرنىڭ سايە قىلىشى بىلەن
بىر ياش چوكان بىلەن مەخپىيلا نىكاھلىنىپ قالدىم. بىراق،
ئۇ كاساپەت تالاغا قارايدىغاندىن ئىكەن ئەمەسمۇ! ئۆزىنى ياساپ
ئۆي ئىشلىرى بىلەن قىلچە كارى يوق. ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ
بۇ خىل يامان ئادىتىنى قالدۇرالمىدىم. ئەل ـ ئاغىنىلەر ئالدىدا
بېشىمنى كۆتۈرەلمەي قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چوكاننىمۇ يولغا
سېلىۋەتتىم.

— ھا...ھا...ھا... سىزدەك ـ بىزدەك ئەرلەر ئۇچۇن ئۇنداق
ئائىلىلار بىلەن ئۆمۈرلۈك بولۇشتەك ئازابلىق ئىش بولامدۇ. ناۋادا
مەن بولسامىمۇشۇنداق قىلاتتىم، — دېدى ئىمىن بەگگى.

ئىمىن بەگگىنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا بولسىمۇ لېكىن سو-
رۇندىكىلــەر ئۇنىڭ ئۆزىنى كــۆتۈرۈپ ســۆزلىگىنىگە قاراپ،
بىر ـ بىرىگە مەنىلىك كۆز بېقىشىپ كۈلۈشۈپ قويۇشتى.

— ئۇنداق ئائىلىلارنىڭ كۆپىنچىسى رەزىل ھەم ئىككى يۈز-
لىمىچى كېلىدۇ. سەن مەيلى باتۇر بولۇپ كەت، ياكى كادىر
بولۇپ كەت ياكى ئالىم بولۇپ كەت ئۇنداقلار ئالدىدا ھېچنەرسىگە
ئەرزىمەيدىغان بىر ئىنسان، — ئاباق يولۋاس كاناي قېقىپ كۆ-

لۇپ قويۇپ سۆز قىستۇردى.

— ئۆتكەن يىلى، — دېدى قۇلىقى كېسىك مېھمان، — قىماردىن تەلىيىم كېلىپ قېلىپ، يانچۇقۇمغا پۇل توشۇپ قالدى. بۇ پاراڭنىمۇ سىلەرگە ئازراق سۆزلەپ بېرەي.

— ھە ـ ھە سۆزلەڭ ئاكا، پاراڭلىرىڭىز قىزىق ئىكەن. — دېدى سورۇندىكىلەر.

— يانچۇقۇمغا پۇللارنى پۇرلاپ سالدىم ـ دە، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ، ئۇدۇل يەكەنگە قاراپ يول ئالدىم. يەكەندە زۇلپىيەنىڭ بىر قېرى مومىسى بولىدىغان، كۆڭلۈمدە: «زۇلپىيە ئايلىنىپ شۇ يەرگە كېلىپ قالغان بولسا ئەجەب ئەمەس» دېگەن ئوي بىلەن ئاشۇ مومايىنىڭ ئۆيىگە باردىم. بارسام زۇلپىيە يوق. موماي ئېسىنى سەل يوقاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق گەپ ـ سۆزلىرى مېنى قايدۇرۇۋەتتى. ئۆيدىن يېنىپ چىقىپ ئۇدۇللا بىر بوتكا دۇكانغا كىردىم. خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ بىر دەمدىلا يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى ئىچىپ قويۇپتىمەن. بېشىممۇ بىر ئاز قايغاندەك بولدى. مەقسەتسىز بازار ئايلىنىپ بىر خىلۋەت كوچىغا كىرىپ قاپتىمەن. بىرى «قارا» دېگەندەك قىلدى، قارىسام يولنىڭ چېتىدە بىر ياش چوكان ماڭا قاراپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ مېڭىش ـ تۇرۇشى، مۇلايىم ھالىتى زۇلپىيەگىلا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ يېنىمدىن ئۆتكەندە يۈرىكىم ئاجايىپ بىر خىل سېزىمدە دۈپۈلدەپ كەتتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇم كېلىپ توختىدىم. ئۇمۇ ماڭا قارىدى:

«سىز مۇشۇ يەردىنمۇ؟» دەپ سورىدىم.

«مېنىڭ يۇرتۇم يوق،» دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا.

«ئۇنداقتا، ئاتا ـ ئانىڭىزمۇ يوقكەندە؟»

ئۇ يوغان بىر سېرىق مۈشۈك بىلەن بوغچىسىنى قۇچاقلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مۈشۈكىمۇ مۇلايىم ۋە بىچارە ھالەتتە ئىدى. ئۇ بىر قولىدا مۈشۈكنى سىلاپ تۇرۇپ:

«مۇشۇ مۇشۇكۇمدىن باشقا ھېچنەرسەم يوق» دېدى.

شۇ تاپتا ئانىسىدىن ئايرىلغان يېتىم قوزىلاردەك يۈرگەن ئوغلۇم بىلەن قىزىم كۆز ئالدىمغا كېلىپ قالدى. كۆڭلۈمدە: مېنىڭ قىزىممۇ مۇشۇككە ئامراق بولىدىغان، بۇ چوكاننى ئۆيۈمگە ئاپىرىۋالسام، ئاشۇ بالىلىرىمغا ‹ۋاپادار ئانا› بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دېگەنلەرنى ئويلىدىم - دە، ئۇنىڭغا يەنە سوئال قويدۇم.

«سىز راستىنىلا پاناھسىزمۇ؟ راست گەپ قىلىۋاتامسىز؟»

«دېدىمغۇ، خۇدادىن باشقا پاناھىم يوق، مۇشۇ مۇشۇكۇمدىن باشقا ياردەمچىم يوق.»

«ئەمىسە ماڭا تېگەمسىز؟»

«ماڭا ۋەدە بەرسىلە، تەگسەم تېگەي.»

«نېمە دەپ ۋەدە بېرىمەن؟»

«مېنى ئۇرمايلا، تىللىمايلا.»

«بولىدۇ، ۋەدە بەرسەم بېرەي. مېنىڭ ئىككى بالام بار، شۇلارنى ئۆز بالىڭىزدەك كۆرسىڭىزلا، نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلىپ بېرىمەن.»

«مېنىڭ بالام يوق. ئېرىم مېنى تۇغمىدىڭ دەپ قويۇۋەتكەن، ئۆزۈم بالىغا ئامراق، شۇڭا بالىنىڭ ئورنىدا مۇشۇ مۇشۇكنى كۆتۈرۈپ يۈرىمەن.»

ۋاھ، بۇ راستىنىلا مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى ئايال بولۇپ چىقتى، دېدىم ئىچىمدە، كەيپچىلىكتە ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ چىرايلىق كىيىندۈردۈم. بويىنىغا چىرايلىق مارجانلارنى تاقىدىم. شۇ تاپتا ئۇ ئاجايىپ چىرايلىق چوكانغا ئايلانغانىدى. بازاردىكىلەرمۇ ئىككىمىزگە ھەيرانلىق بىلەن قارايتتى. ئۇنى ماشىنىغا سېلىپ، ئۇدۇل ئۆيۈمگە ئېلىپ كەلدىم. شۇ كۈنىلا قولۇم - قوشنىلارنى چاقىرىپ نىكاھ قىلدۇرۇۋالدىم. ئەتىسى ئۇ يەردە، بۇ يەردە

تېنەپ يۈرگەن بالىلىرىمنى ئۆيگە ئەكېلىۋالدىم. بالىلىرىم بۇ چوكاننى بىر كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالدى. بولۇپمۇ مۈشۈككە ئامراق قىزىم ئۇنىڭ ياۋاش-ياتقان مۈشۈكنىڭ بېشىنى سىلاپ ئويناپ ئاجايىپ خۇشال بولۇپ كەتتى. بالىلىرىمنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆ-رۈپ خاتىرجەم بولۇپ قالدىم.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتمەيلا بالىلىرىم ئۇ مۈشۈكتىن بەكمۇ قورقىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ چوكاننىڭمۇ ئەسلىدىكى قىياپىتى ئاشكارىلانغىلى تۇردى. بىر كۈنى بازاردىن ئۆيگە قايتىپ كېلى-ۋاتسام، قوشنىلارنىڭ بىر - ئىككىسى: «ھوي قوشنام، ئىككى بالىڭىز ئۆينىڭ ئىچىدە بەكمۇ ئەنسىز چىرقىراپ يىغلاۋاتىدىغۇ؟ ئايالىڭىزنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشلىرىمۇ بار. بۇ زادى قانداق ئىش بولۇپ كەتتى؟» دېمەسما.

راست دېگەندەك ھويلىغا يۈگۈرۈپ كىرسەم بالىلىرىمنىڭ ئەنسىز چىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازى بىلەن ھېلىقى چوكاننىڭ كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى. دەرھال ئىشىكنى تارتتىم. ئىشىك ئى-چىدىن ئىلىقلىق ئىكەن. دېرىزىدىن قارىسام، ھېلىقى ياۋاش مۈشۈك خۇددى يىرتقۇچ مەخلۇقتەك ھۆرپىيىپ، «ماۋ، ما ... ۋ ...» قىلىپ بىردەم قىزىمغا تاشلانسا، بىردەم ئوغلۇمغا تاشلى-ناتتى. ئاچچىقىم غۇژژىدە كەلدى - دە، «ئىشىكنى ئاچ!» دەپ قاتتىق ۋارقىرىدىم. ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەن تەڭ ئىككى بالام تەڭلا «دادا، دادا!» دەپ يىغلىشىپ ماڭا ئۆزلىرىنى ئاتتى. ئۇلارنىڭ كىچىككىنە نازۇك قوللىرى بىلەن بەدەنلىرى لاغىلداپ تىترەپ تۇراتتى. مەن غەزەپ بىلەن چوكانغا ۋە ئۇنىڭ مۈشۈكىگە كۆز تاشلىدىم. مۈشۈك بولسا خۇددى بۆيرۈق كۈتۈپ تۇرغان چاپارمەندەك ھۆرپىيىپ بەكمۇ سۈرلۈك ھالەتتە ئىگىسىگە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، مېنىڭمۇ تەنلىرىم جۇغۇل-داپ كەتتى. مېنى چاڭ قۇچاقلاپ تۇرغان ئىككى بالامنىڭ كۆز-لىرىنى ئالىقىنىم بىلەن توساپ بىردەم تۇرۇپ قاپتىمەن. بىر

ئاز سۈكۈتتىن كېيىن، چوكان مۈشۈكىگە قاراپ بۇيرۇق قىلدى:
«سانىيە، بولدى جىم يات!»

ئۇنىڭ بۇ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغان مۈشۈك بىردىنلا كىچىككىنە بىر بىچارە جانىۋارغا ئايلىنىپ كىگىز ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ياتتى.

«ئەسلىدە ئىش مۇنداقكەندە...» دېدىم ئىچىمدە. ئۇنىڭ مۈشۈكىنىڭ ئىسمى «سانىيە» ئىكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ ئادەم تىلىنى بىلىدىغانلىقىنى، بىردىنلا كىچىككىنە بىر ئارسلانغا ئاي-لىنالايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم.

شۇ كۈنى ئۇنىڭ سانىيەسى توغرىلىق بىر تالاي گەپ تالىشىپ يەنە جىم بولۇپ قېلىشتۇق. لېكىن شۇ كېچە تاڭ ئاتقۇچە ئۇيقۇم كەلمىدى. بولۇپمۇ قىزىمغا قارىسام ئىچىم ئاغرىيتتى. ئۇنىڭ چىرايلىرى سارغىيىپ، كالپۇكلىرى گەزباغلاپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەنىدى، پات-پات يۆتىلىپ، «ئاپا، ئاپا...» دەپ جۆيلۈيتتى. قىزىمنىڭ جۆيلۈشلىرىنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئاچقان چوكان ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى غۇدۇراپ قويۇپ يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. مەن ئۇنىڭغا ئارقامنى قىلىپ يېتىپ بىردىنلا زۇلپىيەنى ئويلاپ قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن مۇنۇ ئالۋاستى چوكاننىقانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن. ئەلەم بىلەن ئۇھ تارتتىم. مەن ئورنۇم-دىن ئاستا تۇرۇپمۇخۇركا ئورىدىم، ئۇنىڭ مۈشۈكى بولسا مې-نىڭ ھەربىر ھەرىكەتلىرىمنى كۆزىتىۋاتقاندەك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ماڭا قاراپ تۇراتتى. مەن غەمسىز ياتقان چوكانغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ قويسام، مۈشۈكمۇ ماڭا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ غەزەپلەنگەندەك قارايتتى. بۇ مۈشۈك ئىگىسىنى خۇددى بايلار غوجىسىنى قوغدىغاندەك ساداقەتمەنلىك بىلەن قوغداشقا ئادەتلەن-گەنىكەن. ئۇ كاززاپ ئالۋاستىنىڭ يامانلىقىنى كۆرمەمدىغان، ئەركەك مۈشۈككە ئايال كىشىنىڭ ئىسمىنى قويۇۋالغىنىنى... كاللامدىن ھەر خىل خىياللار ئۆتەتتى. بۇ مۈشۈكنى چوقۇم گۆش بىلەن باقىدۇ. بولمىسا مۇنچىۋالا سېمىز ھەم يوغان بولامتى؟

يېقىندىن بۇيان مەھەللىمىزدىكى ھېلىقى چىمچىق كۆز قاسساپ ھويلىمىزغا پات ـ پات سۆڭەك ئىزدىگەن لالما ئىتتەك پەيدا بولۇپ قالغانىدى. بۇ چوكانىنىڭ شۇ چىمچىق كۆز قاسساپ بىلەن چوقۇم بىر ئالاقىسى بار نېمە. بولمىسا، بۇ ئۆيدىكى گۆشلەر نەدىن پەيدا بولىدۇ...؟ ئىچىمنى پۇشايمان ئوتلىرى ئۆرتىمەكتە ئىدى. ئاخىرى تاڭمۇ ئاتتى. كىيىملىرىمنى كىيدىم ـ دە، ئۆيدىن ئاستا چىقىپ كەتتىم. تېره بازىرىغا بېرىپ، تېره ئېلىپ ـ سېتىپ تاپقان پۇلۇمغا راسا ئىچىپ، دەردىمنى ھاراق-تىن ئالدىم. بىر كەمدە راسا شىر كەيپ بولۇپ، دەلدەڭشىپ كېلىۋاتسام مەھەللە باشلىقى بىلەن دادۇيجاڭ ئالدىمنى توسۇۋېلىپ:

«ھە... بۇرادەر، ئۆزۈڭنى كۆرسەتمەيدىغان بولۇۋالدىڭ، ھاراق ئىچسەڭ پۇلۇڭ بار، خوتۇن يېڭىلاشقا پۇلۇڭ بار، ئەجد-با، يەر بېجى، سۇبېجى، مەجبۇرىيەت دېگەن ئىشلارغا تۆلەيدىغان پۇلۇڭ يوقكەنە؟ ئەكە پۇلنى. بۇ قېتىم تۆلىمىسەڭ، قالغان يېرىڭ بىلەن ئۆيۈڭنىمۇ مۇسادىرە قىلىمىز!» دەپ قورقۇتتى.

بۇندىن كېيىن ئوقەتتىن ياكى قىماردىن تەلىيىم كېلىپ يېنىم تومپايسا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاغزىلىرىنى مايلاپ قويۇپ، ئۇلار دېگەن ئالۋاڭ ـ سېلىقلاردىن بىراقلا قۇتۇلىسام دەپ ئويلاپ، ئۇلارغا:

«بولدى، ئەتە ـ ئۆگۈنگىچە چوقۇم ھەر قايسىلىرىنىڭ ئال-دىغا ئۆز قولۇم بىلەن ئەكىلىپ بېرىمەن» دەپ يالغان سۆزلەپ ئۇلاردىن قۇتۇلدۇم.

كەيپچىلىكتە ئېگىز ـ پەس دەسسەپ بىر چاغدا دەرۋازىمىز ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن. ھويلىغا كىرىشىم بىلەن تەڭ ئۆي ئىچىدىن ئايالىمنىڭ: «ھوي، ئىسلىماڭ دەيمەن، ھويلىغا بىرى كەلدى، نېرى تۇرۇڭ دەيمەن» دېگەن زىل ئاۋازى ئاڭلاندى.

دەرھال ئىشكنى ئېچىپ كىرسەم، ھېلىقى چىمچىق كۆز

قاسساپ ھودۇققاندەك ماڭا قاراپ تۇرماسمۇ، ئۇنى كۆرۈپ غەزد-چىم قىرىق گەز ئۆرلىدى.

«ھوي خۇمسى، دۇكىنىڭدا گۆش ساتماي، بۇ ئۆيدە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن - ھە!» دەپ ۋارقىرىدىم.

«ئا... ئا... ئايالىڭ گۆش ئالغانىدى. شۇنىڭ پۇلىنى سوراپ كىرىۋېدىم.»

«تىلىڭنى چاينىماي چىق ئۆيدىن! ھو خۇمسى!»

چىمچىق كۆز قاسساپ خۇددى قورققان ئىتتەك تىكىۋەتتى.

«خۇش، سەتەڭ خېنىم مۇنداقمۇ ھۇنىرىم بار دەڭلا، ئەمدى ھەممىسى ئاشكارىلاندى، شۇنداقمۇ؟!»

«ئاشكارىلانسا انداق قىلاتتىڭ! — ئۇ ئالدىمغا دىۋەيلەپ كەلدى - دە، قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — مەنچۇ سېنىڭ بۇرۇن-قى خوتۇنۇڭدەك قاتتىق زاغرىنى غاجىلاپ ياتىدىغان يۇمشاقباشلا-ردىن ئەمەس، بىلىپ قوي، مەنچۇ تۇرپان، پىچان، خوتەنلەردە داڭقى بار تۇرانە دوققا بولىمەن. مەن سېنىڭ تەلۋە قىمارۋاز ئىكەنلىكىڭنى ئالللىبۇرۇن قاسساپتىن ئاڭلاپ بولغانمەن. خوتۇ-نۇڭنى قىمارۋازلارغا ئۇتتۇرۇۋېتىپ، ئىككى كۈچۈكۈڭنى ماڭا باققۇزماقچىمۇ سەن؟! سېنىڭ ئۇ ئىككى كۈچۈكۈڭنى ماۋۇ مۇشۇكۇم ئەتىگەن چىرقىرىتىپ ئۆيدىن چىقاردى. بىلىپ قوي، مەن دېگەنچۇ سېنىڭدەك ئەرلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغان ئايال! ھازىر ئاياللار ئەرلەرگە بوزەك بولىدىغان جاھان ئەمەس. مېنىڭ-مۇ بۇرۇنقى ئېرىم ئەسكىلىك قىلغان، شۇنىڭدىن بېرى ئەرلەر-دىن ئۆچ ئېلىپ كېلىۋاتىمەن. ئەر خەق دېگەننىڭچۇ، ئىتتەك يۇزىدە تۈكى بارخەق!» دەپ ۋارقىراپ يۈزۈمگە بىر شاپىلاق سالدى.

خۇددى ئەرلەرنىڭ مۇشتۇمىدەك تۈيۈقسىز تەگكەن كاچات كۆزلىرىمدىن ئوت چىقىرىۋەتتى. مەن ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالغۇچە ئۇ كاپ قىلىپ بۇرۇتۇمدىن تۇتۇۋالدى. خېلىلا ئىشلەپ قايرىما

قىلىپ قويۇۋالغان بۇرۇنتۇم ئۇنىڭ دىقماق بارماقلىرى ئارىسىدا
تارسىلداپ يۇلۇنماقتا ئىدى. جان ئاچچىقىمدا قولۇمنى قونچۇمدى-
كى پىچاققا ئۇزاتتىم. قولۇمغا پىچاق ئالغىنىمنى سەزگەن چو-
كان، قورسىقىمغا بىر تەپكەنچە ئۆزىنى چەتكە ئالدى ـ دە،
مۇشۇكىگە بۇيرۇق بەردى:

«سانىيە، ئېتىل!»

بۇيرۇق كۇتۇپ، تەييارلىنىپ تۇرغان مۇشۇك «ما···ۋ»
دەپ ۋارقىراپ ماڭا تاشلاندى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى يۈزلى-
رىمنى تىرنىلىۋەتتى. بىراق مەن مۇشۇكنىڭ ھەيۋىسىدىن قورق-
مىغانىدىم، ئۇنى بىر قولۇمدا«كاپ» قىلىپ تۇتۇۋالدىم ـ دە،
پىچاق بىلەن بوينىنى «شارت» قىلىپ بوغۇزلىۋەتتىم. مۇشۇك
ئۇزۇلۇپ كېتەي دەپ قالغان كاللىسىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۆينىڭ
ئىچىنى قانغا بوياشقا باشلىدى. بۇ ھالنى كۆرگەن چوكان،
چىگىپ تەييارلاپ قويغان بوغچىسىنى قولىغا ئالدى ـ دە، دېرىزە
رامىنى بىر تېپىپ ئېچىپ، چۇقان سېلىپ ۋارقىراپ ئۆينىڭ
ئارقىسىغا قاراپ قاچتى.

ئەسلىدە ئۇ چوكان شۇ كۇنى ئۆيدىن كېتىش قارارىغا كې-
لىپ، ئۆيدىكى پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەرنى بوغچىسىغا چىگىپ،
ئاندىن ھېلىقى قاسساپ بىلەن خوشلىشىۋاتقان ئىكەن. ئۇ ئاشۇ
بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ قاچقانچە ئۆينىڭ كەينىدىكى ئېگىز تامدىن
سەكرەپ ئۆتۇپ، كۆزۈمدىن غايىب بولدى. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ-
كى بار بۇئالۋاستى چوكاندىنمۇ قۇتۇلدۇم.

سورۇندىكىلەر قۇلىقى كېسىك مېھماننىڭ بۇ قىزىق پاراڭ-
لىرىنى ئاڭلاپ، ئۇزاققىچە شۇ توغرىسىدا پاراڭغا چۇشۇپ كەتتى.

— ھاراق دېگەننىڭ ئاجايىپ پەيزى بار نەرسەجۇمۇڭلار، —
دېدى سەمەت، — بۇنى ئىچمىگەن بولساق مۇنداق قىزىق ھېكايى-
لەرنى ئاڭلىمىغانبولاتتۇق.

ئىچىش، چېكىش بىلەن ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى. ئىمىن

بەڭگىنىڭ كەيپىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغاندەك قىلاتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئىمىن بەڭگى ئايالى بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرغاندا جېدەل - ماجىرا قىلىشمىغۇچە، يېگىنى تېنىگە سىڭمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. دېمەك ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ پارچىلىنىش باسقۇچىغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ بۈگۈنمۇ ئايالىنى يەنە بىر قېتىم چۆچۈتۈپ قويۇشنى ئويلىدى بولغاي، تىللىرىنى چايناپ، كۆپچىلىكتىن رۇخسەت سورىدى:

— مە…مەن، كە… كەچۈرۈڭلار، مەن دەم ئالاي، بو… لامدۇ؟

— بوپتۇ، مەست بولغان بولساڭ، دەم ئال ئاداش، — دېدى ئاباق يولۋاس.

— بوپتـۇ ئـاداش رەنجىمــەي قـايتارسەن، — دېــدى سەمــەت، — هەي، باشقىلار سېنى «ئىمىن بەڭگى» دەپ بىكارغا ئېيتمايدۇ - دە، مــەست بـولساڭمۇ ئـاغزىڭـدىن تاماكا چۈشمەيدۇ — سېنىڭ.

ئىمىن بەڭگى تاملارنى سىلاشتۇرۇپ مېڭىپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. سورۇندا قالغانلار يەنە ئىچىش، چېكىشلەرنى داۋام قىلدى. هاراق بىلەن تاماكا بىرلىشىپ سەمەتنى ئوبدانلا كەيپ قىلغانىدى. ئۇنىڭ بايامقى ئېغىر - بېسىقلىقى يوقاپ، باش - ئۇچى يوق گەپ - سۆزلەر بىلەن ئۆزىنى ماختىغىلى تۇردى. ئاباق سەمەتنىڭ بۇ هالىنى كۆرۈپ بىردىنلا تېتىكلىشىپ قالدى.

— هوي، سەمەت سەن بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئۆزۈڭنى ئانچە ماختاپ كەتمە. مەيلى نوچىلىق جەهەتتىن بولسۇن، مەيلى بايلىق، مەيلى قىمار ئويناش جەهەتتىن بولسۇن، بىزگە تەڭ كېلەلمەيسەن. بىزگە ئوخشاش هەممىگە پىشىپ يېتىلىپ كەتمىدىڭ، كۆردۈڭمۇ؟ تۈنۈگۈنلا ساڭا ئازىراق ئۈتتۈرۈپ قويغىنىم بىلەن بۈگۈنكى ماۋۇلارنى كۆرگەنسە… هە؟ پۇلدىن ئۈزۈلگەن ئوغۇلبالا ئەمەس هە بىز، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ئالىقىنى

بىلەن بىلىدىكى پۇل قاپچۇقنى كۆرسىتىپ قويدى.

— كۆپ چىقسا 15 قەغەزدۇر[1] ناھايىتى، — دېدى سەمەت مەنسىتمىگەندەك كۈلۈپ قويۇپ.

— قېنى، سېنىڭدە قانچە قەغەز بولسا، مەن سەن بىلەن شۇنچە قەغەز تىكىپ ئېتىشالايمەن! — دېدى ئاباق يولۋاس يەڭلىرىنى تۈرۈپ.

شۇنداق قىلىپ قولىقى كېسىك مېھماننىڭ دەيدەيگە سېلىشى بىلەن بۇ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشنىڭ ئاخىرى قىمارغا ئايلاندى. قولىقى كېسىك مېھمان يانچۇقىدىن تۆت ئوشۇق چىقىرىپ:

— قېنى، ئويۇنساڭلار ئاۋۇ سۇپىغا چۈشۈپ ئوغۇل بالىدەك گەنجىڭ ئېتىڭلار، ئاغىنىلەر، — دېدى.

— بەش قەغەزدىن ئاتتۇقما؟

— ئاتە، سەن قانچىدىن دېسەڭ شۇ.

شۇنداق قىلىپ، يېرىم سائەت ئىچىدىلا سەمەتنىڭ ئىشكاپىدىكى 3000 يۈەن پۇل، ئاباق يولۋاسنىڭ ئالدىغا دۆگىلاندى.

— ھە، ئەمدى نېمەڭگە ئاتاي؟ — دېدى ئۇ كۆرەڭلەپ.

سەمەتنىڭ بېشى ئايلىنىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ ئورنىدىن تەستە تۇردى. ئاندىن سىركايدىكى چاينى زەردە بىلەن سۇپىغا چېچىۋېتىپ، ھاراقنى سىركايغىلا كۇركىرىتىپ قويدى-دە، غورتۇلدىتىپ ئىچكىلى تۇردى.

— ئۇتتۇرۇپ قويغىنىڭغا چىدىماي قالدىڭمۇ سەمىتاخۇن ئاداش؟ — دېدى ئاباق قاقاقلاپ كۈلۈپ، — ئەمدى بۇ ئازغىنا پۇلۇڭ بىلەن ماۋۇبىلىمدىكى پۇللارمۇ يا... سېنىڭلا بولسۇن ياكى مېنىڭ. قېنى قىممەتلىك نەرسەڭگە ئاتايمۇ؟

— نېمە دەۋاتىسەن؟

— ھى — ھى — ھى، چۈشەنمىدىڭمۇ؟ ... ئاۋۇ چايخاناڭدا

---

[1] 15 قەغەز 1500 يۈەن دېگەن مەنىدە.

یاتقانغىچۇ...

— نېمە؟ مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن! ؟

— تېرىكمە ئاداش، تېرىكمە، چاقچاق قىلىپ قويدۇم. ئەگەر «ئات» دېگەن بولساڭ، مېنىڭ ئۈچ رەت ئۇتقىنىم سېنىڭ بىر رەت ئۇتقىنىڭغا ھېساب بولاتتى. سەن بىر ئاتساڭ، بۇ پۇللار-نىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولغان بولاتتى. ناۋادا مەن ئۇتۇپ قالغان بولسام... ئۇ ئارزۇلۇقۇڭ ماڭا تەۋە بولسۇن، قانداق؟

سەمەت بىر ئاز ئويلىنىپ قالدى. ئوشۇق ئۇنىڭ ئۇچۇنلا ئالچۇ تۇرۇپ بەرمەس ... 3000 سومنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ، ئەتە ئاغرىق توخۇدەك شۇمشىيىپ يۈرەمدىمەن. ئۇتۇپ قىلىشىم مۇم-كىن، بۇ خىياللار سەمەتكە بىر ئاز ئۈمىد بېغىشلىدى.

— بۇ گېپىڭ راستما؟ — دېدى سەمەت غەيرەتلىنىپ.

— مېنىڭ قانداق ئەر ئىكەنلىكىمنى ئوبدان بىلىسەنغۇ؟

— ئەمىسە، بۇ گەپلەر مۇشۇ يەردىلا قالدۇ. ئە-گەر كىمدە - كىم تىنىدىكەن ...

— ھەببەللى، ئوغۇل بالا، بۇ جەھەتلەردە خاتىرجەم بول، سەن يىگىت بولساڭ، بىزمۇ مەيدىمىزدە تۈكى بار ئوغۇل باللار جۇمۇ.

ئاباق يولۋاس 3000 يۈەن پۇل بىلەن بېلىدىكى پۇللارنى دوغا تىكتى. ئوشۇقلارنى ئالىقىنىغا تىزدى:

— قېنى ئاتتۇق ئەمىسە، — ئۇ ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا ئورۇپ قويۇپ يۇقىرى ئاۋازدا، — يا پىرىم، جەمشىت! — دەپ ئاتتى. ئوشۇقلار خۇددى قولدار ئالدىدىكى ئىتائەتمەن چاكارلاردەك ئۇ-نىڭ رايىغا باقتى — ئۈچ قېتىم ئۇدا سەنجۇ چۈشتى. بۇ كۈتۈلمى-گەن ئولجىدىن يېرىلغۇدەك خۇش بولغان ئاباق يولۋاس، قولىقى كېسىك مېھمانغا قاراپ ۋارقىرىۋەتتى:

— قويۇڭە ئاكا، ھاراق قويۇڭ! بۈگۈنكى بۇ ئامەتىمىز ئۈچۈن بىر رومكىدىن قېقىشۋېتەيلى!

قۇلىقى كېسىك مېھمان ئىككى رومكىغا ھاراق قۇيۇپ سۆز-
گە كىرىشتى:

— يارايسەن ئۇكا، يارايسەن، ئوشۇق ئېتىشتا چەككە يېتىپ-
سەن، ھەسەن بۆرە بىكار قالسۇن، ياپسا چۇشەردىڭ، ياپسا!

سەمەت گاڭگىراپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي بېشىنى غىجىم-
داپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇ ئويۇننىڭ بىر قېتىملىق چاقچاققا
ئايلىنىپ قېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئاباق يولۋاس ئالدى-
راشلىق بىلەن پۇللارنى بېلىدىكى پۇلدانغا قايتىدىن نىقتاپ تى-
قىشقا باشلىدى. ئۇ ئاخىرقى بىر كاللەك پۇلنى ئوتتۇرىدىن
ئىككى قىلدى ـ دە، بىرىنى قۇلىقى كېسىك مېھماننىڭ، يەنە
بىرىنى سەمەتنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. قۇلىقى كېسىك مېھمان
پۇلنى ئالمان ـ تالمان قوينىغا تىقتى. سەمەت پىكىر قىلىش
ئىقتىدارىنى يوقاتقان ئادەمدەك پۇلغا گۆشىيىپ قاراپ ئولتۇرۇ-
ۋەردى.

بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن ئاباق يولۋاس يېنىدىكى مېھمانغا
كۆز قىسىپ قويۇپ، تالاغا چىقىپ كەتتى.

سەمەت سىركايغا يەنە ھاراق قۇيدى. دېمىسىمۇ ئەمدى ئۇ-
نىڭغا ھاراق ئىچىشتىن باشقا ئىش‌قالمىغاندەك قىلاتتى.

— ئىچە چىدىماس، ئەمدىكى دەردىڭنى ھاراقتىن ئالماقتىن
باشقا چارە يوق. قىمارنى شۇڭايۇرىكى پۇتۇن ئادەملەر ئوينايدۇ
ئەمەسمۇ؟ — دېدى قۇلىقى كېسىك مېھمان بىردىنلا ئۇنى سەن-
لەپ. شۇ ئەسنادا ھويلىدىن خاسىيەتنىڭ كىمدۇر بىرىنى يۇقىرى
ئاۋازدا سەتلەپ ۋارقىراشلىرى بىلەن نېمىلەرنىڭدۇر جاراڭ ـ
جۇرۇڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. كۆزلىرى قاراڭغۇلاش-
قان سەمەت بار كۈچىنى يىغىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋېدى،
مورىسىگە يوغان بىر قول «گۈپ» لا قىلىپ تەگدى:

— نەگە بارماقچىسەن؟ چىدىماسلىق قىلما! ئوغۇل بالا
دېگەن لەۋزىدە تۇرۇشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ تازا بىر لاتا غىلاپ
نېمىمۇ سەن، — قۇلىقى كېسىك شۇنداق دېدى ـ دە، يىلتىزى

يوق‌قامغاقتەك تىترەپ تۇرغان سەمەتنى جايىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. سەمەتنىڭ غەزىپىمۇ چېكىگە يەتكەن چېغى:

— هوي زەڭگىنىڭ پۇشتى، ياقامنى قويۇۋەت، ئاناڭنى، سولاپچى! — دەپ ۋارقىرىدى. قۇلىقى‌كېسىك مېهمان سەمەتنىڭ هاقارىتىگە چىدىماي‌قالدى. ئۇ سەمەتنىڭ يۈزىگە كېلىشتۈرۈپ بىرمۇشــت سالدى. ســەمەت ئــارقىسىغا ئــۈچۈپ چــۈشتى. ئاغزى ـ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. قۇلىقى كېسىك مېهمان بۇنىڭغىمۇ بولدى قىلماي خارتىلداپ ياتقان سەمەتنى تېپىپ ـ دەسسەپ خېمىردەك چەيلىۋەتكەندىن كېيىن، تائاملار تىزىلغان شىرەنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆرۈۋەتتى...

كۈتۈلمىگەن پاجىئەدىن هوشىسىز ياتقان خاسىيەت ئاستا ـ ئاستا ئېسىگە كەلدى. ئۇ بىر قورقۇنچلۇق چۈش كۆردىمۇ؟ ياق، بۇ ئىپلاسلىق، نومۇسلۇق ئۇنىڭ ئۆيىدە، ئېرىنىڭ ۋاستىسى‌بىلەن هېلىلا يۈز بەرگەن رېئاللىق ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ياقىلىرى يىرتىلغان، قۇلاق تۈۋىدە بولسا: «مەن ئەمدى دائىم كېلىپ تۇرىمەن، بۇنىڭغا ئېرىڭ قــوشۇلدى» دېگــەن پۇشــۇلداق‌ئاۋاز قايتا ـ قايتا تەكرارلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. ئۇ يىغىدىن ئۆزىنى سەل توختىتىپ ئەقلىنى، غورۇرىنى، ۋىجدانىنى ئىت يەپ كەتكەن ئېرىنى تىللىماقچى، ئۇنى كۈچى يەتسە كارنىيىدىن قىسىپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولۇپ ئۆيگە كىردى. كىردى ـ يۇ، ئۇ نىيىتىدىن ياندى. ئۆينىڭ ئىچى شۇنچىلىك قالايمىقانلىشىپ كەتكەن بولۇپ ئاجايىپ بىر قاڭشىق بۇس تارقىلىپ تۇراتتى. سەمەت ئۆرۈلگەن شىرەنىڭ يېنىدا خۇددى قارا پاتقاقتا مىلىنىپ ياتقان توڭگۇزدەك خارقىراپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەپتى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلەشتۈرەتتى. خاسىيەت كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئاستائارقىغا ياندى.

يېرىم كېچە بولسا كېرەك. ئەتراپ قاپقاراڭغۇ هەم بىر خىل سۈرلۈك تىمتاسلىق هۆكۈم سۈرەتتى. ئۇ لاغىلداپ تىترەپ بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن سىلجىماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا يېقىنلا بىر

يەردىن بىر ئايالنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىردى. بۇ ئاۋاز ئىمىن بەگگىلەرنىڭ ئۆيى تەرىپىدىن كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئالدىغا يەنە بىر ئاز مېڭىۋىدى، بايىقى يىغا ئاۋازى كەلگەن تەرەپتىن بىر كىچىك بالىنىڭ: «دادا، ئاق بويىنقىمنى بوغۇزلىۋەتتىڭمۇ؟ ھى، ھى، ھى...» دېگەن يىغا ئاۋازى بىلەن يەنە بىر ئايالنىڭ: «ھەي، تەلۋە قىمارۋاز، ئاشۇ كىچىككىنە كۇچۇكنى بوغۇزلىغىچە مېنى بوغۇزلىۋەتسەڭچۇ، خۇدادىن قورقمايدىغان نائەھلى، مېنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. تىرىك ئايرىلسامۇ، ئۆلۈك ئايرىلسامۇ ئىشقىلىپ سەندىن ئاجرىشىپ كېتىمەن! ئىككى بالا بىلەن ماۋۇ قورساقتىكى بالىنىڭ ئۇۋالى ساڭا بولىدۇ. خۇدا بىر كۈنى جاجاڭنى بېرىدۇ سەن ئىپلاسنىڭ...» دېگەن يىغا ئارىلاش ئازابلىق ۋايساشلىرى ئاڭلاندى.

خاسىيەت ئىمىن بەگگىلەرنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىن يانداپ ئۆتۈپ كەتتى. بىر كەملەردە ئۇ ئۆزىگە تونۇش بولۇپ كەتكەن، ئاددىيلا ياسالغان دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن ئاجايىپ كۈچلۈك ئازاب يىغىلىرى ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە «ئاپا» دەپ دەرۋازىغا ئېسىلدى. ئەمما دەرۋازىنى ئېچىپ ئۆيگە كىرمىدى. چۈنكى بوۋىيىدىن — يۈلەنچۈكىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان دىلى سۇنۇق يېگانە موماينىڭ بۇنىڭسىزمۇ دەردى يېتىپ ئاشاتتى. موماي دۇنيالىقتا بىردىنبىر غەمگۇزارى بولغان يۈرەك پارىسىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرسە نېمە بولۇپ كېتەر؟ ئەڭ مۇھىمى خاسىيەت بۇ خورلۇقنى قايسى ئاغزى بىلەن ئاپىسىغا ئېيتالايدۇ؟ ئۇ بۇلغانغان گەۋدىسىنى بۇ ھويلىغا ئېلىپ كىرىشنى خالىمىدى.

ئەتىسى سەھەردە مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى قارىياغاچلىقتا خاسىيەتنىڭ دەرەخكە ئېسىلغان جەسىتى بايقالدى. جامائەت ئۇنى مەھەللىگە قايتۇرۇپ كېلىشى بىلەن تەڭ ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ ئەنسىز غۇيۇلداشلىرى مەھەللىنى بىر ئالدى. كىشىلەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى دەماللىققا ئاڭقىرالمىدى.

# ئارمان

(ھېكايە)

چەت ۋە جاپالىق جايلاردا ھەربىي تۇزۇمنىڭ ئېغىر سىناقلىرىنى باشتىن كەچۈرگىچە بەش - ئالتە يىل ئۆتۈپ كەتتى. تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ، ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق ئامانلىق ساقلاش مەلۇم قىسمىغا تەقسىم قىلىنىپ كەلگىنىمگىمۇ بىر يىلدىن ئاشتى.

بالىلىق مىجەزىم بىلەن ئالىقاچان خوشلىشىپ، قاپقارا بۇرۇتلۇق، قاۋۇل يىگىت بولۇپ قالدىم. شۇ كۈنلەردە مەندە سۆيگۈنۈم راملە بىلەن توي قىلىۋېلىشتىن ئارتۇق ھېچقانداق خىيال يوق ئىدى.

مەن ئاتا - ئانامدىن كىچىكلا يېتىم قالغان چېغىمدا كىچىك ئاپام مېنى بېقىۋالغانىكەن. راملە ئەنە شۇ كۆيۈمچان ئاپامنىڭ چوڭ قىزى ئىدى. كىچىك ئاپامۇ چوڭ بولغىنىمىزدا ئىككىمىزنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ھەتتا بۇ ئىشنى بەش ۋاق نامىزىدا خۇدادىن تىلەيدىغانلىقىنى بىزگە پۇردىتىپمۇ قوياتتى.

ئاشۇ كۆيۈمچان كىچىك ئاپامنى، جاپا - مۇشەققەتتىن چاچلىرى ئاقارغان كىچىك دادامنى، سەبىي بالىدەك ئوماق، ئىشچان قىز راملەنى، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن گۈزەل يېزامنى شۇ قەدەر سېغىنغانىدىم. شۇڭا رەھبەرلىككە ئۈچ قېتىم ئىلتىماس يازدىم. تەشكىل توي قىلىشىمغا قوشۇلۇپ ئىلتىماسىمنى تەس-

تىقلىدى. خۇشاللىقتىن ئۆزۈمنى قويارغا جاي تاپالماي قالدىم.
ئەتىسى سەھەردىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.
ئۇرۇمچىنىڭ داڭلىق سودا سارايلىرىنى ئارىلاپ يۇرۇپ ئۆزۈمگە كىيىم تاللاشقا باشلىدىم. چاچلىرىمنى ياساتتىم.
سۆيگۈنۈم راملەگە ئاتاپ بىر دانە مەرمەر مارجان سېتىۋېلىش ئۇچۇن «قىزىلتاغ» سودا سارىيىغا كىرىپ قاپتىمەن. كۆڭلۇمدە توغرا، بۇ يەردە ۋاكالىتەن ئايروپىلان بىلىتىمۇ ساتىدىغۇ، بىر سوتكا ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ، چايقىلىپ بارغۇچە، ئايروپىلان بىلەنلا بارمامدىم، قانچە تېز بارسام شۇنچە ياخشى ئەمەسمۇ دېگەنلەرنى ئويلىدىم ـ دە، دەرھال بېلەت سېتىش ئورنىغا كەلدىم. بېلەت ساتقۇچى قىز تونۇشتۇرۇشلىرىمنى كۆرۈپ:
— غۇلجىغا بارىدىكەنسىزدە؟ — دەپ سورىدى.
ئۇنىڭ گىرۋەكلىرىنى بويىۋالغان قاپقارا كۆزلىرى ماڭا سوئال نەزىرىدە تىكىلگەنىدى. يۇرتۇمنىڭ مۇبارەك نامىنى ئاڭلاپ، تەنلىرىمگە بىر ئىسسىق ئېقىم يامرىدى. بەلكىم بۇ قىزمۇ غۇلجىلىقتۇر. شۇڭا ماڭا ئىللىق نەزەردە قاراۋاتقاندۇر... قىزلارنى كۆرگەن يىگىتلەر قەددىنى رۇسلىماي قالمايدۇ. لېكىن مۇنۇ قىزنىڭ كۆزلىرى ۋۇجۇدۇمدا بىرخىل ھودۇقۇش سېزىمى پەيدا قىلغاچقا، ئۇنىڭغا بەرگەن جاۋابىم بولەكچە ئاۋازدا چىقىپ كەتتى:
— شۇ... شۇنداق غۇلجىغا بارىمەن!
— ۋاقىت توشۇپ قالدى. بەلكىم يولۇچىلار ماشىنىغا چىقىپ بولغاندۇر، ئەكىلىڭ پۇلىڭىزنى، تېز سارايىنىڭ ئالدىغا چىقىڭ! — قىز شۇنداق دېگىنىچە ماڭا بېلەت كېسىپ بەردى. شاراقشىپ تۇرغان پۇللارنى ساناپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم ـ دە، زالدىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتىم. راستىنلا بىر ئاق مىنىبۇس خۇددى مېنىلا كۈتۇپ تۇرغاندەك تۇرۇپتۇ.

مىنبۇس يولۇچىلارنى ئۈرۈمچىنىڭ كۆركەم كوچىلىرىدا يېنىك ئەللەيلىتىپ مېڭىپ، بىردەمدىلا ئايرودرومنىڭ كۆركەم بىناسى ئالدىغا ئاپىرىپ قويدى.

بېلەت تەكشۈرۈش خادىملىرى قائىدە بويىچە ئۆتەشكە تېگىشلىك رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ بولۇپ بىزگە:

— ئەمدى زالغا كىرىپ تاماقلىنىۋېلىڭلار، — دېدى.

بىز غۇلجىغا بارىدىغان يولۇچىلار ئاپئاق داستىخان سېلىنغان دۇگىلەك شىرەلەرگە كېلىپ ئولتۇردۇق. كۆڭلۈم ھاياجان بىلەن تولدى. مەن بىلەن بىر شىرەدە ئولتۇرغانلار ئىچىدە ئىككى نەپەر ئۇيغۇر كىشى بار ئىدى. ئۇلاردىن سېمىزغىنا كەلگەن بىرى ماڭا قاراپ:

— ئۇكام، سىز غۇلجىنىڭ نەرىگە بارىسىز؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— غۇلجا ناھىيىسىنىڭ گۈلباغ مەھەللىسىگە.

— ئوھو، بارىدىغىنىمىز بىر ناھىيە ئىكەنغۇ!

مەن ئۇلار بىلەن پاراڭلاشقاچ ئەتراپىمغا قىزىقسىنىپ قارىدىم. زالدا ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن بىر كۆتكۈچى قىزغا بەكرەك قاراپ كەتكەن ئوخشايمەن، بايىقى سېمىز كىشى:

— ئۇكام، ئۇ قىزغا بەك قاراپ كېتىۋاتىسىز، تونۇيدىغاندەك قىلامسىز - نېمە؟ — دەپ قالدى.

— ياق ئاكا، تونۇمايمەن. ئۈرۈمچىنىڭ ئەڭ گۈزەل قىزلىرى قەيەردىكىن دېسەم، ھەممىسى مۇشۇ يەرگە يىغىلىپتۇ ئەمەسمۇ. — دېدىم.

— ياق، ئۇ قىز ئۈرۈمچىلىك ئەمەس، بىزنىڭ يېزىلىق.

— ھە؟! — مەن ئىشەنمىگەندەك ئۇ قىزغا قايتا قارىدىم. توۋا، يېزىدا چوڭ بولغان قىزلارمۇ مۇشۇنداق داڭلىق ئورۇنلاردا خىزمەت قىلالايدىكەندە؟ ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرى خۇددى راملىغا ئوخشايدىكەن. راستلا چوڭ بولۇپ، مۇشۇ قىزغا

ئوخشاش چىرايلىق بوپكەتكەندۇ... بۇ قىزلار كىيگەن كىيىمنى ئۇ كىيىدىغان بولسا، بۇلاردىن نەچچە ھەسسە گۈزەل بوپكېتەر. مەن ئۇنى جەزمەن مۇشۇ ئايرودرومغا ئەكىلىپ، ئاۋۇ بىر جۈپ چەت ئەللىككە ئوخشاش قول تۇتۇشۇپ مېڭىپ، يان قەۋەتتىكى ماگىزىندىن ئۆزى خالىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىمەن. شۇ چاغدا بۇ چىرايلىق خان قىزلارنىڭ بىزگە قاراپ ھەسەت ئوتىدا ئۆرتەنمىگىنىنى بىر كۆرەي...

ھېلىقى قىز شىرەمىزدىكى سېمىز كىشى بىلەن ئاددىيلا سالاملىشىپ، شىرەگە تەخسە ـ تەخسىلەردە قورۇمىلارنى تىزىشقا باشلىدى. شۇ كۇنكى خۇشاللىقىم تۇپەيلىدىن ئەتىگەنلىك ناشتىـ نىمۇ قىلمىغانلىقىم يادىمغا كەلدى. شىرەدىكى ماڭا مەنسۇپ تائاملارنى تويغىچە يەۋالدىم. بىر كەمدە مىكرافوندا بىر ئايالنىڭ زىل ئاۋازى جاراڭلىدى:

— غۇلجىغا بارىدىغان يولۇچىلار دىققەت، 230 ـ نومۇرلۇق ئايروپىلان ھازىر ئۇچىدۇ، مەيدانغا چىقىڭلار!

بىز تىزلىپ مەيدانغا چىقتۇق. كەڭرى مەيداندا ھەرخىل تىپتىكى ئايروپىلانلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بەزى قوش قاناتلىق ئايروپىلانلار بەئەينى سۇ ئۈستىگە قونغان يىڭناغۇچلارنى ئەسلىتەتتى. بەزى چوڭ ئايروپىلانلار ئىچىدە قويلارنىڭ مەرەۋاتـ قان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. توۋا، قويلارنىمۇ ئايروپىلاندا توشۇيدىكىنا، دېدىم ئىچىمدە.

بالىلىق چېغىمدىكى بىر ئىش يادىمغا كېلىپ قالدى. راملە ئىككىمىز خاماندا تۇلۇق ھەيدەۋاتاتتۇق. تۇيۇقسىز ئۇچۇپ كەلـ گەن ئايروپىلانغا قارايمىز دەپ، كىچىك دادامنىڭ ياغاچ ئارىسىـ نى يەنچىۋەتكەنىدۇق. ئۇ چاغدا راملە ئىككىمىز ئاشۇ ئايروپىـ لاندىكى ئۇچقۇچىلارنى كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ يۈرىدىغان پەرىشتىلەردەك ھېس قىلغانىدۇق. مانا، پەرىشتە ئەمەس، بىزگە ئوخشاشلا ئاددىي ئادەملەر ئىكەن.

بىز چۆشكەن ئايروپىلان قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋاز چىقىرىپ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. بىز ناتونۇش ئادەملەر بىر - بىرىمىزنىڭ چىرايىغا مەنىلىك قاراپ قوياتتۇق. بەزىلەرنىڭ كۆڭلى ئايىنىغاندەك بىئارام بولسا، بەزىلەر ئالىقانلىرى بىلەن قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ ئولتۇراتتى. مېنىڭ خىيالىمغىمۇ ئۆزۈم سەپداشلىرىمدىن ئاڭلىغان ئايروپىلان ھادىسىلىرى كېلىپ، شۈركىنىپ كەتتىم ۋە: ياپەرۋەردىگار، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن! دېدىم ئىچىمدە.

بىر چاغدا ئۇچقۇچى بار تەرەپنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، تولىمۇ چىرايلىق بىر خەنزۇ قىز پەتنۇس كۆتۈرۈپ، كىشىلەرگە كەمپۈت سۇنۇشقا باشلىدى. ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەندە تارتىنماستىنلا ئىككى تال شاكىلات ئېلىپ يانچۇقۇمغا سېلىۋالدىم. كۆز ئالدىمغا يەنىلا راملە كېلىۋېلىپ، شېرىن خىيالغا چۆكۈپ كەتتىم.

مانا مەن بۈگۈنلا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىمەن. كەچتە ئاي شولىسى چۈشۈپ تۇرىدىغان ھېلىقى كۆل بويىدا خالىي ئولتۇرغاندا يانچۇقۇمدىكى شاكىلاتنى ئۇنىڭغا ماختىنىش بىلەن سۇنىمەن. بۈگۈن كۆرگەن قىزىقارلىق ئىشلار بىلەن خۇشاللىقىمنى ئۇنىڭغا زوق - شوق بىلەن سۆزلەپ بېرىمەن.

باللىق چاغلىرىمىزدا بىز بىر توپ قىز - ئوغۇل ئۇچمە تېرىپ يېگەچ تۆت ئەتراپى دەل - دەرەخلەر بىلەن چۆمكەلگەن، كەچتە ئاي بىلەن يۇلتۇزلار شولىسى چۈشكەندە تەبىئەت گۈزەللىكى بىلەن قوشۇلۇپ، بەئەينى بىر كۆركەم سۈرەتكىلا ئوخشاپ قالىدىغان ئاشۇ كۆل بويىغا كېلىپ ئوينايتتۇق. نېمىدېگەن قىزىق ئىدى - ھە ئاشۇ باللىق چاغلار… ئارىمىزدا گۈلبوستان ئىسىملىك بىر قىز بار ئىدى. ئۇ:

— ھەي، باللار، ماۋۇ تاھىر بىلەن راملەنىڭ توينى قىلىپ ئوينىمايمىزمۇ؟ — دەپ ۋارقىرايتتى. باللار چۇرقىرىشىپ، راملە ئىككىمىزنىڭ توينى قىلىپ ئوينايتتى، ئۇلار قىز

تەرەپ، ئوغۇل تەرەپ دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى ـ دە، بەكمۇ قىزىقارلىق ئىشلارنى قىلىپ، راملە ئىككىمىزنى بىر كەپىگە ئەكىرىپ قوياتتى. ئاجايىپ قىزىق، ئۇ چـاغدا تـويى بولغان قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتۇق... مانا ئەمدى توي قىلساق ھەقىقىي توي قىلغان بولىمىز. ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشىدۇ. يا، پەرۋەردىگار، راملە- نى تېزراق كۆرۈشكە نېسىپ قىلغايسەن!

ئايروپىلان يۇقىرى ئۆرلەش مەنزىلىگە يەتكەندە بەكمۇ ئاستا ئۇچۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ماتور ئاۋازىمۇ پەسىيىپ قالغاندى. يېنىمدىكى سېمىز ئادەم ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئاچتى.

— بىز ئۇچۇۋاتقىلى قانچە ۋاقىت بولدى، ئۇكام؟

— بىر سائەتكە يېقىن بولدى. ئازدىن كېيىنلا غۇلجىغا چۈشىمىز ھەقاچان.

ئەينەكتىن سىرتقا قارىدىم. پاھ، نېمىدېگەن سۈزۈك ئاس- مان بۇ، ئاسمان راستىنلا يەتتە قەۋەتمۇ نېمە؟ ھاۋا شۇنچە ئوچۇق بولسىمۇ يەر يۈزىنى بىر قەۋەت سۇرۇن تۇمان قاپلاپ تۇرىدىكەنا... ئەنە ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئېگىز تاغ چوققىلىرى قۇ- ياش نۇرىدا كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇرىدۇ، خۇددى بۇلۇتلار ئۈس- تىدە لەيلەپ تۇرغان ماموق پاياندازنىڭ ئۆزى...

ئايروپىلان خۇددى بار كۈچى بىلەن ھاۋاغا ئۆرلەپ، ئاندىن راھەت بىلەن پەسكە ئۇچقان بۈركۈتكە ئوخشاش تۆۋەنلىدى. ئېھ سۆيۈملۈك يۇرتۇم غۇلجا... ئەنە، راملە بار يېزا، ئەنە بىز ئوقۇغان مەكتەپ ئايىغاق بىناغا ئوخشاش كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ... خۇشاللىقىمدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدىم.

※ ※ ※

غۇلجا شەھىرى ھەقىقەتەن تونۇيالمىغۇدەك ئۆزگىرىپ كې- تىپتۇ، قەۋەت ـ قەۋەت يېڭى بىنالار شەھەرنى تازىمۇ گۈزەللەش-

تۇرۇپتۇ. بازارلارمۇ ئاۋاتلىشىپ كېتىپتۇ. شەھەرنى كۆپ ئايلان-ماي ئۇدۇل يېزامغا قاراپ يول ئالدىم. مۇشۇ تاپتا كىچىك ئاپام ئەتكەنچايىنى جىقراق ئېتىۋاتامدىغاندۇ؟ راملە ئېتىزدىن كەلگەن-دىمۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە قانداق بوپ كېتەرمىز ـ ھە؟

سومكامنى كۆتۈرۈپ يولنىڭ چېتىدە كېتىۋاتىمەن. مەھەل-لىمىزدە «ئىمىن پەرت» دېگەن بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى، ئۇ تۇيۇقسىز يېنىمدىلا پەيدا بولۇپ قالدى.

— ھەي تاھىركەنغۇ بۇ، مانا قارا، تاسلا قاپتىمەن سېنى تونۇيالمىغىلى، — ئۇ مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ قىزغىن ئامانلاشتى.

— پەرتتىدىلا كېلىپ تونۇپ قالدىڭدە مېنى، — دېدىم چاقچاق قىلىپ.

— ھا... ھا... ھا... ئاشۇ راملەنىڭ ماڭا قويغان لەقىمى تېخى يادىڭدىكەندە، ئۇ لەقەم ماڭا سىڭىپ قالدى، ئاداش... ھە كىچىك ئاپاڭنىڭ ئۆيىگە ماڭدىڭما؟

— ھەئە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تىنچلىقتۇر، ئاداش؟

ئىمىن بىردىنلا جىمىپ كەتتى، چىرايىمۇ توساتتىن شۇنچى-لىك قايغۇلۇق تۇس ئالدى.

— نېمە بولدى، ئىمىن، كىچىك ئاپام ئۇ؟

— ئاڭلىماپتىكەنسەندە تېخى، بۇ شۇم خەۋەرنى ساڭا دېيىش-كە تىلىم كۆيىدۇ، ئاداش، بىراق...

بېشىمدا چاقماق چېقىلغاندەك بولۇپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلى-شىپ كەتتى. يۈرىكىمدىكى خۇشاللىقلار ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ، كىچىك ئاپامنىڭ ئۆيىگە قانداق كېلىپ قالغىنىمنى سەزمەيلا قالدىم.

كىچىك دادام ھويلىدا سامانلىق ئارا بىلەن قوتان ئۆگزىسىگە چىقىرىۋاتقانىكەن. مېنى تەستە تونۇدى بولغاي، ماغدۇرى كەتكەن بەللىرىنى تۇتقىنىچە ئالدىمغا كەلدى. ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر كەتمەن

تۆتۈپ قاپىرىپ كەتكەن قوللىرى قولۇمغا قوپاللا تەگدى. ئۆزۈمـ.
ـنى ئۇنىڭ باغرىغا ئېتىپ شۇنچىلىك يىغانلىق يىغلىدىمكى، ماڭا
بۇ ھاياتلىقتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەھمىيەتسىز چۈشتەك بىـ.
لىنىپ كەتتى. كىچىك دادامۇ شۇ تاپ ماڭا قوشۇلۇپ تاراملاپ
تۆكۈلۈپ يىغلاۋاتاتتى.

— كىچىك دادا، ئۇ تېخى ياش ئىدىغۇ، تەقدىر نېمە ئانچە
رەھىمسىزلىك قىلىدۇ بىزگە؟!

— يىغلىما بالام، يىغلىما، — دېدى كىچىك دادام مېنى
بەزلەپ، — بىز تولا يىغلىدۇق، قاقشىدۇق، لېكىن كىچىك
ئاپاڭنى تىرىلدۈرەلمىدۇق. بۇ زاماندا ياخشى ئادەملەر بالدۇر
كېتىپ قالىدىكەن، بالام. ھەر ھالدا ئۇ بۇ جاھاننىڭ جاپاسىدىن
قۇتۇلۇپ تىنچقىنا يېتىۋالدى.

كىچىك دادام كۆز ياشلىرىنى ئەمدىلا سۈرتۈپ تۇرۇشىغا
ئىشىك ئالدىغا بىر ئاق پىكاپ كېلىپ توختاپ، ئىچىدىن بىر
قىز چۈشتى.

راميلەمۇ نېمە؟ بىردىنلا يۈرىكىم دۈپۈلدەپ، يۈزلىرىم ئوت
ئالغاندەك كۆيۈشۈشكە باشلىدى. خىيالىمدا ئۇ ھويلىغا كىرىپلا
ماڭا ئۆزىنى ئېتىپ، بولۇشىغا يىغلايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم.
بىراق ئىش ئۇنداق بولمىدى. ئۇ ھويلىدا مېنى كۆرۈپ تۇرۇپلا
قالدى. كۆزلىرىگە شۇئان لىققىدە ياش ئالدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ
بىر - بىرىگە جۈپلىشىپ تۇرغان پۈتلىرىنىڭ، نازۇك بەدىنىـ.
ـنىڭ، سۇسقىنا بويالغان لەۋلىرىنىڭ بىلىنەرلىك تىترەپ كېتىـ.
ۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆردۈم.

— ياخشىمۇسەن، تاھىر ئاكا، — بوغۇلۇپ چىققان بۇ ئاۋاز
ماڭا گويا يەر تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك شۇنچە ئاجىز ئاڭلاندى.
جاۋاب بەرگۈچە بولغان ئارىلىقتا، بايىلا ئالدىمدا تۇرغان نازۇك
بەدەننىڭ ھۆجرا ئىشىكىدىن كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

— تونۇدۇڭمـۇ بـالام، راميلـەنى؟ — دېدى كىچىك دادام

ماڭا قاراپ.

— تەستە تونۇدۇم.

— بۇرۇنقىلار «بىر ئاتا ئون بالىنى باقالايدۇ، ئون بالا بىر ئاتىنى باقالمايدۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن. مىڭ بىر جاپادا بېقىپ چوڭ قىلغان بالىلىرىمدىن ماڭا ۋاپا كەلمىدى. ئىش قىلىپ، مۇشۇ قىزىم مېنى ئاچ قويمىدى، ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. بەزىدە پىكاپىنى ھەيدەپ نەلەرگە كېتىدىكىنتاڭ، ھەپتىلەپ، ئايلاپ يوقاپ كېتىدۇ... بالام، سەن كېلە ـ كەلمەيلا ھالىمنى ئېيتقىلى تۇردۇم، رەنجىپ قالما، جورە، ئۆيگە كىرگى-نە بىر چىنە چاي ئىچەيلى.

خۇشاللىق بىلەن قايغۇ ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ جاھاندا نېمە ئىشلار بولمايدۇ، دەيسىز؟ كىچىك ئاپام ھايات بولغان بولسا، كىچىك دادامدىن بۇنداق گەپلەرنى ھەرگىز ئاڭلىمىغان بولار ئىدىم. بۇ ئۆيلەرنىڭ تەلەتىدىن مۇز يېغىپ، سۆرۈنلىشىپ كەتكىنىنى...

راملە ھۇجرا ئۆيگە بىر كىرىپ كەتكىنىچە قايتا سىرتقا چىقمىدى. مەن كېچىچە راملەگە زادى نېمە بولغاندۇ، ھازىر نېمە قىلىۋاتقاندۇ، يىغلاۋاتامدىغاندۇ، مەن بىلەن قانداق كۆرۈ-شۇشنى بىلمەي تىت ـ تىت بولۇۋاتامدىغاندۇ... ئۇ قانداقلارچە شوپۇر بولۇپ قالغاندۇ ـ ھە؟ دېگەن خىياللارنى سۈرۈپ چىقتىم.

ئەتىگەندە راملە ناشتىلىق چاي ئېلىپ بىز تۇرغان ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭ قەدەم ئېلىشلىرىدىن تارتىپ ئالدىمغا چاي قويۇ-ۋاتقاندىكى ھەرىكەتلىرىگىچە بىر خىل قۇلايسىز ئىدى. قىزى-رىپ، ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرى كېچىچە ئۇخلىمىغانلىقىنى مانا مەن دەپ كۆرسىتىپ تۇراتتى. مېنى بىر خىل ھەيرانلىق ئۆز ئىلكىگە ئېلىشقا باشلىدى. كىچىك دادامنىڭ زورى بىلەن چايغا تۇتۇندۇم. راملە ئەتكەن سۇتلۇك چاينىڭ تەمى كىچىك ئاپامنىڭ ئەتكەنچىلىكمۇ قىلىنمايتتى. بۇنداق چاينى ئىچمىگىنىمگە ئۇ-

زۇن بولغاچقىمۇ، قېنىپ ـ قېنىپ ئىككى ئاپقۇر ئىچىۋالدىم.

چايدىن كېيىن رامىله داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن هويلىغا چىقتىم. رامىله چىنە ـ قاچىلارنى يۇيۇۋاتقانىكەن، يەر تېگىدىن ماڭا قاراپ:

— تاهىر ئاكا، سەلدىن كېيىن ئاپامنىڭ قەبرە بېشىغا چىقىپ كېلەيلىمىكىن؟ — دېدى.

بۇ دەل مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى گەپ ئىدى. قەبرىستانلىقتىن قايتىپ رامىله بىلەن خالىي يەردە قانغۇدەك مۇڭدىشىۋالسام، كۆڭۈل سىرلىرىمنى ئېيتىۋالسام قانداق ياخشى ـ هە؟!

— شۇنداق قىلايلى، رامىله.

بىز دەرۋازىدىن چىقتۇق. دەرۋازا ئالدىدىكى يول ئۈستىدە رامىلەنىڭ ئاق پىكاپى تۇراتتى. پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق پىكاپ بۇ، تېخى ئارقىسىدا چاقچاقلانغىنىنە كوزۇپىمۇ بار ئىكەن.

مەن پىكاپنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا ئازادە ئولتۇردۇم، رامىله پىكاپنى قەبرىستانلىققا ئەمەس، شەھەر يولىغا سالدى. ئازراقلا مېڭىپ، يول ئۈستىدىكى دۇكاندىن سومكىسىغا نېمىلەرنىدۇر ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ كەينىدىن نەۋرىسىنى يېتىلىۋالغان بىر موماي هەدەپ يالۋۇراتتى:

— جېنىم قىزىم، خۇدا ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن قىلسۇن، شە-هەرگە ماڭىدىغان ئاپتوبۇسلار كېتىپ قاپتۇ، خاپا بولماي ئالدى-مىزدىكى مەهەللىگىچە ئېلىۋالسىڭىز، خۇدا ئۆمرىڭىزنى...

— بولدى، بولدى، ماڭا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىمەي ماشىنىغا چىقسىلا! — دېدى رامىله قوپال ئاۋازدا.

موماي نەۋرىسى بىلەن ئالدىمدىكى يەككە ئورۇندۇققا چىقىپ ئولتۇردى. ئەستا، مۇشۇ رامىلەنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، مۇشۇنداق خالىي چاغدا ماشىنىغا ئادەم ئالمىسا بولماسمىدى...

ئاق پىكاپ بىر خىل رىتىمدا كېتىپ بارىدۇ. مېنىڭ كۆزلى-رىم ئىختىيارسىز رامىلەگە تىكىلگەنىدى، ئۇنىڭ سەل كۆپتۇ-

رۈلگەن چېكە چاچلىرى مودەن گۈلىنى ئەسلەتسە، كەينى چاچلى-
رى دېڭىز دولقۇنلىرىنى ئەسلىتەتتى. قىزارغان كۆزلىرى گاھ
يولغا قارىسا، گاھ ئالدىدا تۇرغان كىچىككىنە سوزۇنچاق ئەينەك-
كە قارايتتى. بىردەم كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرى ئۇچقۇنداۋات-
قاندەك كۆرۈنسە، بىردەم چاناقلىرى ياشقا تولاتتى. لەۋلىرىنى
چىشلەيتتى، يەنە ئەينەككە قارايتتى... مەن رامىلەنىڭ تۈنۈگۈنكى
رايىش ھالىتى بىلەن بۈگۈنكى تۇرقىنى سېلىشتۇرغىنىمدا كاللام
قالايمىقانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. رامىلەنىڭ كەيپىياتىدىكى بۇ ئۆز-
گىرىشلەرگە زادى نېمە سەۋەب بولۇۋاتقاندۇ - ھە؟

تۇيۇقسىز ماشىنىدىكى مومايدىن زۇۋان چىقىپ قالدى:

— ماشىنىڭىزنى توختىتىڭە، قىزىم. مەن مۇشۇ يەردە
چۈشۈپ قالاي، كۆڭلۈمدىكىنى تاپقاندەكلا بۇ يول بىلەن ماڭىدى-
ڭىز. رەھمەت، جېنىم قىزىم، خۇدا ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن
قىلار...

موماي ئارقا - ئارقىدىن رەھمەت ئېيتىپ ماشىنىدىن چۈش-
تى. نېمىشقىكىن رامىلەنىڭ كۆڭلى قىلچىمۇ كۆتۈرۈلگەندەك
قىلمايتتى. ئۇ قوپال ئاۋازدا:

— بولدى، بولدى، ماڭا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىمىسىلە، پۇللى-
رىنىمۇ يانلىرىغا سېلىپ قويسىلا، — دېدى.

ئەمدى رامىلە ماشىنا رولىنى ئېتىز يولىغا بۇرىدى. بۇ
يەرلەر ماڭا بەش قولدەك تونۇش ئىدى. كۆڭلۈم يايراپ يۈرىكىم
باشقىدىنلا تېپچەكلەپ كەتتى. ئەنە ھېلىقى كۆل، يېشىل يوپۇر-
ماقلىق دەرەخلەر ئارىسىدا يېنىك تەۋرىنىپ تۇرىدۇ. سۆيۈملۈكۈم
بۇ كۆلمۇ ئىككىمىزنى سېغىنغاندۇر - ھە؟! ئۆتكەن ئاشۇ كۈن-
لەردە ئۇنىڭ زۇمرەت سۈيى يېنىك تەۋرىنىپ، بىزنىڭ شېرىن
گەپلىرىمىزنى ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ ئۈنچىدەك سۈزۈك سۈيىنى قو-
لىڭىزغا ئېلىپ ماڭا چاچقىنىڭىزدا كۆلدىكى ئاي شولىسى نەچچە
پارچە بولۇپ كېتەتتىغۇ. ھەيدەڭ، ماشىنىڭىزنى ھەيدەڭ، كۆل

بويىغا تېزرەك بارايلى.

مەن تاقەتسىزلىك بىلەن رامىلەگە قارىدىم، قىزىق، ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقماقتا ئىدى. راست، قىز بالا دېگەن ئاسان يىغلايدۇ، بەلكىم ئۇ هاياجىنىنى باسالماي يىغلاۋات- قاندۇر...

ماشىنا كۆل بويىغا يېتىپ كەلگەندە، رامىلە ماشىنىنى قو- پاللىق بىلەن تورمۇزلىدى - دە، بېشىنى رولغا قويۇپ يىغلاشقا باشلىدى. شۇ تاپتا مەن نېمە دەپ، نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم. بىر چاغدا ئۇ بايىقى سومكىسىدىن بىر بوتۇلكا ئاق هاراقنى ئالدى - دە:

— تاهىر ئاكا، ئالدى بىلەن هاراق ئىچەيلى، هاراق! — دېدى ئەسەبىي ئاۋازدا ۋە هاراقنى بوتۇلكىسى بىلەنلا غورتۇلدىتىپ ئىچكىلى تۇردى. مەن كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا قاراپلا قالدىم ۋە ئۇنىڭ ئىچىشى هېچ توختىمىغاندىن كېيىنلا قاتتىق ئاۋازدا ۋارقىرىۋەتتىم.

— رامىلە! بۇ زادى نېمە قىلىق، قىز بالىمۇ ئاق هاراق ئىچەمدۇ؟!

— مە، تاهىر ئاكا، سەنمۇ بىر يۇتۇۋال!

— مەن ئىچمەيمەن، كىچىك دادام بىلىپ قالسا سەت ئەمەسمۇ؟

— سەن تولىمۇ ئەخلاقلىق جۇمۇ، تاهىر ئاكا، يەنە تېخى ۋەدىگىدە تۇرۇپ مېنى ئۇنۇتماپسەن. لېكىن ...— رامىلە يەنە ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

— رامىلە، زادى نېمە بولدى سىزگە؟ بولدى يىغلىماڭ. ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. هازىر ماڭا سىزنىڭ يىغىڭىز كېرەك ئەمەس، بىز بولغۇسى تويىمىز هەققىدە پاراڭلىشايلى، بولامدۇ، رامىلە؟

— توي! قايسى تويىنى دەيسەن، تاهىر ئاكا؟ — رامىلە

بىر دىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — ئىككىمىزنىڭ تويىنى دەمـ
سەن؟ — راملەنىڭ قاقاقلىغان كۈلكىسى يەنە ھەسرەتلىك يىغىـ
غا ئالماشتى.

نېمىسىنى ئېيتاي، راملەنىڭ روھىي ھالىتىدىكى غەلىتىـ
لىك مېنى چىگىش سوئاللار قاينىمىغا سۆرەپ كېتىۋاتاتتى.

— ھەي، تاھىر ئاكا، سەن ھازىر مېنى يەنە بۇرۇنقى
سەبىي، پاك راملە كۆرۈۋاتامسەن؟ بىلىۋاتامسەن، ھازىر مېنىڭ
ئاپامنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ تۇرۇشقىمۇ ۋىجدانىم چىدىمايدۇ.
چۈنكى مەن ئۇنىڭ روھى ئالدىدا ئەيىبلىك، سېنىڭ ئالدىڭدىمۇ
ھەم شۇنداق. ئاۋۋال سەن مېنىڭ يۈرەك سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ
باققىن، — راملە ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋېلىپ سۆزلەشكە باشلىـ
دى، — سېنىڭ ھەربىي سەپكە كەتكىنىڭگە خېلى ئۇزۇن بولۇپ
قالدى. دەسلەپ سەن بىلەن خەت ئالاقە قىلىشىپ تۇرغان بولساقـ
مۇ، كېيىن سەندىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدىم. خەتلىرىڭمۇ
ئۈزۈلۈپ قالدى. ئالدىنقى يىلى ئاپام ئاغرىپ سەكراتتا ياتقىنىدا
مېنى ئايرىم يېنىغا تارتىپ، «قىزىم، بالىلىرىمنىڭ چوڭى
سەن، مېنىڭ كۆزۈم يۇمۇلسا، ئۆيىنىڭ پۈتۈن ئېغىر ـ يېنىك
ئىشلىرى سائىلا قالىدۇ. تاھىر ئاكاڭمۇ بىر كەلمىدى. ئەسلىدە
كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا ئىككىڭلارنىڭ تويىنى قىلىپ قويۇش
ئارزۇيۇم بار ئىدى، لېكىن خۇدا مېنى ئارزۇيۇمغا يەتكۈزمىدى.
مېنىڭدىن ئايرىلساڭ ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمە، جاپاغا چىدا، ئۈمىدـ
ۋار بولغىن، بالىلىرىمنىڭ ئىچىدە سېنىلا مەكتەپتە ئوقۇتالىدىم.
ئۆزۈڭمۇ ئەقىللىق چوڭ بولدۇڭ، ئىككى سىڭلىڭ بىلەن ئىنىڭـ
نى ياخشى تەربىيىلە. داداڭ ئاغرىقچان بولۇپ قالدى. تاھىر
ئاكاڭنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ تۇرغىن، ئۇ ۋاپاسىز يىگىت
ئەمەس...» دېدى. بۇ گەپلەرنىڭ ئاپامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىـ
يەتلىرى ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي. ئارىدىن نەچچە مىنۇت ئۆتـ
مەيلا بىچارە ئاپام مېنىڭ قۇچىقىمدىلا جان ئۈزدى، تاھىر

ئاكا...

راملە كۆكرەكىمگە بېشىنى قويۇپ شۇنچىلىك ئېزىلىپ يىغلىدىكى، مەنمۇ ئۆزۈمنى باسالماي تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتىم، راملەنىڭ كۆز ياشلىرى مېنىڭ گالىستۇكۇمغا تامچىلايتتى، مېنىڭ كۆز ياشلىرىم ئۇنىڭ ئەتىر ھىدى پۇراپ تۇرغان چاچلىرىغا تامچىلايتتى.

— راملە، ئەمدى كىچىك ئاپامنىڭ گېپىنى قىلمايلى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ روھى قورۇنۇپ كېتىۋاتىدۇ، — مەن راملەنىڭ يۈزلىرىنى ئۆزۈمگە قارىتىپ، قىزىپ كەتكەن مەڭزىگە مەڭزىمنى ياقماق بولدۇم. لېكىن ئۇ قۇچىقىمدىن قوپاللىق بىلەن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، يەنە ھاراق ئىچىشكە تەمشەلدى. ئەمدى قىلچە تاقەت قىلالمىدىم ـ دە، ئۇنىڭ قولىدىكى بوتۇلكىنى يۇلۇپ ئېلىۋېلىپ، ماشىنا دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىتىپ ئاتتىم. تۇيۇقسىز راملە چاچلىرىنى قاماللاپ يۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى:

— مۇشۇ تاپتا ئاپامنىڭ روھى قورۇنماق تۇگۇل، ئازاب ئىچىدە تولغىنىپ ياتالمايۋاتقاندا! سەن نېمىشقا مېنى ھاراق ئىچكىلى قويمايسەن، تاھىر ئاكا!

— سىز مۇنچىۋالا قىلىپ كەتكۇدەك زادى نېمە ئىش بولدى؟ تېزرەك دېمەمسىز! — مەن ئاخىرى ئاچچىق ئارىلاش قاتتىق ۋارقىرىۋەتتىم.

— دەيمەن، تاھىر ئاكا، دەيمەن، — راملە يىغىسىنى توختىتىپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — مەن پەقەت شۇ گەپلەرنى دېيىش ئۈچۈنلا سىزنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلدىم. ھەي، ھەممە ئىش بىزنىڭ تەلەيسىزلىكىمىزدىن بولدى. تاھىر ئاكا، سەن كېتىپ بىر يىلدىن كېيىنلا يېزىمىزدا يەرلەرنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. يەرلەرنى تەقسىملەشتە بىزنىڭ ئائىلىگە چىققىنى چاپسا كەتمەن ئۆتمەيدىغان، ئاسانلىقچە سۇ چىقمايدىغان يەرنىڭ چېكى بولدى.

ئۇ يەرگە ئۈچ يىل جاپالىق ئىشلىگەن بولساقمۇ تۈزۈكرەك ھوسۇل ئالالمىدۇق. تاپقىنىمىز يېزىغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئاشلىق بىلەن قورساققىمۇ يەتمىدى.

ئەھۋالىمىز كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلاشقا باشلىدى. ھەتتا توك باشقۇرغۇچىلارمۇ ئايلىق توك پۇلىنى تۆلىمىدىڭلار دەپ، توك سىمىنى كېسىپ قاراڭغۇدا قويدى. ئاخشاملىرى ھەممىمىز ئۆچۈپ قالاي دەپ تۇرغان جىنچىراغقا قاراپ قالدۇق. ئاخىر ئۆيدە پۇلغا يارىغۇدەك بارلىق بىساتلارنى سېتىپ، كىچىك ئىنىمغا بىر ئېشەك ھارۋىسى ئېلىپ بەردۇق. بىچارە ئۇكام ئوقۇشتىن قېلىپ، كۆمۈرچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى ئاشۇ ئۇكامنىڭ قولىغا قاراپ قالدۇق. دادام پۇت ـ قولى، بېلى سىرقىراپ ئاغرىيدىغان بولغاچقا كەچكىچە ئاپام ئىككىمىزنى تىللاپ، قارغاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بولۇۋالدى. ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە ئاپام ئاغرىپ ئىككى يىل كېسەل ئازابى تارتقاندىن كېيىن قازا قىلىپ كەتتى. ئاپامنىڭ چىرىغى ئۆچۈش بىلەن تەڭلا ئائىلىمىزنىڭ ئەھۋالى يامانلىشىشقا باشلىدى. بەزىدە نەچچە ـ نەچچە كۈن ئاچ قېلىپ، تاپساق يەيدىغان، تاپالمىساق ئاچ يۈرىدىغان بوپ قالدۇق. تاھىر ئاكا، سەن ھەقىقىي ئاچ قېلىپ كۆرمىدىڭ.

مەن ئاشۇ يامان كۈنلەردە ساڭا ئىككى پارچە خەت يازدىم، لېكىن سەندىن جاۋاب كەلمىدى. ئەسلىي سېنىڭ خەتلىرىڭنى ھېلىقى گۈلبوستان بىلەن ئىككى سىڭلىم تىللىرىنى بىر قىلىۋېلىپ ماڭا بەرمىگەنىكەن. شۇ كۈنلەردە ئىككى سىڭلىممۇ بويىغا يېتىپ، ھە دېسىلا مەن بىلەن تاكاللىشىدىغان، ئۇرۇشىدىغان بولۇۋالدى. «ھەي، — دېدى بىر قېتىم چوڭ سىڭلىم قىلچىلىك ئۇيالماستىنلا، — سېنى ‹ھەدە› دېيىشتىنمۇ نومۇس قىلىدىغان بولدۇق، ھازىر ساڭا ياش يىگىتلەر ئەمەس، ئىككى بالىسى بىلەن

خوتۇننى باقالماي ئۆيىدىن قوغلىۋەتكەن ئەرلەر ئەلچى قويۇۋاتىدۇ. سەن ئۆزۈڭچە ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېگەندەك، تاھىر ئاكامدىن ئۈمىد كۈتۈپ يۈرەمسەن تېخى، ھالىڭغا بېقىپ ئىش قىل، قارا ئۇنىڭ تۇرقىغا، خۇددى گېنېراللاردەك تۇرىمامدۇ!»

ئۇنىڭ قولىدا بىر پارچە سۈرەت تۇراتتى. كۆلۈپ تۇرغان قامەتلىك تۇرقۇڭ بىلەن راستتىنلا گېنېراللارغا ئوخشاپ قاپسەن. «ئەكىلىش، سۈرەت بىلەن خەتنى، ۋۇي ئىپلاسلار!» دەپ ۋارقىرىدىم. ئۇلار خەتنى يوق قىلىۋەتكەنىكەن. سۈرەتنى ماڭا تاشلاپ بېرىپ، «ئالەۋۇي، ئال، چېكەڭگە تېڭىۋال، ئۆرگىلەي، سېنىڭ خىياللىرىڭنىڭ شېرىنلىكىدىن، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان يۈزۈڭنى قىلىپ كەلگەننى بىلمىدىڭ، ئەمدى ساڭا قارىيالمايمىز، ھازىر مەن ئەمەس، ئاۋۇ كىچىك سىڭلىمغىمۇ ئەلچى كىرىۋاتىدۇ. قىز بالا دېگەن ھامان تالانىڭ ئادىمى، خەقنىڭ گەپ - سۆزىگە قالماي دېسەڭ، تېزرەك جايىڭنى تاپ، سەن بۇ ئۆيدە سىغىپ ئىچىدىغان كالا ئەمەس...» دېگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭغا نېمىمۇ دېيەلەيتتىم. مەن سېنىڭ سۈرىتىڭنى باغرىمغا بېسىپ، ئىچ - قارنىم بوشىغىچە يىغلىدىم شۇ...

راملە گېپىنى توختىتىپ بىردەم جىمىپ قالدى. ماشىنىنىڭ ئىچىنى جىمجىتلىق باستى، ئۇ يەنە ھاراق ئىچمەكچى بولغاندەك ھەدەپ سومكىسىغا قارايتتى. مەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى يۇراپ تۇرۇپ:

— كېيىنچۇ، كېيىن قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدىم.

— كېيىن ئىككى سىڭلىم بىز بىلمەيدىغان، تونۇمايدىغان ئادەملەرنىڭ باللىرى بىلەن قېچىپ كەتتى. دادام ئىككىمىز يىغلاپ - قاقشاشتىن باشقىنى بىلمىدۇق. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپلا بىرى قورساق كۆتۈرۈپ، يەنە بىرى بالىسىنى قۇچاقلاپ

قايتىپ كېلىشتى. بىچارە دادام خەلقئالەم ئالدىدا نومۇس قىـ
لىپ، ئاچچىقىغا هاي بېرەلمەي هەر ئىككىسىنى ئۆيدىن قوغلاپ
چىقاردى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ نېمە كۈنلەرنى كۆرگەنلىكىنى بىر
خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ. كېيىن ئۇقساق هەر ئىككىسى ئۆزلىرىـ
نىڭ دادىسىدەك ئادەملەر بىلەن تۇرمۇش قۇرۇۋاپتۇ. يامانىنىڭ
ئوتى راستتىنلا يامان بولىدىكەن. ئاجىز قېرىنداشلىرىمكەن،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپامنىڭ ۋەسىيەتلىرى هېلىدىن ـ هېلىغا قولىـ
قىم تۈۋىدە ئاڭلانغاندەك بولىدۇ. شۇڭا هازىرغىچە ئۇلارنى ئىزـ
دەپ هالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىمەن.
شۇنداق قىلىپ تاهىر ئاكا، بىزنىڭ ئائىلىمىز خارابلاشتى.
ئېغىر يوقسىزچىلىق بىزنى ئىگىرىتىۋەتتى. بىر كۈنى مەن يېزا
رەهبەرلىكىگە يەنە بىر هال ئېيتىپ بارماقچى بولدۇم. پۈتۈمغا
كىيگۈدەك ئايىغىم بولمىغاچقا، دوستۇم گۈلبوستاننىڭ ئايىغىنى
سوراش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇ ئۆيىدە ئۆزى يالغۇز
لەۋلىرىنى بوياپ ئولتۇرغانىكەن. مېنىڭ كىرىشىم بىلەنلا خۇددى
مەقسىتىمنى بىلگەندەك سۆزلەپلا كەتتى:
«هە، رامىخان، يەنە نېمە سوراپ كىردىڭ، ئاچ قالدىڭمۇ
ياكى كىيىم سوراپ كىردىڭمۇ؟ مەن هازىرلا باغقا باراي دېۋىدىم،
سېنىڭ مەن بىلەن بىللە بارغۇڭ كېلىپ قالدىمۇ ـ يا؟ — ئۇ
ئەتەي چامادانىنى ئېچىپ قات ـ قات كىيىملەرنى ئېلىپ بەدىنىگە
تۇتۇپ كۆرگىلى تۇردى، — هە، جىمىپ كەتتىڭغۇ، رامىلە،
دېگىنە بۇ كىيىملەرنىڭ قايسىسىنى كىيسەم بولار؟»
«مۇنچىۋالا دەپ كەتمە، ئاداش، مۇنداق غۇربەتچىلىكلەر
بىزنىڭ بېشىمىزدىنمۇ كېتەر···»
«سەن ئەخمەق باشتىلا مېنىڭ گېپىمگە كىرگەن بولساڭ
مۇنداق موهتاجلىقلارغا قالمىغان بولار ئىدىڭ، سېنىڭ گۈزەل
جامالىڭلا بولۇپ قالماي، ئەقىلدىمۇ مەندىن ئۈستۈن ئىدى، هاـ
زىرچە؟ خۇددى يىلتىزى سېسىغان دەرەختەك سارغىيىپ قاپـ

سەن! ھەي، ئىسىت، سېنىڭ گۈزەل ياشلىقىڭ... دېگىنە، نېمىگە موھتاج بولۇپ كىرگەنىدىڭ؟»

«مۇشۇ كۈنلەردە دىلىم بەك سۇنۇق، باشقىلارنىڭ ئارتۇق-ئېغىر گەپلىرىنى كۆتۈرەلمەيمەن، ئاياغ سوراپ كىرىۋېدىم، كىرگىنىمگە تويدۇم...»

«رەنجىمە، ئاداش، رەنجىمە... كارىۋاتنىڭ ئاستىدىكى ئاياغ-لاردىن خالىغىنىڭنى ئېلىپ كىيىۋەرگىن، نەگە بار-ماقچىدىڭ؟»

«يېزا رەھبەرلىرىگە يەنە بىر ھال ئېيتىپ باقاي دېۋىدىم.»

«ئەخمەق، ئۇچىغا چىققان ئەخمەقتە سەن. مۇشۇ كۈندىكى كادىرلار سېنىڭ ھالىڭغا قارىمايدۇ، ئاۋۇ ساغراڭغا قارايدۇ، ساغراڭغا... ئىشەنمىسەڭ بېرىپ باق، قۇرۇق ياغلىما گەپلەرنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈڭنى مۇزدەك سوۋۇتۇپ كېلىسەن. شۇ. ئىسىت، مېنىڭ قاش-كۆزلىرىم سېنىڭكىدەك قاپقارا، چىرايىم سېنىڭ-كىدەك قاملاشقان بولسا، نى-نى پۇللۇق خوجايىنلارنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان بولار ئىدىم. ھازىرچۇ، پۇللۇق خوجايىنلارلا ئەمەس، دۆلەت كادىرلىرىنىڭ بىر قىسمىمۇ ياش قىزلار بىلەن مەخپىي نىكاھ قىلىۋالىدىغان بولدى. پەم بىلەن ھېچكىمگە سەز-دۈرمەي ئۇلارنى قولغا چۈشۈرۈۋالىدىغان بولساڭ، خەجلىشىڭ تۈگىمەس پۇل، يېيىشىڭ ئېسىل تائام. ھازىر خەق پۇل تېپىش ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلمايۋاتىدۇ دەيسەن. ئادەم بۇ دۇنياغا ئىككىنچى قېتىم تۆرەلمەيدۇ، راستلا، ياشلىق باھارىڭنى خاراب قىلماي، بىر كۈن بولسىمۇ ئۇينىۋالغىنىڭ ياخشى...»

«سېنىڭ ئېغىزىڭدىن دائىم مۇشۇنداق گەپلەر چىقىدۇ، بولدى، سەن ئاشۇنداق ھەشەمەتتە ياشاپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈۋال، ئەسلىگۇ كىرمەي دېۋىدىم.»

مەن بۇرۇلۇپلا ئىشىككە مېڭىۋېدىم، ئۇ كاپ قىلىپلا بىلە-

كىمدىن تۇتۇۋالدى.

«رەنجىمە ئاداش، سېنى نېمە دەيدىكىن دەپ ئەتەي چېقىشىپ قويدۇم. بۇ گەپلىرىمنى باشقىلارغا ھەرگىز دەپ سالما. راست، ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، بىزنىڭ زاۋۇت يېڭى ئىشچى قوبۇل قىلماقچى. مەن سەن توغرۇلۇق مۇچاڭجاڭغا ئېيتىپ قويدۇم. ئىككىمىزنىڭ تۇتقان يولىمىز بىر بولمىسىمۇ، بىر ئۇستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولدۇق، بىللە ئوقۇدۇق، مېنىڭ ھەر ۋاقىت ساڭا يار - يۆلەك بولغۇم كېلىدۇ، ئاداش.»

بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن ناھىيىمىز بىزنىڭ يېزا تەۋەسىدە خېلى چوڭ تېپتىكى زىغىر تالاسى زاۋۇتى قۇرغان، گۈلبوستان شۇ زاۋۇتتا ئىشلەۋاتاتتى.

«زاۋۇتتىكىلەرنىڭ ئىشىنى مەنمۇ ئاڭلىغان، بىراق ئىشى بەك ئېغىر، مائاشى بەك تۆۋەن دەيدىغۇ؟...»

«ئۇ تەرەپلىرىدىن غەم يېمە، مەن قىزلار گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغاندىكىن سېنى ئۆز گۇرۇپپامغا ئەكىرىۋالىمەن.»

«ئۇنداق ياردىمىڭ بولسىغۇ مەيلىتتى، ئىش ھەر قانچە ئېغىر بولسىمۇ ھالال پۇل تېپىپ پاك ياشاشنى خالايتىم.»

«ئۇ ئۇزۇڭنىڭ ئىشى، جۇرە ھازىرلا بارايلى، خىجالەت بولماي مېنىڭ كىيىملىرىمدىن خالىغىنىڭنى كىيىپ ياسىنىۋال، تېز بول.» شۇنداق قىلىپ، مەن ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتىنىڭ ئارقىسىغا ئولتۇرۇپ زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا باردىم. مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى مۇسا ئىسىملىك ئاق پىشماق كەلگەن سېمىز غىنا ئادەم ئىكەن، گەپ قىلغاندا بىر كۆزىنى قىسىۋېلىپ، بىر كۆزى بىلەن يەر تېگىدىن قاراپ گەپ قىلىدىكەن. گۈلبوستان ئۇنىڭغا قاراپ سەل نازلىق تەلەپپۇزدا:

«بۇياق مېنىڭ دوستۇم راملە بولىدۇ، ئۇلۇشكۇن سىزگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن قىز مۇشۇ. غەمخورلۇق قىلىپ

قويارسىز - ھە مۇچاڭجاڭ» دېدى - دە، كۆزلىرىنى قىسىپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى.

مۇچاڭجاڭ ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ، بىر كۆزى بىلەن بېشىمدىن ئايىغىمغىچە سەپسالدى.

«سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى گۇلبوستاندىن ئاڭلىغانىدىم، مېنىڭ سىزدەك ئېغىر قىيىنچىلىقتا قالغان قىزلارغا بەكمۇ غەمخورلۇق قىلغۇم كېلىدۇ. ئوقۇش مەلۇماتىڭىز بارمۇ؟»

«بار، تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن، يەنە…»

«ھە، بولدى، ئەتىلا كېلىپ رەسمىيەت ئۆتەڭ.»

ئىشىمنىڭ شۇنچە ئاسان پۈتكىنىدىن تەنلىرىم بىرخىل خۇشاللىق سېزىمىدا جۇغۇلداپ كەتتى.

«رەھمەت ئاكا، رەھمەت، سىزنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ئۆلسەممۇ ئۇنۇتمايمەن.» مەن كۆزلىرىمگە لىق ياش ئالغىنىمچە ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتىم.

شۇنىڭ بىلەن مەن باشقىلاردەك «ئارقا ئىشىك» ماڭمايلا ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىندىم. تۇنجى مائاش ئالغان كۈنۈم خۇشاللىقىمدىن تا يېرىم كېچىگىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. بۇنچىلىك پۇلنىڭ ماڭا تەۋە ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەندەك پات - پات يانچۇقۇمنى تۇتۇپ قوياتتىم. بۇ خۇشاللىقىم ساڭىمۇ ئورتاق بولسۇن دەپ، شۇ كېچىلا ساڭا خەت يازدىم. لېكىن ئۇ چاغدا سەن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەتكەنىكەنسەن، خېتىم نەچچە كۈن ئىچىدىلا قولۇمغا قايتىپ كەلدى.

ئارىدىن تۆت ئاي ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇسا چاڭجاڭ مېنى ئۆيىگە چاقىرىپتۇ. ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە بارغىنىمدا ئۇ يالغۇز ئولتۇرغانىكەن. مېنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى:

«كېلىڭ، كېلىڭ، ھازىرلا سىزنى ئويلاپ ئولتۇراتتىم. قېنى ساپاغا ئولتۇرۇڭ» دېدى ئۇ ئىشكاپىدىن ھاراق ئېلىپ

رومكىسىغا قويغىنىچە ماڭا يەر تېگىدىن قاراپ.

مەن سەل ئەيمىنىپراق ساپاغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

«سىزنى چاقىرتىشىمنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز، راملە؟»

«ياق بىلمەيمەن.»

مۇسا چاڭجاڭ ھارىقىنى ئىچىۋېتىپ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى.

«قاراڭە راملە، زاۋۇتىمىز يېقىندىن ئىككى نەپەر ئايال شوپۇر تەربىيىلىمەكچى بولۇۋاتىدۇ. مەن سىزگە يەنە بىر چوڭ ياخشىلىق قىلاي دەپ، بۇ ئىشنى باش چاڭجاڭنىڭ ئېغىزىدىنمۇ ئۆتكۈزۈپ قويدۇم. راست، بۇ ئىشنى گۇلبوستانغا ھەرگىز دەپ سالماڭ جۇمۇ... شۇنداق قىلىپ شوپۇر بولۇپ قالسىڭىز ماشى- نىنىڭ ئىككى چاقى ھۆكۈمەت ئۈچۈن ئايلانسا، ئىككى چاقى سىزنىڭ مەنپەئەتىڭىز ئۈچۈن ئايلىنىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ كەسىپ سىزگە تولىمۇ يارىشىدۇ. بىراقزە راملە، ئىشچى بولۇۋېلىپلا مېنى ئۇنتۇپ كەتتىڭىز!؟» ئۇ كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ بۆلەكچە- لا ھىجايدى.

«ئۇنتۇمىدىم، مۇسا ئاكا، ياخشىلىق قىلغان ئادەمنى ئۇن- تۇپ قالىدىغانمۇ ئىش بولامدۇ؟»

«سىلەر دېھقان قىزلىرىغۇ بەك ساداقەتمەن كېلىسىلەر، بالىلىرىمنىڭ قارشىلىقىدىن قورقمىسام، ھېلىقى شەھەرلىك ۋات - ۋات خوتۇننى قويۇۋېتىپ، سىلەردەك قىزلاردىن بىرنى ئېلىۋالغان بولار ئىدىم... مۇشۇ كۈنلەردە بەك گۈزەللىشىپ كېتىۋاتىسىز راملە، بايقىشىمچە، زاۋۇتتىكى يىگىتلەر سىزگە كۆز سېلىپ يۈرۈۋاتىدۇ. بىرەرىگە كۆڭۈل بەرمىگەنسىز، ھە؟»

«ياق، مېنىڭ ۋەدىلىشىپ قويغان يىگىتىم بار، مۇسا ئاكا.» مەن بۇ گەپنى تولىمۇ خىجالەتچىلىكتە قىينىلىپ تۇرۇپ دېدىم.

«يىگىتىڭىز نەدە؟»

«ئۆرۈمچىدە ھەربىي سەپتە...» ئۇ ئىچكىرىلەپ سورىغانسې-
رى يۈرىكىم بىر يامان ئىشنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك ئەنسىز
دۈپۈلدىگىلى تۇردى.

«قويۇڭە رامىلە، ئۆرۈمچىگە كەتكەنلەرنى ساقلاپ ئاۋارە
بولماڭ. مەن سىزگە راسا كېلىشكەن يىگىتتىن بىرنى تېپىپ
بېرىمەن، — ئۇ رومكىسىغا يەنە ھاراق قۇيغىلى
تۇردى، — ئازراق ھاراق ئىچىپ باقامسىز، ئاقنى ئىچمىسىڭىز
قىزىلنى ئىچىڭ...»

«ياق، ياق، مەن پەقەتلا ھاراق ئىچىپ باقمىغان.»

«گۈلبوستان بىلەن دوست تۇرۇپ ئىچمەمسىز! ئۇ قىزىل
ئەمەس، ئاقنىمۇ ئىچىدۇ، ئىچىۋالغاندا تانىسىنى قەۋەتلا سىلىق
ئوينايدۇ.»

مەن شۇ چاغدىلا مۇ چاڭجاڭ بىلەن گۈلبوستاننىڭ غەيرىي
ئالاقىسى بارلىقىنى سەزدىم. ئۇنىڭ قىزلار گۇرۇپپىسىنىڭ باش-
لىقى بولۇۋېلىپ كۆرەڭلەپ يۈرگىنى بىكار ئەمەسكەندە... مۇنۇ
مۇساكام قانداق ئادەم زادى؟ ئىلگىرى ئۇنى تولىمۇ كۆيۈمچان.
ئۆز ئاكامدەكلا كۆرۈۋېدىم، تاپتىن چىققان غەلىتە گەپلەرنى
قىلىشىغا قارىغاندا...

مۇسا چاڭجاڭ رومكىسىدىكى ھاراقنى ئىچىۋەتكەندىن كې-
يىن، ئىشكاپ ئىچىدىن بىر سىن لېنتىسىنى ئېلىپ سىنقويغۇغا
سالدى. شۇ ھامان تېلېۋىزور ئېكرانىدىن قىپيالىڭاچ بىر ئەر
بىلەن بىر قىزنىڭ قەۋەتلا يىرگىنچلىك سەت قىلىقلارنى قىلىۋات-
قان كۆرۈنۈشى چىقتى. ئىلگىرى گۈلبوستاندىن مۇشۇنداق شەھ-
ۋانىي سىن لېنتىلىرىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان، لېكىن، ئىشەن-
مىگەن ئىكەنمەن. مانا ھازىر كۆزۈمنىڭ ئالدىدىلا... مەن كۆزلى-
رىمنى دەرھال ئېكراندىن قاچۇرۇپ، چاچراپ ئورنۇمدىن
تۇردۇم - دە، ئىشىككە ئوقتەك ئېتىلدىم. بىراق مۇسا چاڭجاڭ
مەندىن بالدۇر ئىشىكنى توسۇپ تۇرۇۋالدى.

«رامىلە، — دېدى ئۇ ھەجىيىپ تۇرۇپ، — مانا بۈگۈن ياخشىلىقلا جاۋاب قايتۇرىدىغان ۋاقىت كەلدى، سىز ھېچ بولمىغاندا مەن بىلەن بىردەم - يېرىمدەم تانسا ئويناپ قويارسىز.»

«ياق، مۇ چاڭجاڭ، مەن تانسا ئويناشنى پەقەت بىلمەيمەن. ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى كەتكىلى قويۇڭ. بولمىسا بىكاردىنلا ئۇياتقا قالىسىز!...»

«ھازىر بۇ ئۆيدە مەندىن باشقا ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرمەيۋاتامسىز، رامىلە.»

مەن دەرھال بىلىكىمدىكى يېڭىلا ئالغان، قوناقچىلىق يۈزى بار سائىتىمنى چىقاردىم.

«مەڭ، مۇ چاڭجاڭ، بۇ سائەتنى قىزىڭىزغا تاقاپ قويۇڭ. ئۆلمىسەم ياخشىلىقىڭىزنى قايتۇرىدىغان كۈنلەر يەنە بار...»

«ماڭا بۇنداق تۆمۈر كېرەك ئەمەس، رامىلە...» ئۇ قولۇمدىكى سائەتكە قاراپمۇ قويماي، ئېتىلىپ كەلگىنىچە بېلىمدىن قاماللاپ تۇتۇپ، كارىۋىتىغا باستى. نېمىسىنى دەي، شۇ چاغدا بىر ئاجىز قىز ئۆزى خالىمىغان بىر يىرتقۇچ ئەرنىڭ قارمىقىغا چۈشكەندە قىلىشقا تېگىشلىك قارشىلىقنىڭ بارىنى قىلدىم، ئۆزۈمنىڭ ئاجىزلىقىمغا تەن بەرگەندە يەر يۈزىدە قىيامەت قايىم بولۇشىنى تىلىدىم. بىر كەمدە ھوشۇمغا كەلسەم، ئاللىقاچان بىر يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ تەملىك ئوزۇقىغا ئايلىنىپ بولغان ئىكەنمەن...

ئاھ، خۇدا، بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟! يېنىمدا دەھشەت بىلەن پارتلىماقچى بولغان بومبىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى خالىمىغاندەك، قۇلاقلىرىمنى چىڭ ئېتىۋالدىم، ھەتتا قۇلاقلىرىمنى يۇلماقچى بولغاندەك تارتقۇشلىدىم. لېكىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان قۇلاقتا نېمە گۇناھ، ئەنە كۆزلىرىمدە ئوت يېنىپ، بېشىمدا چاقماق چېقىلىۋاتىدىغۇ مېنىڭ...

— مەن روھى پۈتۈنلەي ئۆلگەن بىر قىزمەن. تاھىر

ئاكا، — ئەمدىلىكتە راملەنىڭ سۆزلىرى قۇلاقلىرىمغا ھەرە غوڭۇلدىغاندەك ئاۋازدا ئاڭلىنىشقا باشلىدى، — شۇڭا نومۇس، ھايانى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ساڭا بۇ گەپلەرنى دەۋاتىمەن. شۇ كۈنى كېچە ئۆيگە قانداق بارغانلىقىمنى بىلمەيمەن. تەقدىرنىڭ ماڭا، مەندەك بىر ئاجىزغا قىلغان رەھىمسىزلىكى ئۈستىدىن زارلىدىم، قاقشىدىم، كۆزۈمنى يۇمساملا بايىقى قاباھەتلىك كۆ-رۈنۈش... ئويغاق تۇرۇپ، ئۇخلاۋاتقان ئادەمدەك جۆيلۈدۈم. ئا-خىرى ئۆلۈۋېلىپلا ئۆلۈكۈم ئارقىلىق رەھىمسىز قىسمەتلەرگە شىكايەت قىلىش قارارىغا كېلىپ كۆزۈمنى ئاچتىم. بىراق كارد-ۋىتىم ئالدىدا كىچىككىنە بىر قارا گەۋدە كۆزلىرىنى مۆلدۈرلە-تىپ، ماڭا بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ كىچىك ئىنىم بولۇپ، خاڭدىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەنىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئېقىدىن باشقا ھەممە يېرى قاپقارا بولۇپ، قەۋەتلا جۇدەپ كەتكەن-لىكىدىن ئارانلا يەر دەسسەپ تۇرۇپتۇ. ئۇنى بار كۈچۈم بىلەن ئۆزۈمگە تارتىپ باغرىمغا باستىم، بىر چاغدا ھېچ توختىمايۋاتقان كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈش ئۈچۈن قولياغلىقىمنى ئالماق بولۇپ قولۇمنى يانچۇقۇمغا سالسام بىر پارچە خەت چىقتى. بۇنى بايا ھوشۇمدىن كەتكىنىمدە مۇسا دېگەن ئەبلەخ سېلىپ قويغان چې-غى. خەتتە:

«راملە، ئالدىڭىزدا ئىككى يول تۇرۇپتۇ. بىرى، غەم - قايغۇسىز، بەختلىك ياشاش يولى، يەنە بىرى، ئۆزىڭىزنى خەلق-ئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىش يولى. ناۋادا ئەقىلسىزلىك قىلىپ ئەرز قىلىپ قالسىڭىز، ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىز بەدىلىگە ئۆزۈمنى سىزگە ئاتىدىم، دەپ ماڭا چاپلىشىۋالدى، دەيمەندە، ئىش تاماملىنىدۇ!» دەپ يېزىلىپتۇ.

«ھۇ، ھايۋان!» دېدىم ئىچىمدە. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم غەزەپ-تىن تىترەپ، قولۇمدىكى قەغەزنى تىتما - تىتما قىلىۋەتكەنلى-كىمنى سەزمەي قاپتىمەن. دېمىسىمۇ شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغا تەڭ

كېلىش ھەقىقەتەن تەس ئىدى. ئەرز قىلسانىلا، مېنى خەلقئالەم ئالدىدا باش كۆتۈرگۈسىز قىلىۋېتىش ئۈنىڭ ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى. زادى قانداق قىلىش كېرەك؟

ئارىدا بوسۇغا ئاتلاپ سىرتقا چىقماي بىر ھەپتىنى ئۆتكۈز-دۈم. بىر كۈنى كەچتە باش - كۆزلىرىمنى يۇيۇپ تاراپ، چىراي-لىق كىيىندىم - دە، ئۆيدىن چىقىپ ئۇدۇل مۇچاڭجاڭنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ، دەرۋازىنى قاقتىم. ئۇ ئۆيىدە يەنە يالغۇز ئىكەن. مېنى كۆرۈپ، ئاجايىپ بىر مۇلايىم قىياپەتتە ئۆيىگە باشلىدى. مېنىڭ ئەرز قىلمىغانلىقىمدىن خۇش بولدىمىكىن، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، دەرھال ئىشكاپىدىن ھاراق ئېلىپ رومكىسىغا قۇيغىلى تۇردى. يۈرىكىمدە ئۇنىڭغا غەزەپ - نەپرىتىم ئۆرلەپ تۇرسىمۇ، قىلچە چاندۇرمىدىم ۋە:

«ماڭىمۇ بىر رومكا ھاراق بېرىڭە!» دېدىم كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ.

مانا شۇنىڭدىن بۇيان دەردمەن ئەرلەر دەردىنى ھاراقتىن ئالغاندەك، مەنمۇ دەردىمنى ھاراقتىن ئالىدىغان بولدۇم. «رە-ھىمسىز قېرىنداشتىن دۈشمەن ئەلا» دېگەن سۆز بىكار ئېيتىلمى-غان ئىكەن. مېنىڭ غۇنچىدەك باھارىمنى ئۆمۈرلۈك نابۇت قىلى-ۋەتكەن ئۇ ئەبلەخ شۇنىڭدىن كېيىن ماڭا قىلىدىغان ياردىمنى قىلچە ئايىمىدى، ھەتتا ئۆزى يول مېڭىپ، شەھەردە ئېلىنغان شوپۇرلۇق ئىمتىھانلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ قويدى.

مەن ئەمدىلىكتە پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەنىدىم، قانداقلا يول بى-لەن بولمىسۇن پۇل تېپىپ تۇرمۇشىمىزنى ياخشىلاشنىڭ كويىدا بەزىدە ئۇنىڭغا ئورۇنسىز تەلەپلەرنى قوياتتىم. ئۇ تولا ھاللاردا مېنىڭ ماشىنامدا ئولتۇرغاچقا، ئۇنىڭ نەلەردە يۈرۈپ، نېمە ئىشلارنى، قانداق ئوقەتلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى بەش قولدەك بى-لىپ تۇراتتىم. بۇنداق ياخشى شارائىت مېنىڭ يانچۇقۇمدىكى پۇلنى خېلىلا كۆپەيتتى. ئۇ راستتىنلا توغرا ئېيتقانىكەن، ماشى-

نامنىڭ ئىككى چاقى ھۆكۈمەت ئۈچۈن پىرقىرىسا، ئىككى چاقى ئۆزۈم ئۈچۈن پىرقىرايتتى. ئىشقىلىپ تېزلا باي بولۇشقا يۈزلەندىم. ئارقامدىكى ئىككى سىگىلمىغىمۇ زاۋۇتتىن ئىش تېپىپ بەردىم. كۆمۈرچىلىك قىلىپ يىلىكى ئۈزۈلۈپ كەتكەن بىچارە ئىنىمنى قايتا مەكتەپ قويىنىغا كىرگۈزدۈم. تېخى ئۇنىڭغا ئاتاپ خىش بىلەن بىر ئېغىز چوڭ ئۆيمۇ سالغۇزدۇم. تونۇگۇن مەن كىرىپ كەتكەن ئۆي مېنىڭ ھۇجرام ئەمەس، ئاشۇ ئىنىمنىڭ ئۆيى...

رامىلە ئېغىر ئۇھ تارتىپ، پېشانىسىنى ماشىنىنىڭ رولىغا قويدى. ئۇ شۇ ھالەتتە خېلى ئۇزۇن تۇرغاندىن كېيىن ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى.

— مانا مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار، تاھىر ئاكا. بۇ ئىشلارنى ساڭا سۆزلەپ بېرىشنى ئۇزۇندىن بۇيان كۈتكەنىدىم، دەۋالدىم. ئەمدى قىلىدىغان بىر ئىشىم، ئىككىمىزنىڭ پاك مۇھەببىتىگە توپا چاچقان، نابۇت قىلغان مۇسا دېگەن ئەبلەختىن ھېساب ئېلىش. سەن بۇ ئىشلارنى باشقىلارغا تىنما، ماڭا تەسەللى بېرىمەن دەپ ئاۋارىمۇ بولما. مەن باياتىنقى گەپلەرنى ساڭا تىنمايلا سەن بىلەن توي قىلىۋېلىشنى ئويلىمىدىم ئەمەس، بىراق ئېچىلمايدىغان سىر نەدە بار؟ ئۇچۇقىنى ئېيتسام ئۆزۈم يۈرىكىمدىن سۆيگەن، ياخشى كۆرگەن بىر يىگىتنى كېيىنكى كۈنلەردە ۋىجدان ئازابىغا قويۇشنى خالىمىدىم. بىلىمەن، مېنى سۆيىدىغىنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشلارغا ئاڭلىق قارىشىڭ، مېنى كەچۈرۈۋېتىشىڭ مۇمكىن. لېكىن، مەن ئۆزۈمنى ھەرگىز كەچۈرەلمەيمەن. تاھىر ئاكا، ماشىنىدىن يەرگە چۈشۈپ تۇرامسەن؟ مېنىڭ بىردەم يالغۇز تۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ.

مەن خۇددى خاتىرىسىنى يوقاتقان ئادەمدەك بولۇپ قالغانىدىم، ماشىنىدىن قانداق چۈشكىنىمنى، ياپپېشىل دەرەخلەر ئارىسىدىكى زۇمرەت سۈيى تېپتىنچ تۇرغان كۆل بويىغا قانداق كەل-

گىنىمنى سەزمىدىم. كۆل بويىدا قانچىلىك تۇردۇم، نېمىلەرنى ئويلىدىم، بىلمەيمەن.

تۇيۇقسىز باياتىن مەن بىللە رامىلەنىڭ ئەلەملىك كۆز ياشلىرىنى كۆرۈپ، يۈرەكنى ئەزگۈدەك دەردلىرىنى ئاڭلاپ جىمىپ كەتكەن پىكاپقا جان كىرىپ، قويۇق ئىس چىقارغانچە غەربكە قاراپ ئىرغاڭشىپ يۈرۈپ كەتتى. مەن بىردىنلا ئۆزۈمگە كەلدىم ـ دە، پىكاپنىڭ كەينىدىن يۈگۈردۈم.

— رامىلە، جېنىم رامىلە، سىز گۇناھسىز قىز، مەن سىزنى سۆيىمەن، مەڭگۈ سۆيىمەن، ماشىنىنى توختىتىڭ!

— ياق، تاھىر ئاكا، — دېدى رامىلە كابىنكا ئىشىكىنى يېرىم ئېچىپ قەتئىي ئاۋازدا، — بەختسىزلىككە، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئىكەنمەن، چوقۇم ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىشىم كېرەك. ماڭا ئەگەشمە، جېنىم تاھىر ئاكا، ئەمدى مېنى ئۇنتۇغىن، ئۇرۇمچىگە تېزراق قايتىپ كەت، مەن ساڭا مەڭگۈلۈك بەخت تىلەيمەن!

رامىلە كابىنكا ئىشىكىنى گۈپ قىلىپ ياپتى ـ دە، ماشىنىنىڭ سۇرئىتىنى بىردىنلا تېزلىتىپ، ئۇچقاندەك ھەيدەپ كەتتى. ماشىنا توپىلىق يولدا چىقارغان قويۇق چاڭ ـ توزانلار ئارىسىدا بار كۈچۈم بىلەن يۈگۈردۈم. پەقەت ماشىنىنىڭ قارىسى كۆزۈمدىن يىتكەندىلا ئىككى تىزىمنى پۈكۈپ «رامىلە، جېنىم رامىلە!...» دېگىنىمچە لاسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم...

# سىھىرلىك كۆيلەر

يەرلەر ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن، راسا ئىشلەشنىڭ ئور-
نىغا ئەسەت بارغانچە ھۇرۇنلىشىپ كەتتى. ئۇ هاراققا بېرىلىپ
كەتكەچكە داۋاملىق مەست يۈرەتتى.

— ھوي ئەسەكە[1]، سەن ھەر كۈنى ئىچىپ ئويناپلا يۈرد-
سەن، شۇنچە كۆپ پۇلنى نەدىن تاپىدىغانسەن - ھە؟! سېنىڭ
ئاشقازىنىڭمۇ - زە تۆمۈردىن ياسالغان جۇمۇ، — دەپ قويسا،
روھى كۆتۈرۈلۈپ، مەردلىكى تۇتۇپ كېتىپ يانچۇقىدىكى ئاخىر-
قى پۇللىرىغىچە هاراق ئېلىپ، شۇ سورۇندىكىلەرنى مېھمان
قىلاتتى.

ئۇ شۇنداق «سېخىي» بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، تاپقىنى ئۈچە-
سىغا ئېشىنمايتتى. دېمىسىمۇ شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ يوغان گەۋدە-
سىنى ئىسسىتىپ تۇرغان بىرلا كونا چىبەرقۇت چاپىنىدىن باشقا
كۆزگە كۆرۈنگۈدەك ھېچنېمىسى يوق ئىدى.

ئەسەت قاپلانباش، يوغان قۇلاق، گەۋدىلىك كەلگەن. 40
نىڭ قارىسىنى ئالغان قىران يىگىت ئىدى. بۇ يەردە مەيلى
گۇرجەك بىلەن يەر قېزىشتا بولسۇن، چالغا بىلەن چۆپ چېپىشتا
بولسۇن ياكى كۈچ سىنىشىشلاردا بولسۇن، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىد-
غان ئادەم كەم ئۇچرايتتى. بۇ يەردە ئوغلاق تارتىشىش ئىشلىرى
پات - پات بولۇپ تۇراتتى. ئەسەت باشقىلارنىڭ ئېتىنى مىنىپ
چۈشەتتى. كىمنىڭ ئاستىدا يۈگۈرۈك ئات بولسا شۇنى تالىشىپ
تۇرۇۋالاتتى. ئۇلارمۇ تارتىشمايلا بېرەتتى. ئەسەت توپنىڭ ئىچە-

[1] ئەسەكە — ئەسەتنىڭ قازاق تىلىدا ھۆرمەت بىلەن ئاتىلىشى.

گە بۆسۇپ كىرىپ ھايالسىزلا ئوغلاقنى يۇلۇپ ئېلىپ چىقاتتى.
ئۇنىڭ قولىغا چۇشكەن ئوغلاقنى باشقىلارنىڭ تارتىپ ئېلىشى
ئاسانغا چۇشمەيتتى. ئەسەت هاراق ئىچىپ سەل قىزىپ قالدىمۇ
بولدى، ئاشۇ ئالاهىدىلىكى بىلەن ماختىناتتى.
ئەسەت بۇگۇنمۇ ئۆيىگە مەست قايتتى. ئايالى گۇلسۇمقان
قۇچاقتىكى بالىسىنى قاچۇرۇپ باتناپ ئولتۇرۇۋالدى. ئەسەت
دەلدەڭشىپ تۇرۇپ، پاختىلىق چاپىنىنى تەسلىكتە يەشتى. ئاذ-
دىن كىگىز ئۇستىگە تاشلىدى - دە، يانپاشلاپ ياتقىنىچە تىلىنى
كالۋالاشتۇرۇپ بالىلىرىغا قاراپ بىر نېمىلەرنى دېدى.
ئەسەتنىڭ بەش بالىسى بار بولۇپ، تۇنجى ئوغلىنى ئاتا -
ئانىسىغا بېرىۋەتكەنىدى. ئىككى قىزى بىلەن ئىككى ئوغلى ئۆز-
لىرى بىلەن بىرگە تۇراتتى. ئىككىنچى ئوغلى بەكمۇ شوخ بول-
غاچقا دادىسىنىڭ مەستلىكىدىن قورقمايتتى. ئۇ دادىسىنىڭ يو-
غان قۇلاقلىرىنى تولغاپ «موتو» قىلىپ ئويناشقا باشلىدى.
ئەسەت ئوغلىنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن زوقلىنىپ: «مېنىڭ مۇشۇ
ئوغلۇم چوڭ بولسا موتوچى بولامدىكىن؟» دەپ ئەركىلىتىپ
قوياتتى.
ئەسەت ئايالىغا كۇلۇمسىرەپ مۇراجىئەت قىلدى:
— ماڭا بىر چىنە چاي بەرگىنە، قورسىقىم...
— يوق! — دېدى گۇلسۇمقان زەردە بىلەن ۋارقىراپ.
— چاي قايناتمىدىڭما؟
— ئوتۇن بولمىسا كەشمنى قالامدىم؟! هېلىمۇ يازدا تې-
زەك يىغىپ قويۇپتىكەنمەن، بولمىسا قانداقمۇ قىلار ئىدۇق. ئەر
كىشى دېگەننىڭ ئۆيدىكى بار - يوق بىلەن كارى بولمىسا،
«ئەخمەقنىڭ دوستى تولا» دەپ ئۇلپەتلىرىڭ نەلەردىكى ئاتام -
ئانام كۆرمىگەن بىر نېمىلەر. تۇرقۇڭنى قارا، ئۇيات ئەمەسمۇ،
بالىلارغا قارا، يېلىڭ - يالىڭاچ تۇرغىنىنى، ئالدى ئون ياشقا
كىرىپ قالدى، سۇننەت ئىشى چۇشۇڭگىمۇ كىرمىدى. «ئىت

هارامنى، تەنتەك تەڭرىنى تونۇماس» دېگەن گەپ راستكەن. تولا دەپ ئاغزىم تالدى. تاقىتىم تۈگىدى. يەنە هاراق ئىچىدىغان بولساڭ بېشىڭ بالاڭنى تاشلاپ بېرىپ ئۇنى – تىنىدىز يوقىلىمەن...

گۈلسۈمقان بارغانچە تۇرگۇنلىشىپ ئەزۋەيلەپ كېتىۋاتاتتى.

— هوي، تولا بىلجىرلىمىساڭچۇ! — دېدى ئەسەت ۋارقىراپ، — مەن ئىچسەم قورسىقىمغا ئىچتىم، كاللامغا ئەمەس...

ئۆينىڭ ئىچىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى. بۇ جىمجىتلىقنى دېرىزىنىڭ سىرتىغا قاپلانغان سۇلياۋ رەختكە كېلىپ ئۇرۇلۇۋاتقان شامال بۇزدى. سىرتتا شۇۋىرغان كۈچەيمەكتە ئىدى. ئۆينىڭ ئىچى مۇزلاشقا باشلىدى.

گۈلسۈمقان قۇچاقتىكى بالىسىنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئەسەتنىڭ ئاستىدىكى چاپىنىنى يۇلۇپ ئېلىپ دېرىزىنىڭ بوران كىرىپ تۇرغان تۆشۈكىگە قاپلىدى. بۇ قاش قارايغان چاغ بولۇپ، چاپاننىڭ توسۇلۇشى بىلەن ئۆينىڭ ئىچى سىياھتەك قاپقاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

— هوي ئەسەت، تۇر ئورنۇڭدىن، بىر يەردىن ئازراق ئوتۇن تېپىپ كەل! — گۈلسۈمقان بۇيرۇق ئاھاڭدا ۋارقىرىدى.

ئەسەت دۇنيادىن بىغەم، يانپاشلىغان يېرىدە ياتاتتى. ئۇنىڭ ئېرىنچەكلىك بىلەن پەرۋاسىز تۇرغانلىقىغا گۈلسۈمقان ئۇنى سېلىپ يىغلاپ كەتتى ۋە جان – جەھلى بىلەن قاتتىق ۋارقىرىدى:

— هازىرلا ئوتۇن تېپىپ كەلمىسەڭ بۇ ئۆيدىن يوقىلىمەن. ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى! ...

ئەسەت يالىڭاچ دېگۈدەك ئويناۋاتقان ئوغلىنىڭ پۇتلىرىنى سىلىدى. ئوغلىنىڭ پۇتلىرى دېمىسىمۇ مۇز پارچىسىدەك بىلىنىپ كەتتى – دە، بىر ئاز غەيرەتكە كەلمىسە بولمايدىغانلىقىنى هېس قىلدى:

— هوي ۋارقىرىما، يىغلىمىغىنا، هاجىتىڭ ئوتۇنما؟ — ئۇ

دېرىزىگە قاپلاپ قويغان پاختىلىق چاپىنىنى ئېلىپ، ئۈچىسىغا كىيدى. ئاپپالتىسىنى قولتۇققا قىسىپ، تاغىرنى ئېلىپ دەل-دەڭشىپ ماڭغانچە ئۆيدىن چىقتى.

ئەسەتنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىلا چوڭ بىر ساي بار ئىدى. بۇ چوڭ ساي كۆنەس دەرياسىنىڭ باش قىسمى ھېسابلىناتتى. دەريا-نىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئارالاردا يوغان - يوغان يوپۇرماقسىز تاغ تېرەكلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بەزى جايلاردا سۇ قىرغاقلارغا چىقىرىپ قويغان ئېقىندىلارنى كۆرگىلى بولاتتى.

ئەسەت سۇنىڭ سوغۇقلىقىغا قارىماي ئايىغىنى سېلىۋېتىپ، دەريانىڭ يېيىلىپ ئېقىۋاتقان ئۆتكىلىدىن كېچىپ ئۆتتى. ئۇ قولاق تۇۋىدىن ئۇشقىتىپ ئۆتۈۋاتقان بورانغىمۇ پىسەنت قىلماي، تومىقىنى يەرگە تاشلاپ قويۇپ، يوغان ئايپالتىسىنى قولىغا ئالدى...

ئۇ يوغان تاغىرنى ئوتۇنغا تولدۇرۇپ، بىردەمدىلا ئۆيگە يېتىپ كەلدى - دە، قاراڭغۇلۇق بېسىپ تۇرغان دالان ئۆيگە تاشلىدى:

— ھەي خوتۇن، ئەستىڭ غەيرەتكە كەلمىسۇن، غەيرەتكە كىلىدىغان بولسا ئوتۇن دېگىنىڭنى قويىدىغانغا جاي تاپالماي قالىسەن! — دېدى ئۇ ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكىگە قاراپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ماختىنىپ.

گۈلسۇمقان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوتۇنلارنى مەشكە سېلىشقا باشلىدى. گۈرۈلدەپ ئوت ياندى. ئۆي ئىچى ئىللىشقا باشلىدى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن گۈلسۇمقاننىڭ چىرايى ئېچىلغىنى يوق.

ئىككىنچى مەۋسۇملۇق ئوقۇش باشلىنىشلى ھەپتە بولغان بول-سىمۇ، ئەسەتنىڭ باللىرى تېخىچە مەكتەپكە بارمىغانتى. ئەھ-ۋالنى بىلىش ئۈچۈن زاقارىيە مۇئەللىم ئەسەتنىڭ ئۆيىگە كەل-دى. ئۆينىڭ تۆرىدە ئىككى ئاقساقال كىشى ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدا

يېشى ئوتتۇزلاردىكى ئىككى ياش يىگىت چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئەسەتنىڭ ئىككى ئوغلى بولسا، كۆرپىدە يېتىپ پارچە پۇللارنى سانىشىپ ئۆزئارا پىچىرلىشىپ ياتاتتى.

ئەھۋال چۈشىنىشلىك، باللارنىڭ خەتنىسى قىلىنغاندى. زاقارىيە مۇئەللىم گۈلسۈمقان ۋە مېھمانلاردىن، باللاردىن ئەھۋال سورىدى. ئۆيدە ئەسەت كۆرۈنمەيتتى.

گۈلسۈمقان ئوقۇتقۇچىنى تۆرگە باشلىدى ۋە ئۆزرە ئېيتقاچ مېھمانلار قاتارىدا چاي تۇتتى. مۇئەللىم مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئىككى ئوغۇل بولسا مۇئەللىمدىن ئۇيالغاندەك بولۇپ، يوتقىنىنىڭ چېتىنى كۆزلىرىگە يېرىم توساق قىلىپ ياتاتتى. دەل شۇ چاغدا دالان ئۆينىڭ ئىشىكى تاراقشىپ، ئۆيگە ئەسەت كىرىپ كەلدى.

ئۇ چالا مەست ئىدى. ئۆيدە ئولتۇرغان كىشىلەرنى كۆرۈپ بىر ئاز ھەيران قالدى. لېكىن كەسكەكچىنى ۋە ئىككى ئوغلىنىڭ بىر يوتقاندا ياتقىنىنى كۆرۈپ، ئىشىنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىپ بولدى - دە، مېھمانلارغا قاراپ، ئانچە تارتىنمايلا يۇقىرى ئاۋازدا:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دەپ، دەلدەڭشىپ كېلىپ، داستىخان ئۈستىدىن يوغان ۋە ئورۇق قوللىرىنى سوزۇپ، مېھمانلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

تۆردە ئولتۇرغان ئىككى ئاقساقال ئەسەتنىڭ مەھەللىسىدىكى يېقىن قوشنىلىرى بولۇپ، شۇ يەرنىڭ يۇرت چوڭلىرى ۋە مەزىنى ئىدى. ئەسەت ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، ئىككى ئوغلىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرغاندا تۆردە ئولتۇرغان كەكە ساقاللىق مەزىن ئەسەتكە قاراپ مۇنداق دېدى:

— ھىم... ئەسەت، سېنىڭ ئاتا - بوۋاڭ مۇشۇ ئاۋۇلنىڭ[1]

[1] ئاۋۇل — مەھەللە.

ئابرۇيلۇق ئاقساقاللىرىدىن ئىدى. بىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھاراق ئەمەس تاماكىمۇ چەكمەيتتۇق. ئاشۇ ئاتا - بوۋاڭنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىپ، ئىككى بالاڭنىڭ پەيغەمبەر سۈننىتىنى ئادا قىلىپ خەتنىسىنى قىلدۇرۇۋەتتۇق. بىز سېنى دېسەك ھەرگىز ئۆيۈڭگە ئاياغ باسقۇمىز يوق. سېنىڭ كۈن بويى ھاراق ئىچىپ كۆز ئالدىمىزدا چوشقىدەك لاي - پاتقاقتا ئېغىناپ يۈرگىنىڭ بىزنى بىزار قىلىۋەتتى. ئۇنى - بۇنى دەپ ئۆگىتىدىغانغا سەن كىچىك بالا ئەمەس. بەش بالىنىڭ دادىسى سەن. بالىنى تاپقان ئىكەنسەن، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىڭ كېرەك. ياخشى تەربىيە بېرىپ قاتارغا قوشۇش لازىم - دە...

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى باشقىلارمۇ مەزىننىڭ سۆزىگە ئاۋاز قوشۇپ.

تۆردىكى يەنە بىر كەكە ساقاللىق ئاقساقالمۇ مەزىننىڭ سۆزىگە قوشۇمچىلىدى:

— ئۇ - ۋوي توكە، ھازىرقى بۇنداق ياشلارنىڭ گېپىنى دېمەيلا قويۇڭ. ئاغزىغا ئىككى رومكا ھاراق تەگدىمۇ بولدى، كوچىدا مەست بولۇۋېلىپ چوڭ - كىچىك بىلەن كارى يوق ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلايدۇ. تېخى بىزنى كۆرسە «ساۋ مەيكۇم» دېيىشلىرىچۇ تېخى، بىزگە سالام قىلغىنىمۇ ياكى مازاق قىلغىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ، مۇسۇلمان بالىسى بولغاندىكىن ئەسلى قائىدىمىز بويىچە چوڭلارنى كۆرگەندە قەددىنى رۇسلاپ تۇرۇپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ مۇلايىملىق بىلەن: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ تولۇق ئېيتىشى لازىم ئىدى. ئەمدى بۇلارنىڭ «ساۋمەيكۇم» دېگىنى نېمىسى؟ ئۇلارنىڭ غەلىتە نەرسىلەرنى كىيگۈلۈك دەپ كىيىۋېلىپ يۈرۈشلىرىچۇ... قايسى ئەر، قايسى ئاياللىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، — ئاقساقال سۆزىنىڭ تېمىدىن چەتنەپ كېتىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ توختىدى - دە، ئەسەنكە ئاچچىق بىلەن قارىدى.

ئەسەت گەپ قىلماي ئوغلىنىڭ چېچىنى سىلىغىنىچە بەكمۇ

ئوسال هالغا چۈشۈپ ئولتۇراتتى. ئارىنى بىردەم جىمجىتلىق باستى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن مۇئەللىم سۆز قوشۇپ مۇنداق دېدى:

— مەن بالىلارنى مەكتەپكە بېرىپ، بىلىم ئۆگىتىشمۇ بىر مۇھىم ئىش دەپ ئويلايمەن. مەن بۈگۈن ئەسكەڭنىڭ ئۈچ بالىسىنىڭ مەكتەپكە تىزىملاتمىغىنىنى كۆرۈپ ئەنسىرەپ كەلگەنىدىم، ئەھۋال مۇنداق بوپتۇ. ئەمدى بۇ ئىككى ئوغۇل ساقايغاندا بارسىمۇ ئانچە كېچىكمەيدۇ. هازىرچە ماۋۇ چوڭ قىز بولسىمۇ ئوقۇپ تۇرسۇن.

مۇئەللىمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان گۈلسۇمقان ئەستكە تەگكۈزۈپ دېدى:

— بۇ بالىلار مەكتەپكە بارالمايدۇ مۇئەللىم. بۇلارنىڭ ياكى كىيگۈدەك كىيىمى، ياكى ئوقۇشقا تۆلىگۈدەك پۇلى يوق. دادىسى قاچان هاراق ئىچىشنى تاشلاپ، پۇل تاپقاندا بارمىسا، هازىر بارالمايدۇ...

— ئوقۇمىسا بولمايدۇ، — دېدى مۇئەللىم كەسكىن هالدا، — هازىر زامان تەرەققىيات يولىغا قاراپ يۈزلەندى. ئوقۇپ بىلىم ئېلىش هەممىدىن مۇھىم. دېھقانچىلىق قىلىدىغانغىمۇ، هەتتا قوي باقىدىغانغىمۇ بىلىم كېرەك. قوينىڭ سانىنىمۇ بىلەلمەي: «ئالتە قويۇم يوقالدى، تۆتىنى تاپتىم يەنە ئون بىرى يوق» دەپ يۈرسە خەقلەر: «بۇ كىمنىڭ بالىسى» دەپ مازاق قىلسا، سىلەرنىڭمۇ يۈزۈڭلار تۆكۈلەر. بىز مۇئەللىملەر بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، ئۈچ بالىنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى كۆتۈرۈۋېتەرمىز. كىيىمى بولمىسا بىزنىڭ بالىلارنىڭ ئارتۇق كىيىملىرى بار. مەن كەچقۇرۇن ئەۋەتىپ بېرەي، ئۇنداق قىلماي بالىلارنى مەكتەپكە ئەۋەتىڭلار!

ئەسەت مۇئەللىمنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاڭلاپ ئۈيىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ يوغان قاپلانباش بېشى بارغانچە يەرگە ساڭگىلاشقا باشلىدى.

※ ※ ※

شۇ كېچىسى ئەسەت ئىككى ئوغلىنىڭ يېنىدا يېتىپ، تا يېرىم كېچە بولغۇچە ئۇيقۇسى كەلمەي خىيالغا چۆكۈپ كەتتى. ئۇ پات - پات ئىككى ئوغلىغا، بولۇپمۇ كىچىك ئوغلىغا قاراپ يېتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ چاچلىرىنى يۇراپ قوياتتى.

ئۇ ئۆز ئاتا - ئانىسىغا بېرىۋەتكەن تۇنجى ئوغلىنىڭ خەتنە تويىنىغۇ دادىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاتقا مىندۇرۇپ، بەللىرىگە ھەرخىل رەختلەرنى، قولياغلىق ۋە لۆڭگىلەرنى باغلاپ كوچىمۇ كوچا، ئاۋۇلمۇ ئاۋۇل ئايلاندۇرۇپ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىدىن رەنجىۋاتقاندەك، ياتقان ئىككى ئوغلىغا قاراپ كۆڭلى يېرىملىشىپ، يۈرىكى مۇجۇلماقتا ئىدى.

ئۇ يەنە تاماكا ئوراپ چەكتى - دە، ئۇزاقتىن - ئۇزاق خىيالغا چۆكۈپ كەتتى. ئاخىرى ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ بۇنىڭدىن كېيىن ھاراق ئىچمەسلىك ۋە ئاز - تولا پۇل تېپىشنىڭ ئامالىنى قىلىش توغرىسىدا خىيال سۈرۈپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەسەت سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يوغان گۈرجىكىنى باشقىدىن مەزمۇت ياغاچتا ساپلاپ، ئەتىگەنلىك چېيىنى چالا - بۇلا ئىچىپ، ئايالى گۈلسۇمخانغا گەپمۇ قىلماي ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.

ئەسەتنىڭ ئۆيىدىن تۆت چاقىرىم يىراقلىقتىكى تاغ باغرىدا كان ئىشچىلىرىنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئۆيلىرى بار ئىدى. بۈگۈن يەكشەنبە كۈنى بولغاچقا كان ئىشچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دەم ئالغانىدى. دەم ئالغان ئىشچىلار كۆپىنچە ۋاقتىنى تۆت كوچا ئېغىزىدا! ياكى يەككە دۇكانلار ئالدىدا پاراڭ سېلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئەسەت ئۆزىگە تونۇش بولغان بىر توپ ئۇيغۇر ۋە قازاق ئىشچىلىرىنىڭ يېنىغا كېلىۋېتىپ يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— ھەي سارتلار، قىلىدىغانغا ئىش - پىشلىرىڭ بارمۇ؟
بۇ يەردىكى ياش ئۇيغۇر ئىشچىلار ئەسەتنىڭ ئاق كۆڭۈل، خۇش چاقچاق، ساددا مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ «سارتلار» دەپ چاقىرىشىغا ھېچكىمنىڭ ئاچچىقى كەلمىدى، ئەكسىچە قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى. ئۇيغۇر دوستلىرى بىلەن بىر پەس چاقچاقلىشىپ، كۈلۈشكەندىن كېيىن، ئەسەت ئۆزىنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى ئۇلارغا مەلۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر ئىشچى:
— ئەسەت ئاداش، بىلگەندەكلا كەپسەندە، مېنىڭ چايخانامنىڭ ياسايدىغان يېرى بار ئىدى. يەنە بىر سەي ئورىسى ياسايدىغان ئىشمۇ بار تېخى. يالغۇز ئىشلىيەلمەي تۇراتتىم. شۇ ئىشلىرىمنى قىلىپ بەر. ئىش ھەققىڭگە ھاراق ئىچمەيسەن، ئۆيۈڭگە ئىشلىتىسەن بولامدۇ؟ — دېدى.
— ھوي ئاداش، دېمىسەڭمۇ شۇنداق قىلىمەن. مانا ھەر قايسىڭلار ئولتۇرۇپسىلەر، ئاڭلاپ قويۇڭلار، ئەمدى ھاراق ئىچىشنى قەتئىي تاشلايمەن. ئەمدى تازا ئىشلەپ باللىرىمنى باقىسام ئۇياتقۇ، — دېدى ئەسەت كۆپچىلىككە قاراپ.
— ھەببەللى، مانا يىگىتتەك گەپ قىلدىڭ جۇمۇ، — دېدى بىر ئىشچى يىگىت، — مانا مۇشۇنداق دېھقانچىلىقتىن قولۇڭ بوشىغان چاغلاردا باشقا ئىشلارنىمۇ قوشۇمچە قىلىۋالمامسەن. ھاراق دېگەننىڭ مېھرى ئىسسىق نېمە، كىم ئۇنى ئىچمەيدۇ؟! ئىچ، لېكىن بالا - چاقىلىرىڭنىمۇ ئويلا.
— پاھ، سەنمۇ خېلى ئادەم بولۇپ قاپسەن جۇمۇ، — دېدى توپ ئىچىدىن بىرى چاقچاق قىلىپ، — تېخى تۈنۈگۈنلا ئېرىقتا ئۇمۇلەپ يۈرەتتىڭ، بۈگۈن خەققە نەسىھەت قىلغۇدەك بوپقاپسەندە.
توپلىشىپ قالغان ئاغىنىلەر قاقاقلاپ كۈلۈشتى. چايخانىسىنى ياساتقۇزىدىغان ئىشچى كۈلگىنىچە ئەسەتنى قولتۇقلاپ ئۆيىگە

باشلاپ كەتتى.

— مانا مۇشۇ چايخانىنىڭ يېنىغا قىشلىق سەي - پەي دېگەندەك نەرسىلەرنى قويىدىغان بىر كىچىكرەك ئىسكىلات سالماقچىمەن، — دېدى ئۇ ئەسەتكە قىلىدىغان ئىشلىرىنى كۆرسىتىپ، — ياغاچ - تاشلىرى تەييار، لاي ئېتىپ كېسەكنى قويساقلا بولىدۇ. قانچە كۈندە ئىشلەپ بولارسەن ئاداش؟

— بۇنداق ئىشلىرىڭنى بىر كۈندە ئىشلەپ بولمىسام قازاق بالىسى بولماي كېتەي، — دېدى ئەسەت ئىشنى قىلىۋېتىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، — قېنى ئۇنداق بولسا ئىشنى باشلىۋەتتىم.

ئەسەت راستىنلا غەيرەتكە كەلگەنىدى. ئۇ پۈتۈن بىر كۈن ئىش جەريانىدا خۇددى ئەزەلدىن تاماكا چېكىپ باقمىغاندەك بىرەر قېتىممۇ تاماكا چېكىشكە ئولتۇرمىدى. چۈشتە راسا ئوخشىتىپ ئېتىلگەن لەغمەننى ئالدىراپلا يېدى - دە، يەنە ئىشقا چۈشۈپ كەتتى. دېگەندەك كەچكە يېقىن ئىشنى تەلتۆكۈس تۈگەتتى - دە، دوستىغا قاراپ:

— ھە، قانداقكەن ئاداش؟ ئەسەكەڭ غەيرەتكە كەلدىمۇ، بولدى، ھەرقانداق ئىشىڭنى دېگەن قەرەلدە تۈگىتىمىدۇ. مانا ئىشىڭ تۈگىدى. ئەمدى بېرىدىغىنىڭنى بەر، مەن كېتەي، — دېدى مەيدىسىگە ئۇرغىنىچە كۈلۈپ.

ئىشچى يىگىت تۆش يانچۇقىدىن ئون بەش سوم پۇلنى چىقىرىپ ئەسەتكە سۇنۇپ:

— مە ئاداش، بۇ پۇلغا رازى بول، — دېدى - دە، ئەسەتنىڭ چىشىغا ئەتەي تېگىپ چاقچاق قىلدى، — چوڭ بىر تەخسىدە لەغمەن يېدىڭ، يەنە ئىككى چوڭ چىنە ئەتكەنچاي ئىچتىڭ، بۇنىمۇ پۇلغا ھېسابلىدىم جۇمۇ.

— ھەي، سارتلىقىڭنى مەشەدە ماڭا ئىشلىتىپسەندە، — دېدى ئەسەتمۇ بوش كەلمەي چاقچاق قىلىپ، — مۇشۇ كۈندە ئون بەش سومغا مۇشۇكمۇ ئاپتاپقا چىقمايدۇ. ئەكە يەنە بەش سوم

قوش، سەن دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ قۇچىقىدىكى ئەكە بالىسى ساڭا نېمە كەم!

باياتىن ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان ياش ئىشچىنىڭ ئايالى ھويلىغا چىقىپ، ئاچچىقلانغاندەك بولۇپ ئېرىگە قاراپ سۆزلىدى:

— بولدى، يەنە بەش سوم بېرىڭە، بۇ يوغان قۇلاق بۇگۈن پۇل بىلەنلا قاپتۇ. ئەل - ئاغىنە دېگەن بىر چىنە چايغىمۇ ئىشلىشىپ بېرىدىغۇ، قارا بۇنىڭ ھېسابلىشىپ كەتكىنىنى!

ئەسەت بۇ ئائىلىدىكىلەر بىلەن كونا تونۇشلاردىن بولغاچقا ھەر قانداق گەپلەرنى ئايىماي قىلىۋېرەتتى. ئۇنىڭ ياش ئىشچى دوستىنىڭ ئايالىنى شۇ يېقىنلىقىنىڭ ۋەجىدىن «سىز» لىمەي، «سەن» لەۋېرەتتى. بۇ ئۆيدىكى ئەر - ئايال ئىككىلىسىمۇ ئەسەتكە ئوخشاش قازاق دوستىنىڭ ھەر خىل چاقچاقلىرىغىمۇ ئۆگىنىپ كەتكەنىدى.

ئەسەت ئۇ ئايالغىمۇ چاقچاق ئارىلاش سۆز قايتۇردى:

— ھوي، ھازىر بىكار ئىش دېگەن نەدە؟ ھازىر دېگەن شەھەردە ئوبۇرنىغا كىرسەڭمۇ پۇل تۆلەيسەن.

— ئو…ش! … بۇ يەر دېگەن شەھەرمىدى!؟

ئەسەت ئۇنىڭغا قاراپ كۈلگىنىچە سۆزلىدى:

— ھوي، سەنمۇ مىنىنەت قىلغىلى تۇردۇڭغۇ؟ ماڭا تاماق بەردىم دەپ ئۇزۇن - ئۇزۇن ئارقانلارنى ئېشىپ تەخسىگە سېلىپ قويۇپسەن. ئۇ ئارقانلىرىڭنىڭ ئالدى ئاشقازىنىمدىن ئۆتۈپ كەتسە، ئاياغ تەرىپى تېخى تەخسەڭدە يۆگىشىپ ياتىدۇ. بۇ ئارقانلىرىڭنى قورساققا تىقىپ بولغۇچە يېرىم سائەت قىينالدىم. كۆرۈۋاتىمۇ پېشانەمدىكى تەرلەر ھازىرغىچە قۇرۇغىنى يوق. شۇ يېرىم سائەت قىينالغىنىمغا بەش سوم بېرىۋەتسەڭلا سىلەردىن رازى بولۇپ كېتىمەن. ھاھ، ھاھ، ھاھ!

ياش ئىشچى بىلەن ئايالى ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ

كەتتی. ئايال كۈلكىدىن ئاران ئۆزىنى تۇختىتىپ، پايپىقىغا قىستۇرۇپ قويغان پۇللاردىن بەش سومنى ئايرىپ ئېلىپ ئەسەتكە سۇنۇپ:

— مە، ۋۇي گەپدان ئابدال، ئادەمنى كۈلدۈرۈپ كۆزلىرىمە-دىنمۇ ياش چىقىرىۋەتتىڭ، — دېدى.

ئەسەت خۇشال ھالدا ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، گۇرجىكنى مۇرىسىگە سالغىنىچە چىقىپ كەتتى. ئۇ، تۆت كوچا ئېغىزىغا چىققاندا بىر ئۇيغۇر قاسساپ قوي سويۇۋاتقانىكەن. ئۇ يەردە گۆش ئالىدىغانلار ۋە قوينىڭ زاسۇيىنى تالىشىپ تۇرغانلارمۇ بار ئىدى. ئەسەت ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن، قاسساپ-قا قاراپ:

— ھوشۇر ئاخۇن ئاكا، قوينىڭ زاسۇيىنى ماڭا سېتىپ بەرسىڭىز، ئىككى بالامنىڭ خەتنىسىنى قىلغان، ئۇلارنى بىر شورپىلاندۇرۇپ قوياي دېۋىدىم، — دېدى.

ئەسەتنىڭ ئۆتۈنۈشىنى ئاڭلاپ ئەتراپتىكىلەرمۇ زاسۇيىنى ئۇ-نىڭغا ئۆتۈندى. ئەسەت يانچۇقىدىن بەش سوم پۇلنى چىقىرىپ قاسساپقا تەڭلىدى. ھوشۇرئاخۇن قاسساپ ئۈچ سومنى ئايرىۋې-لىپ قالغان ئىككى سومنى ئەسەتكە قايتۇرۇپ بەردى - دە:

— مە، ماۋۇ ئىككى سومنى ئىككى بالاڭغا بېرىپ قوي، مەن ئىككى بالاڭنى يوقلىغان بولۇپ قالاي، — دېدى.

ئەسەت ئىككى سومنى ئالغىلى ئۇنىمىدى:

— رەھمەت، ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت ئاكا! ماۋۇ سۇلياۋ مىشكاپىڭنى بېرىپ تۇرغىن، زاسۇيىنى ئاپىرىۋالاي.

ئۇ قاسساپقا ۋە باشقىلارغا رەھمەت ئېيتىپ، سۇلياۋ مىشكاپ-نى كۆتۈرۈپ ماڭدى.

ئەسەت يولنى قىسقارتىش ئۈچۈن ئېتىزلىقلار ئارىسىدىكى چىغىر يول بىلەن ئۆز مەھەللىسىگە كەلمەكتە ئىدى. بۇ چىغىر يولنىڭ بىر تەرىپىدە قەبرىستانلىق بار ئىدى.

ئۇ قولىدىكى نەرسىلەرنى يەرگە قويۇپ ئەتراپقا كۆز تاشلى-
دى. قەبرىستانلىقنىڭ بىر چېتىدە يېڭىدىن دۈمچىيىپ چىققان
قەبرىلەرمۇ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇ قەبرىدىكىلەر يېقىندىلا
ئۆلگەن كىشىلەر بولۇپ، بەزىلىرى ئەسەتنىڭ ئايرىلماس ئۇلپەت-
لىرى ئىدى. ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى. شۇئان ئۇنىڭ
قۇلاق تۈۋىدە تۇنۇگۇنكى مويسىپىتلارنىڭ سۆزلىرى ئاڭلانغاندەك
بولدى. ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن قەبرىلىرى
ئادەمنى راستتىنلا ئېچىندۇراتتى.
ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىقتىكى بارلىق ئەرۋاھلارنىڭ
روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدى. ئاندىن كۆز ئالدىدىكى قەبرىلەرگە
قاراپ ئۈنلۈك سۆزلىدى:
— راست، مەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاشۇ شەيتان ئىچكۈر
هاراق بىلەن بولۇپ، سىلەرنىڭ قەبرەڭلەرنى يوقلاشنىمۇ ئۇنتۇپ-
تىمەن. مېنى كەچۈرۈڭلار، مېنىڭدەك بولۇمسىز، ھۇرۇن
بالاڭلارنى كەچۈرۈڭلار، ئەمدى سىلەرگە يۈز كەلمىگۈدەك ئىش-
لارنى ھەرگىز قىلمايمەن!
بىردىنلا ئۇنىڭ ئۈستىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر بىر تاش
ئېلىنىپ، ئەمدىلا ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولۇپ، كۆڭلى يورۇپ
كەتتى - دە، چوڭ - چوڭ قەدەملەر بىلەن مەھەللىگە قاراپ
مېڭىپ كەتتى.
ئۇ مەھەللىگە كىرىپ كەلگەندە بىر قانچە ئادەملەرنىڭ
«ھە - ھە - ھۇ - ھە! ...» دەپ ۋارقىراشلىرى ۋە بىر تراكتور-
نىڭ تاتاتلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەسەت ئاۋاز چىققان تەرەپكە
قاراپ يول ئالدى. تراكتورچى سايلانباي ئۇنى كۆرۈپ دەرھال
تراكتوردىن چۈشتى - دە، ئالدىغا كېلىپ:
— ئەسەكە، قارىمامسەن ماۋۇ پىشكەللىكنى. خاڭغا كۆمۈر-
گە ماڭغانىدىم. بەك چاتاق بولدى. سەن بىر ئامالىنى قىلىشقىنا
سادىغاڭ كېتەي ئاكا، — دېدى تىت - تىت بولۇۋاتقانلىقىنى

يوشۇرماي.

ئەسەت قولىدىكى نەرسىلەرنى بىر چەتكە قويۇپ پرىتسېپ-
نىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ قارىدى. پرىتسېپنىڭ بىر چاقى ئېرىق
ياقىسىدىكى ئورەككە چۈشۈپ كەتكەنىدى.

— چىقىرىپ بەرسەم نېمە بېرىسەن؟ — دېدى ئەسەت ئەھ-
ۋالنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن.

— بىر كىلو هاراق ئېلىپ بېرەي، — دېدى سايلانباي
ئەسەتنىڭ ئىندەككە كەلگىنىدىن خۇشال بولۇپ.

— هارىقىڭنى ئەمدى ئاغزىڭغا ئالغۇچى بولما.

— پاھ، هاراقنى تاشلىدىڭما؟

— دەۋاتىمەنغۇ، ئەمدى ئۇنىڭغا يېقىن يولىمايمەن.

— ئۇنداقتا نېمە ئالىسەن؟

— ئون سوم بەر.

— بولدى، بېرەي.

— ئەكە هازىر بەر، نېسىدىن تەلىيىم يوق.

سايلانباي يانچۇقىدىن ئون سوم چىقىرىپ ئەسەتكە سۇندى.
بۇ چاغدا تراكتورنىڭ يېنىدا تۇرغان بىرنەچچە بىكارچىمۇ ئۇلار-
نىڭ ئەتراپىغا ئولاشقانىدى. ئۇلار ئەسەتنىڭ «كارامىتىنى» كۆ-
رۈش ئۈچۈن تاقەتسىزلىك بىلەن قارىشىپ تۇراتتى.

ئەسەت ئون سوم پۇلنى تۆش يانچۇقىغا سالغاچ كوزۆپنىڭ
كەينىگە ئۆتۈپ:

— مەن كوزۆپنىڭ ئاستىغا كىرىپ، «ھە - تارت!» دەپ
ۋارقىرىغاندا سەن تراكتورىڭنى قوزغات جۇمۇ، — دېدى.

— بولىدۇ، — دېگىنىچە سايلانباي تراكتورنىڭ ئۈستىگە
سەكرەپ چىقتى.

ئەسەت ئالدى بىلەن كوزۆپنىڭ ئاستىدىكى پاتقاقلارنى تازى-
لىۋېتىپ ئەپچىللىك بىلەن مۈرىسىنى سالدى - دە، قاتتىق
ۋارقىرىدى:

— ھە، قېنى، تارت!

ئۇ بىرلا كۈچەپ پىرتىسپىنىڭ كەينىنى بىر گەزچە كۆتۈرۈۋەتتى. تراكتور شۇ ھامان ھەرىكەتلىنىپ پىرتىسپنى ئازگالدىن يۇلۇپ ئالدى. ئەتراپتىكى تاماشا كۆرۈپ تۇرغان بىكارچىلار قىقاس سېلىپ ۋارقىراپ كېتىشتى.

— ياشا ئەسەكە!

— كۈچ دېسە مانا ئەسەكەڭنىڭ كۈچىنى كۆر...

— بىچارە تراكتور چۈشتىن بېرى ۋايجانلاپ چىقالمىغانتى، مانا ئەسەكەڭ كېلىپلا چىقىرىۋەتتى...

ئەسەت ئەتراپتىكىلەرنىڭ ماختاشلىرىنى ئاڭلاپ تاتلىققىنا كۈلۈپ قويدى. ئۆزىگە بۇ كۈلكىسى تولىمۇ يېقىشلىق سېزىلىپ، قەلبى بۇ غەلىبە مېۋىسىدىن يايراپ كەتتى. ئۇ خۇشال ھالدا ئۆيگە كېلىپ ئىشىكتىن كىرە ـ كىرمەيلا ئايالىغا ۋارقىراپ سۆزلەپ كەتتى.

— ھەي خوتۇن، ئالە ماۋۇ باش ـ شىيراقنى تېزراق تازىلاپ قازانغا سال. مە، ماۋۇ پۇللارغا باللارغا لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بەر.

— بۇ پۇللارنى نەدىن تاپتىڭ؟ يەرنى ساتىمەن دەۋاتاتتىڭ، ساتمىغانسەن؟ — دېدى ئايالى گۈلسۈمقان ئۇنىڭ قولىدىكى پۇلغا قاراپ.

— ھوي، ساراڭ كۆردۈڭمۇ مېنى. يەرنى ساتساق بىز دېھقان ئادەم جاننى قانداق باقىمىز؟ يەرنى ساتقانلىق جاننى ساتقانلىق ئەمەسمۇ؟!

— ئەمىسە بۇ پۇلنى نەدىن تاپتىڭ؟

— ھەي خوتۇن، ئەستىڭ غەيرەتكە كەلمىسۇن، غەيرەتكە كەلسە پۇل دېگەن ئۇنىڭ قولىنىڭ كىرى، — دېدى ئۇ مەغرۇرلۇق بىلەن پۇلنى ئايالىغا تەڭلەپ.

ئازدىن كېيىن گۈلسۈمقان ئەسەتنىڭ بۈگۈنكى ئىشلىرىدىن

تولۇق خەۋەردار بولدى ـ دە، كۆڭلى ئىمىن تاپتى. ئېرىنىڭ قولىدىن پۇلنى ئالدى.

يىگىرمە بەش سوم!

بۇ كۈنلەردە يىگىرمە بەش سوم بۇ ئائىلە ئۈچۈن بەكمۇ كۆپ پۇل بولۇپ ھېسابلىناتتى. گۈلسۇمقان بۇ پۇلنى سىقىملاپ تۇرۇپ: «ئەسەت دېگەن بىلەن بۇ پۇلنى ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن تېپىپ كەپتۇ. خۇدايىم بۇنىڭ دىلىغا ئىنساپ بەرگەن ئوخشايدۇ...» دەپ خۇشال بولدى ـ دە، ئۆزى تىكىۋالغان سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ماگىزىنغا يۈرۈپ كەتتى.

ئەسەت ئادەتتە ئائىلە ئىشلىرىغا زادى ھەمكارلاشمايتتى. ئۇ ئايالىنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ خۇش قىلىش ئۈچۈن قورۇدىكى ئوچاققا ئوت يېقىپ قوينىڭ باش ـ شىيراقلىرىنى ئۈتلەپ تازىلاپ قويدى. ئاندىن قولىغا ئالمىغىنىغا كۆپ يىللار بولۇپ توپا بېسىپ كەتكەن دومبىرىنى ئېلىپ، ئۇنى بىر قۇر پاكىز سۈرتۈپ، يېڭى تار سالدى ـ دە، ئىككى ئوغلىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ شوخ پەدىلەرگە چېلىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ چوڭ قىزى ئىككى ياشتىكى سىڭلىسىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ، دادىسىنىڭ مۇنداقمۇ ھۈنىرىنىڭ بارلىقىغا قىزىقىش ۋە ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ قالدى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىمۇ دادىسىدىكى ئۇلار تېخى كۆرۈپ باقمىغان بۇ ھالەتنى كۆرۈپ باشلىرىنى ياستۇقتىن كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇشتى.

ئەسەتمۇ دومبىرىنىڭ پەدىسىنى باشقىدىن تەڭشەپ تاڭجارىقنىڭ[1] ئۆلەڭلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى.

ماگىزىندىن نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئېلىپ قايتىپ، قورۇغا كىرىپ كەلگەن گۈلسۇمقان، ئۆيدىن چىقىۋاتقان يېقىملىق ناخشا بىلەن دومبىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ قۇلىقىغا ئىشەنمە-

---

① تاڭجارىق ــ قازاق خەلقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى ۋە ئىنقىلابچىسى.

گەن هالدا بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئىشەنمەي دېسە بۇ ئاۋاز ئۆزىگە تونۇش ئاۋاز ئىدى. ئىشىنەي دېسە بۇ ئۆيدە تالاي زامانلاردىن بۇيان بۇنداق ناخشا ئېيتىلمىغانىدى. ئەسەت بۇ ناخشىلارنى ئون ئىككى يىل بۇرۇن دائىم ئېيتاتتى. ناخشا ئارقىلىق ئۆزىنىڭ چىن مۇھەببىتىنى ئىزهار قىلغانتى. ئېيتىلىۋاتقان بۇ ناخشا گۈلسۇمقاننىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەسەت-نىڭ يىگىت چاغلىرى نامايان بولدى. توي - تۆكۈن، ھېيت - بايراملاردا ئەسەت يۈگۈرۈك ئاتلارنى مىنىپ گۈلسۇمقان بىلەن «قىز قوۋار» غا چۇشەتتى. پەللىگە بارغۇچە ئۇنىڭ بويىنىدىن قايرىپ: «مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، سۆيىمەن» دەيتتى. گۈلسۇمقاننىڭ يۈرەكلىرى دۇپۇلدەپ، يۈزلىرى ئاناردەك قىزى-رىپ كېتەتتى. شۇنداق چاغلاردا ئۇ ئاستىدىكى ئېتىنى قامچىلاپ ئەسەت بىلەن يىراقلارغىچە كېتىپ قېلىشنى خالايتتى.

مانا شۇ ياشلىق دەۋردىكى ئاشۇ قىزغىنلىق گۈلسۇمقاننىڭ قەلبىدە باشقىدىنلا ئۇرغۇشقا باشلىدى. ئۇ ئېسىگە كېلىپ، قو-لىدىكى سومكىنى دالان ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇپ تېزلىكتە تاماققا تۇتۇش قىلدى. مەشتىكى ئوتمۇ گۇرۇلدەپ كۆيۈپ ئۆينىڭ ئىچى ھۆپپىدە ئىسسىدى. بىر چاغلاردا شورپىنىڭ ھىدى دىماغلارغا ئۇرۇلۇشقا باشلىدى.

ئۆز ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ ناخشا ئېيتىپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. ئەسەتمۇ كىچىكىدىنلا ناخشا - سازغا ھەۋەس قىلاتتى. ناخشىنى قاملاشتۇرۇپ ئېيتات-تى. دومبىرىنىمۇ خېلى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالاتتى. بىراق، نې-مىشقىدۇر ئۇ كېيىنكى چاغلاردا ناخشا ئېيتىش ۋە دومبىرا چېلىشلارنى بىراقلا تاشلىۋەتكەنىدى.

ئەسەتنىڭ دومبىرا چېلىپ ناخشا ئېيتىشى ئايالى ۋە بالىلى-رىغىلا ئەمەس، ئۆزىگىمۇ باشقىچىلا مۇڭ بېرىۋاتاتتى. ئۇمۇ ئۆز - ئۆزىگە: پاھ، بۇگۈن مەن قانداق بولۇپ كېتىۋاتىمەنوي؟

ناخشىلىرىمىنىڭ مۇڭى ئۆزۈمگە تېگىپ كېتىۋاتىدىغۇ... دېمەك، ھەر ئىشنىڭ بىر تۈرجىغا كېلىدىغان ۋاقتى بولىدىكەندە. ھەي... مۇشۇ تاپتا ئىككى رومكا قىقىزىۋالسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە! ؟ بىراق، مەن كۆپچىلىك ئالدىدا، ئايالىم ۋە باللىرىمنىڭ ئالدىدا ھاراق ئىچمەسلىككە ۋەدە بەردىم ـ دە. مەن دېگەن ئوغۇل بالا. «يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن قايت-ماس» دېگەن ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزى بار ئەمەسمۇ؟ دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزەتتى.

بىردىنلا ئۇ ناخشىنى ئايالىغا قارىتىپ ئېيتتى.

بولمىسا كۆكتە قۇياش، كۈن پاتامدۇ؟
كۆڭۈلنى كۆتۈرمىسەڭ كىر باسامدۇ؟
يارىمنىڭ كۆڭلى ئالتۇن ساندۇق تۇرسا،
ئەسكەڭ ئاڭا ئاتاپ جىر قاتامدۇ؟

بۇ چاغدا گۈلسۇمقان ئاش يېيىۋاتاتتى. ئۇ ئېرىنىڭ بۇ ناخشىسىنى ئاڭلاپ زىنىقىدا كۈلۈپ قويدى. كۆڭلىدە بولسا: راست، كۆڭۈلنى كۆتۈرمىسە كىر باسىدۇ، بۈگۈن ئەسەت مېنىڭ خېلىدىن بېرى كىر بېسىپ ياتقان كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈپ دەردكە تولۇپ كەتكەن كۆڭۈل ساندۇقۇمغا ئاچقۇچ سالماقتا. مەنمۇ بۈ-گۈن ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قوياي...

ئۇ يېيىۋاتقان ئېشىنى قويۇپ، قايسى بىر يىلى ساندۇقنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويغان بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

— بۇ... بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ مەن ھاراقنى تاشلىغان تۇر-سام؟ — دېدى ئۇ ئايالىغا ئەجەبلىنىپ قاراپ.

— بۈگۈن ئازراق ئىچىپ قوي، سەن بۈگۈن ماڭا ئۆزۈڭنىڭ باشقىلارغا ئوخشاش ئىشلىيەلەيدىغانلىقىڭنى كۆرسىتىپ بەك خۇ-

شال قىلىۋەتتىڭ. سەن مېنى خۇش قىلغان يەردە مەن سېنى خۇش قىلمىسام بولامدۇ؟!

ئەسەت ئاپالىنىڭ شۇنچىلىك ئىللىق چىراي بىلەن دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ كۆڭلى يايراپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ بالىلىرىدىن ئۇيالمىسا، گۈلسۈمقاننىڭ قىزىرىپ تۇرغان مەڭزىلىرىگە بىر نەچچىنى سۆيۈۋالغان بولار ئىدى.

گۈلسۈمقان بىر كىچىك رومكىنى ئەسەتنىڭ ئالدىغا قويۇپ، رومكىغا لىق تولدۇرۇپ هاراق قۇيدى - دە، بېرىپ ئۆز ئىشىنى قىلىشقا باشلىدى.

ئەسەت تارتىنىپ تۇرمايلا ئارقا - ئارقىدىن تۆت رومكا قېقىۋېتىپ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ، ئۇنى كارىۋاتنىڭ ئاس- تىغا تاشلاپ قويدى ۋە بىردىنلا ئۆزىگە هەيران قالدى. دېمەك ئۆزىنى ئۆزى چەكلەيدىكەنغۇ!؟

ئۇ يەنە دومبىرىنى قولىغا ئېلىشىغا، دالان ئۆيىنىڭ ئىشىكى تاراقشىپ، ئۆيگە زاقارىيە مۇئەللىمنىڭ ئوغلى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر قۇچاق كىچىك بالىلارنىڭ ۋە قىزلارنىڭ كونا كىيىملىرى ۋە ئازراق دەپتەر - قېرىنداش قاتارلىق نەرسىلەر تۇراتتى. ئۇ بالا قولىدىكى نەرسىلەرنى بىر چەتكە قويۇۋېتىپ:

— ئاپام بۇ نەرسىلەرنى سىلەرگە ئەۋەتتى، — دېدى.

ئەسەت خېلىغىچە شۈك بولۇپ كېتىپ ئاخىرى بېشىنى كۆ- تۈرۈپ بالىغا شۇنداق دېدى:

— ساقام، ئاپاڭنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت. ئەسەت ئا- كاڭ ئەمدى قەتئىي غەيرەتكە كەلدى. ئۆزىنىڭ هالال ئەمگىكى بىلەن پۇل تېپىپ باي بولۇشقا بەل باغلىدى. ئۆز پۇلىدا بالىلىرى- غا كىيىم - كېچەك ئېلىپ بېرىدۇ. بالىلىرىم ئوقۇيدۇ... ئەسەت ئاكام شۇنداق دېدى، دېگىن. بۇ كىيىملەرنى ئېلىپ كەتكىن، ئۆزۈڭنىڭ ئۇكىلىرىڭ كىيسۇن!

تۆت رومكا هاراق ئەسەتنى ئوبدانلا قىزىتىپ قويدىمۇ -

قانداق؟ ئۇ يېرىم يالىڭاچ بولۇپ قالغان بالىلىرىغا قاراپ بىردىنلا كۆڭلى بوشاپ كۆزىگە لىق ياش ئالدى. ئۇ ئاۋازىنى تىترىتىپ تۇرۇپ:

— با... بالىلىرىم، مېنى كەچۈرۈڭلار! مەندەك ئەسكى داداڭلارنى كەچۈرۈڭلار! نادانلىق قىلىپتىمەن، ئاتىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالماپتىمەن. ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويدۇم، مېنى كە... كەچۈرۈڭلار ... — دېدى.

ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەندە، بالىلىرى: «دادامغا نېمە بولغاندۇ؟» دېگەن مەندە قارىشىپ قېلىشتى.

گۈلسۈمقان ئېرىنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ يوغان تاۋاقتا نارىن ئەكەلدى. نارىن ئۈستىدە پىشۇرۇلغان قوينىڭ بېشى ئەسەتكە قارىتىلغانىدى. ئەسەت تاماققىمۇ قارىماي قولىدىكى دومبىرىنى يېنىك چېكىپ قاتتىق پۇشايمان ئىلكىدە ئولتۇراتتى. ئۇ تاماققا تەمشىلىپ تۇرغان بالىلىرىغا: «ئېلىڭلار، يەۋېرىڭلار» دېگەن شەرەتنى قىلىپ قويۇپ دومبىرىنى تېخىمۇ ئۈنلۈك ۋە ھەسرەتلىك چېلىپ كەتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ ئولتۇرغان گۈلسۈمقانىنىڭمۇ گېلىدىن تاماق ئۆتمەي، مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئېرىنىڭ ئالدىدىكى تاماكا خالتىسىنى قولىغا ئېلىپ تاماكا يۆگەپ، تۇتاشتۇرۇپ، ئۆزى ئىككى رەت شورىدى - دە:

— مە، ماۋۇ تاماكىنى چېكىۋال. ئاندىن دومبىراڭنى قويۇپ تامىقىڭنى يەۋال. مەن سېنىڭدىن بۇگۈن بەكمۇ رازى بولدۇم. بولۇپمۇ مۇئەللىمنىڭ بالىسىغا كۆڭلۇمدىكى گەپنى دېدىڭ. ئەمدى ئۆتكەن كۈنگە ئۆكۈنمە. ھېلىمۇ كېچىكمەيمىز. سەنلا مۇشۇنداق غەيرەتكە كەلسەڭ مەنمۇ سەن بىلەن تەڭ ئىشلەيەلەيمەن، — دېدى.

ئەسەت دومبىرىنى باشقا بىر مۇڭلۇق پەدىگە يۆتكىگەچ ئاغزىنى ئايالىنىڭ قولىدىكى تاماكىغا سوزدى. تاماكىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئىككى - ئۈچ قېتىم شورىدى - دە، دومبىرىنى تېخىمۇ

زوق بىلەن چىلىپ كەتتى.

گۇلسۇمقان ئەسەتكە چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت بىلەن قاراپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى:

— ئۇ راستتىنلا غەيرەتكە، ئىلھامغا كەپتۇ. مەيلى چالسۇن، پۇخادىن چىققۇچە چالسۇن. ئۇ ئاشۇ بىھۇدە ئۆتكۇزگەن كۇنلىرىگە ئۆكۇنۇۋاتىدۇ. ئاھ، ياشلىق دەۋر! ئىسىت غەم - قايغۇ ۋە جاپا ئىچىدە ئۆتكەن ئۆمۇر! ··· چال ئەسەت، دومبىراڭنى قاتتىق چال! قولۇڭ تالمىسۇن. ئازابلانغان كۆڭلىمىز، ئارمانلىرىمىز قاناتلانسۇن! ···

**图书在版编目(CIP)数据**

姑娘心里的话/塔力·艾克拜著. —乌鲁木齐：
新疆青少年出版社，2004.10
ISBN 7—5371—5171—7

Ⅰ.姑… Ⅱ.塔… Ⅲ.短篇小说—作品集—中国
—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I247.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2004)第104196号

责任编辑：再娜甫·穆沙
责任校对：克尤木·吐尔逊
封面设计：穆拉丁·阿比提

*北极星*文学丛书
**姑娘心里的话**(维吾尔文)
(中篇和短篇小说集)
塔力·艾克拜　著

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路100号　邮编：830001)
新疆新华书店发行
新疆宏图印务有限责任公司印刷
850×1168毫米　32开本　6.75印张
2004年10月第1版　2004年10月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN7－5371－5171－7　定价:10.00元

如有印刷装订问题请直接同出版社调换

قۇتۇپ يۇلتۇزى مەجمۇئەسى



ئېپپەتلىك ئايال

قىز قەلبىدىكى سۆز

ئەنسىز ئادەم

يەكپاي ئاياغ

شەيتان قىلتىقى

دەز كەتكەن يۈرەك

نادان مۇخلىسلار

قۇتۇپ يۇلتۇزى مەجمۇئەسى

ISBN 7-5371-5171-7

9 787537 151719 >

ISBN7-5371-5171-7

(民文)　定价: 10.00 元